


AltunOq


# بىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمىز

[redacted]

# OUR DANCERS

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





# بىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمىز

1

# OUR DANCERS



# تەھرىردىن

ئۇيغۇر ئۇسسۇلى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ جەزبىدارلىقى، ھېسسىياتقا باىلىقى، شوخ ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆتتۈرمە ھالەتتىكى ئاددىي، ئومۇمىي شەكىللىرىنى پەيدىن - پەي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە بۈگۈنكىدەك گۈزەل، جىلۋىلىك ھالەتكە كەلتۈرۈشتە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ، ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ئىنتايىن زور.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ داغدام يول ئېچىلدى. ئۇسسۇلچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى - يېڭى ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئويناپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى ۋە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى...

ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ، شۇ ئەللەردىكى تاماشىبىنلارنىڭ ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى، چەت ئەل ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ

ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ رەڭدار تۈس بەردى...

بىز ۋەتىنىمىزگە، مىللىتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى بېيىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈۋاتقان ئاشۇ ئۇسسۇلچىلىرىمىزنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە «بىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمىز» دېگەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

كىتابتا ھەر بىر ئۇسسۇلچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخى، ئۇسسۇل ئىجادىيەتلىرى، ياراتقان تۆھپىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىر قەدەر ئىخچام، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇسسۇلچىلىرىمىز ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان كىتابلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن كىتابخانلىرىمىزنىڭ سەممىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


ت. يۇنۇس　داڭلىق ئۇسسۇلچى ۋە پېشقەدەم باغۋەن ..................... 1
ز. ئۆمەر　ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەت يولى توغرىسىدا..................... 12
م. شىپە　پېشقەدەم سەنئەتچى ھەمراخانىم.......... 22
م. ئەيسا　سەھنىدىكى چولپانلارنىڭ غەمگۇزارى...... 41
ئە. ئىمىن　ۋاقىتسىز سولغان سەنئەت غۇنچىسى........ 41
ئا. نىياز　ئۇسسۇل سەھنىسىدە پارلىغان چولپان..... 56
م. ئىسلام　ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى.......... 62
ئۆ. ئىمىن　قىرىق يىللىق ئۆمرىنى ئۇسسۇلغا بېغىشلىغان سەنئەتكار..................... 71
ت. يۇنۇس　سەنئەتكار باغۋەن..................... 76
م. شاۋدۇن　مەشىق زالىدىن دۇنيا سەھنىسىگىچە ...... 88
ئا. رەھىم　ئۇنىڭ يىلتىزى خەلق ئارىسىدا.......... 102
ت. ماھۇت　ماھارەت بەيگىسىدىكى ھارماس تۇلپار..................... 110
ئارمان　تالانتلىق ئۇسسۇلچى رەيھانگۇل ئابلىز.. 133
ت. پەخىردىن　ئۇسسۇل سەنئىتىگە پەرۋانە قىز.......... 143
ت. يۇنۇس　تىرىشچان ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى........ 157
ئا. ياقۇپ　سەنئەت مائارىپىدىكى تۆھپىكار.......... 167
ت. شاۋدۇن　پەرۋاز قىلىۋاتقان باھارقارلىغىچى....... 173
م. بارى　ئۇسسۇل بەيگىسىدىكى تۇلپار، كىچىككە ماھىر رېژىسسور..................... 178

س. قاسىم قايغۇلۇق ئەسلىمە........................ 186

ھ. ئوسمان سەنئەت گۈلزارىدىكى خۇش پۇراق چوغلۇق........................ 191

ت. شاۋدۇن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇسسۇلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا........................ 198

ھ. ئابدۇللا ئۇسسۇل گۈلشىنىدىكى كۆيۈمچان باغۋەن........................ 203

ئا. نىياز شەرەپ ئۇنىڭغا مەنسۇپ........................ 210

ج. مۇھەممەت جاھان سەھنىلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئىزى بار........................ 216

ئا. تۇردى ئىخلاسمەن ئۇسسۇلچى، ئىجتىھاتلىق تەربىيىچى........................ 227

ئا. ئۆمەر تىرىشچان ئۇسسۇل ئارتىسى........................ 232

ھ. ئېلى ئۇسسۇل كۆكىدىكى يېڭى چولپان........................ 236

ئا. ئەمەت تۆھپىكار ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسى........................ 246

ئە. ھاشىم كۆپكە ماھىر ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچى........................ 251

# داڭلىق ئۇسسۇلچى ۋە پىشقەدەم باغۋەن

## تۇرسۇنئاي يۇنۇس

داڭلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىمنىڭ ھاياتى ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۈچۈن توختىماي ئەجىر سىڭدۈرۈش بى-
لەن ئۆتكەن.

ئۇ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئۇسسۇل ئىجاد قى-
لىشتىكى ماھارىتى ۋە تۆھپىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك
ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان تالانتلىق سەنئەتكار.

يېرىم ئەسىرلىك سەنئەت ھاياتىدا مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل
بايلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلان-
دۇرۇش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن قەمبەرخانىمنىڭ ھايات پائا-
لىيىتى ئۇنىڭ مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەم-
ئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى بولۇشقا مۇناسىپ زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەمبەرخانىم 1922 - يىلى قەشقەرنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە
تۇغۇلدى. كېيىن ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ
باردى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىككىنە قىز ئىدى. چىچەن، شوخ
قىز قەمبەرخان كىچىكىدىنلا جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ئىستىلىنى
يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ سەنئەت مەك-
تىپىگە قوبۇل قىلىندى ۋە بۇ بىلىم يۇرتىدا ئۆزبېكىستاننىڭ ئا-
تاقلىق ئۇسسۇل ئەربابى تاماراخانىم، مۇكەررەم خانىملاردىن بى-

ۋاستە ئۇسسۇل ئۆگىنىپ، تېز ئارىدىلا كۆزگە كۆرۈندى. ئۇ يەنە ئۆزبېكىستاندىكى تاماراخانىم ناملىق ئۇسسۇل مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ موسكۋا سەنئەت شۆيۈەنىگە بىلىم ئاشۇرغىلى باردى.

1940 - يىل 1 - ماي كەچتە موسكۋا كالونى زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كونسېرت كېچىلىكىگە قەمبەرخانىممۇ قاتناشتۇرۇلدى. ئويۇن كۆرۈشكە ستالىن، مولوتوۋ، ۋوروشلوۋ قاتارلىق سوۋېت رەھبەرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالېت ئارتىسى ئۇلانوۋا قاتارلىق سەنئەتچىلەرمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى.

ئېلانچى «نۆۋەتتە ئۆزبېك قىزى قەمبەرخان ئۆزبېكچە ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ياش قەمبەرخان قىلچە ھودۇقماستىن سەھنىگە چىقىپ، ئېلانچىغا: «مەن قەشقەرلىق ئۇيغۇر قىزىمەن، ئورۇنلايدىغان نومۇرۇم ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «نىم پەدە» دەيدۇ. ئېلانچى نومۇرنى قايتىدىن تۈزىتىپ ئېلان قىلىدۇ. زالدا بىر مەھەل پىچىرلىشىش، گۇدۇڭشىشلار ھۆكۈم سۈرىدۇ. قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلى باشلىنىش بىلەنلا زالمۇ سۇ سەپكەندەك جىمجىتلىققا چۆكىدۇ.

قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلى ئۆزىگە خاس ھەرىكەت گۈزەللىكىگە، ھېسسىيات گۈزەللىكىگە، تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ، جىلۋىلىك كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلاتتى. قەمبەرخان ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېرىم تىزلىنىپ تەزىم قىلىدۇ. زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ. تاماشىبىنلار قەمبەرخانىمغا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا تەنتەنە قىلىدۇ. قەمبەرخانىمنىڭ سەھنە ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ.

قەمبەرخانىم 1942 - يىل 4 - ئايدا سىڭلىسى گۈلبەھرەم بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر مەزگىل چۆچەكتە تۇرۇپ ئويۇن قويۇش ۋە ئۇسسۇلچىلارنى تەر-


AltunOq

بىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۇ سىڭ-
لىسى گۈلبەھرەم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر،
قازاق، خەنزۇ، ئۆزبېك، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق ئون ئۈچ مىل-
لەتنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

قەمبەرخانىمنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ سەنئەت سېپىگە قېتىلىشى
شۇ يىللاردىكى شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بې-
يىتىش، سەھنە سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئاجايىپ زور رول ئوي-
نايدۇ. ئۇ 1942 - يىلى يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل «قەش-
قەر سەنىمى» نى سەھنىلەشتۈرىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق
شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ
ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ماۋدۇن، جوڭ-
گونىڭ ئاتاقلىق ئارتىسى جاۋدەن بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئۇ-
يۇشمىنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ھەمدە سىڭلىسى گۈل-
بەھرەم بىلەن بىرلىكتە ئويۇن كېچىلىكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆپ
قېتىملىق ئويۇننىڭ كىرىمىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئال-
دىنقى سەپكە ئىئانە قىلىدۇ. ئۇ يەنە شۇ يىللاردا «باھار ئۇسسۇ-
لى» نى ئىجاد قىلىپ ئورۇندايدۇ.

قەمبەرخانىم ياپونغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ
ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەم ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن
«جوڭگو ئەسكىرى» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئەرەنچە ئۇسسۇلنى
ئىجاد قىلىپ ئۆزى ئورۇندايدۇ. پۇتىغا خەي كىيىپ گۈجەي باغ-
لىغان، بەستىگە يارىشىملىق ھەربىيچە كىيىم كىيگەن ھالدا سەھ-
نىدە پەيدا بولغاندا ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ پەرەز
قىلالمايدۇ. ئۇ سەھنىدە ھېلى پىيادە ئەسكەر بولۇپ دۈشمەنگە
ئوق ئۈزسە، ھېلى لېيوتچىك بولۇپ كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىپ،
بىردەم شۇڭغۇپ، دۈشمەنلەرنى بومباردىمان قىلاتتى. ھېلى يارى-
لىنىپ ھوشسىزلانسا، مىنۇت ئۆتمەستىن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا

جەڭگە ئاتلىنىپ گرانت تاشلايتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ بۇ ئۇسسۇلى جەڭ مەنزىرىسىنى، جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمان جەڭچىنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلارنى ئۇيغىنىشقا، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ئۈندەيتتى.

قەمبەرخانىم شۇ يىللاردا كېچىلەپ ئويۇن قويۇپ ئۇسسۇل ئىجاد قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا ھەسسە قوشتى. ئۇ ئۆز مېھنىتى، قان - تەرى بىلەن ۋەتەننى قوغداۋاتقانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنەتتى.

قەمبەرخانىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى مىجەز - خۇلقى، ئەمگەكچان، جەسۇر، ئاق كۆڭۈل، خۇش خۇي خىسلەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئۇنى ئۆز ئۇسسۇللىرىدا ئەكس ئەتتۈردى، ھەمدە ئۆزى ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئارقىمۇ ئارقا نۇرغۇن ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى.

ئۇ ئىجاد قىلغان يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل «قەشقەر سەنىمى» (ناغرا ئۇسسۇلى) دا ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس، سىلىق، كۆركەم ھەرىكەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە رەتلەش ئاساسىدا، لەرزان ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نومۇسچانلىقى، چىن يۈرەك شادلىقى، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. بۇ ئۇسسۇل شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق سۆيۈپ كۆرىدىغان ئۇسسۇللاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئىلى سەنىمى»، «سىم خاراج»، «دىل خاراج»، «مۇناجات»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار تۇرمۇش چىنىلىقى ئىنتايىن قويۇق ئۇسسۇللار بولۇپ، ئامما تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. «تەخسە ئۇسسۇلى»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ» دېگەن مۇزىكىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ ئۇسسۇل بېشىغا پىيالە قويۇپ، ئىككى قولىغا تەخسە تۇتۇپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا بىرلەشتۈرۈپ تەخسىنى چېكىش بىلەن ئىجرا قىلىناتتى. قەمبەر-

خانىمنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىكى ھەرىكىتى ناھايىتى سىلىق، نە-
پىس بولۇپ خۇددى دەريادا ئۈزۈۋاتقان قېيىقنى ئەسلەتسە، كۆز،
قاش، بويۇن ئېتىش قىياپەتلىرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
بۇ ئۇسسۇل شۇندىن بۇيان كەڭ تارقىلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ
ئەرلەرمۇ ئويناىدىغان، بېشىغا چىنە - چەينەك تىزىلغان پەتنۇس-
نى، ئىككى بىلىكىگە تۆت پىيالىنى قويۇپ ئويناىدىغان ھالغا
كەلدى.

1947 - يىلى قەمبەرخانىم شىنجاڭ ياشلار سەنئەت ئۆمىكى
تەركىبىدە شىنجاڭنىڭ گۈزەل، رەڭدار مىللىي ئۇسسۇلىنى ئىچكى
ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ئويۇن قويۇش جەريانىدا مىلەنفاڭ ئە-
پەندى، ئاتاقلىق كىنو ئارتىسى خۇدىيە خانىم، دەي ئەيلەن خانىم-
لار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. لەنجۇ، خاڭجۇ، نەنجىن،
شاڭخەي ۋە تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەردە ئۇسسۇل ئوي-
ناپ سەھنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئە-
تىنى نامايان قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-
گە تونۇتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر قەمبەرخانىمغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.
گېزىت - ژۇرناللارمۇ قەمبەرخانىمنى «ئۇسسۇل پادىشاھى»، «تىيان-
شان گۈلى»، «ئىككىنچى مى لەنفاڭ» دەپ مەدھىيىلەشتى.

1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەمبەرخانىم يەنە
شىنجاڭ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تۆھپە قوشقان ئوتتۇز
نەچچە نەپەر ۋەتەنپەرۋەر ئارتىسنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش
يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى ئەخمەتجان ئەپەندىم تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن
مۇكاپاتلاندى. قەمبەرخانىم تالانتلىق ئۇسسۇلچى بولۇپلا قالماس-
تىن رول ئېلىشتىكى ماھارىتى بىلەنمۇ ئاممىنىڭ ماختىشى
ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر دراما ئارتىسى.
ئۇ 1939 - يىلىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئانارخان» ۋە باشقا درا-
مىلاردا ئاساسلىق رول ئالغانىدى. كېيىن يەنە «غېرىب - سە-

نەم» «پەرھاد - شىرىن»، ئوپېرالىرى ھەم «قانلىق داغ» دراممىلىرىدا مۇھىم روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغاندىن تاشقىرى «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىدىكى كېنىزەك ئۇسسۇلى ۋە باش كېنىزەك ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئىشلىدى. باش كېنىزەك ئۇسسۇلى «ئوششاق» مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن كېيىن سەھنىلەردە يالغۇز ئۇسسۇل بولۇپ ئوينالدى.

1949 - يىلى ئازادلىق تېڭى ئاتتى، قۇياش نۇرى ۋەتەن زېمىنىنى يورۇتتى، قەمبەرخانىمۇ پۈتمەس - تۈگىمەس شادلىق ۋە ھاياجان بىلەن يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلىدى. ئۇ ئارتىسلارنى تەشكىللەپ ئويۇن قويۇپ ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتتۈۋالدى. ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقاتچىلىرىغا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئۆگەتتى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭگە بېرىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئوتتۇزىنچى سىنتەبىر ئاخشىمى خۇەيرىنتاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ شادلىقىنى، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئىجاد قىلغان «كەلدى بۈگۈن ئازاد زامان» دېگەن ئۇسسۇلنى ئورۇندىدى.

ئويۇن ئاياغلاشقاندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ، سۆيۈملۈك زۇڭلى جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، چېن يى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. ماۋجۇشى قەمبەرخانىمنىڭ قولىنى سەممىي قىسىپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلىغان، سىزنى تونۇيمەن» دېدى. بۇ تەسىرلىك مەنزىرە ھەمدە قەمبەرخانىمنىڭ بىرقانچە ئۇسسۇللىرى كىنوغا ئېلىندى.

دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىگە شۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى پېشقەدەم سەنئەتكار قەمبەرخانىمغا غايەت زور ئىلھام بەخشلىدى.

قەمبەرخانىم 1956 - يىلى جۇڭگو ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە چىققاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇسسۇل ئۇستازى تامارا خانىمنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. مۇكەررەم خانىمۇ كاماندۇروپكىغا كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۆمەك شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت، سۆھبەت ۋە ئويۇن قويۇش جەريانلىرىدا ئىككى دۆلەتنىڭ سەنئەتكارلىرى ھېسسىيات ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشتى. قەمبەرخانىمۇ ئۇسسۇل ئويناپ قوشنا ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى.

1961 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن پېشقەدەملەرنىڭ سەنئەت كېچىلىكىدە قەمبەرخانىم خۇددى چولپاندەك چاقناپ كۆركەم، نەپىس ئۇسسۇللارنى ئىجرا قىلىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبىنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالدى. ئۇ شۇ قېتىمدا ئۆزى ئىجاد قىلىپ سەھنىلەشتۈرگەن ئۇسسۇللاردىن «ئۇششاق»، «نىم پەدە»، «سىم خاراج»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى ھەم پېشقەدەم سەنئەتكار ئابدۇگۇل بىلەن «نازىركوم»، «داۋانچىلىك»، «يارىمگۇللا» قاتارلىق لەپەرلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇسسۇللار تا ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوينىلىپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئازادلىقتىن كېيىن قەمبەرخانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇلچىلىقىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئۇ 1950 - يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى - دەرسلىكلەر يوق شارائىتتا قايتا - قايتا ئىزدىنىش ئارقىلىق بىر يۈرۈش ئۇسسۇل دەرسلىكى ئىشلەشكە

كىرىشتى. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى سالام ھەرىكەتلىرى، چاۋاك ھەرىكەتلىرى، قول ھەرىكەتلىرى، قەدەم ھەرىكەتلىرى، چۆرگىلەش ھەرىكەتلىرى، ئېگىلىش ھەرىكەتلىرى، ئولتۇرۇش ھەرىكەتلىرى قاتارلىق يەتتە تۈرگە ئايرىپ، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم خاس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ دەرسلىك تۈزدى. شۇ دەسلەپكى دەرسلىك ئاساسىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇسسۇل دەرسى ئۆتتى. ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي ھەرىكەتلەرنى ئاندىن، ئاساسىي مەشىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۇسسۇل دەرسى ئۆتكەندە ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆز تەلىپى بويىچە نەپىس-سىلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

قەمبەرخانىم ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئۇسسۇل ئۆگەتكەندە قەدەمنى مەردانە، چوڭ، كۆركەم ئېلىشنى، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتتەك ئۇسسۇل ئويناشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا تاللاپ كۆرسەتكەن ھەر بىر ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى يارقىن، رەڭمۇ رەڭ، ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى خۇددى گۈزەللىك توغرىسىدىكى سىمفونىيەدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى ھەم ئۇلاردا ئۇسسۇل سەنئىتىگە زور ئىشتىياق پەيدا قىلاتتى.

قەمبەرخانىم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، تەجرىبە بويىچە ئىشلەش نەتىجىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر يۈرۈش ئۇسسۇل دەرسلىكى ئىشلەپ چىقتى، بۇ دەرسلىك ئۇسسۇل نەزەرىيىسى، سەھنە تۈزۈلۈشى ۋە ئۇسسۇل خاتىرىلەش، ئۇسسۇل ماھارىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە سەنئەت مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي دەرسلىك قوللانمىسى بولۇپ كەلمەكتە.

قەمبەرخانىم بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈش بىلەن مەكتەپ خىزمەتلىرىنى باشقۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى

ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، زامان تەلىپىگە، سىياسىي يۆنىلىشكە ماس كېلىدىغان «تىنچلىق ئۇسسۇلى»، «ئازاد قىز»، «جۇڭگو - چاۋشيەن خەلقى قۇدرەتلىك»، كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئالدىنقى سەپكە ئۇزىتىش»، كوللېكتىپ ئۇسسۇل «مول - هوسۇل ئۇسسۇلى»، قاتارلىق بىرقاتار ئۇسسۇللارنى ئىشلەپ ۋە ئىجاد قىلىپ، شۇ چاغدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ ئۇسسۇللار ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئويىنىلىپ كەڭ تارقالدى.

قەمبەرخانىم 1955 - يىلدىن كېيىن سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرى ھەم شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تاكى 1965 - يىلغىچە دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىدى. ئۇ 1950 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە سەنئەت مائارىپىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئۇسسۇل دەرسىگە كىرىپ، يەتتە قارارلىق ئۇسسۇلچى يېتىشتۈرۈشكە باشچىلىق قىلدى. ئىبراھىمجان، زەينەپ سابىت، مەريەم ناسىر، رەنا، ئىنايەت، خەلچەم سىدىق، رەيھان ئابلىز، ئابلىمىت توختى قاتارلىق داڭلىق ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان.

قەمبەرخانىم شىنجاڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى، ۋەتەننى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيدى. ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ۋە يوليورۇقىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ پېشۋاسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. 1954 - يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ مەركەز بىلەن ئىدىيە جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇردى. ئۇ كۆپ قېتىم

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنـ
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇيسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ يىغىنلىرىغا
بارغان ۋاقىتلىرىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە
غەمخورلۇقىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەپسۇسكى، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلى باشقىـ
لارغا ئوخشاشلا قەمبەرخانىمغىمۇ زور يوقىتىش، بالايى ئاپەت
ئېلىپ كەلدى. خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، داڭلىق
ئۇيسۇل ئۇستازى قەمبەرخانىم جىن - شەيتان قىلىپ قويۇلۇپ،
ئېغىر كۆڭۈل ئازابى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تىل - ھاقاـ
رەتلەرگە ئۇچرىدى. كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان شۇڭقارنىڭ
قانىتى سۇنغاندەك ئۇنىڭ روھى سۇندى. دىلى ئازار يېدى.
ئەزىز جېنىدەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ماتېرىـ
ياللىرى، ئۇيسۇل دەرسلىكلىرى بۇلاندى. تېگىشلىك تەتقىقات
شارائىتى ۋە باشقا زۆرۈر ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قىلىنىپ،
«ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن قاتتىق رىجىم ئاستىغا ئېـ
لىندى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ئوينىلىپ
كېلىۋاتقان ئۇيسۇللارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا ئېچىنىپ
ياش تۆكسە، يا ئۇيسۇلغا، يا تەنتەربىيىگە ئوخشىمايدىغان قوـ
پال ھەرىكەتلەرنىڭ سەھنىلەرنى قاپلاپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ
ئىچى پۇشتى.

تۆت كىشىلىك گۇرۇھ يوقىتىلىپ سەنئەتنىڭ ئالتۇن باھارى
يېتىپ كەلدى. قەمبەرخانىم ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئۇيسۇل سەنئىتى خىزمىتىگە، سەنئەت مائارىپىغا
يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيسۇل ئىجادىيىتى، ئوقۇتقۇچىلارنى
يېتەكلەش، يېڭى ئەۋلاد تەربىيىلەش خىزمىتىدە تەشكىلاتچىلىق،
تەرغىباتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كىرىشتى.

1982 - يىلى بېيجىڭدە ئېچىلغان ئاسىيا مەملىكەتلىرى مىلـ
لىي ئۇيسۇللىرىنى قوغداش، ئاسراش، گۈللەندۈرۈش يىغىنىغا

جۇڭگو ۋەكىللىرى قاتارىدا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى-
نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئەرباپلىرى بىلەن
پىكىر ئالماشتۇردى ھەم نەق مەيداندا ئۇسسۇل ئويناپ ئۇيغۇر
ئۇسسۇلىنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان ھەرىكەتلى-
رىنى كۆرسەتتى. يىغىن ئەھلى ھاياجان بىلەن «قەمبەرخانىم
ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ
ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭمۇ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن» دەپ
يۇقىرى باھا بەردى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە تۈركىيە، ياپونىيە،
سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن سەنئەت مۇتەخەس-
سىسلىرى، سەنئەتكارلار قەمبەرخانىمنى زىيارەت قىلىپ، مەدەنىيەت-
سەنئەت ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى ھەم ئۆز جايلىرىدا قەمبەر-
خانىمنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت
قىلىشتى.

قەمبەرخانىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىغا ئاساس سالغۇ-
چىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
ۋە ئۇسسۇلچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ كېڭەيتىش يولىدا سىڭدۈر-
گەن يېرىم ئەسىرلىك ئەجرىنى خەلقىمىز، دۆلىتىمىز ھۆرمەت بىلەن
تىلغا ئالىدۇ. ھازىر قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇل ئۇسلۇبى ئۇيغۇر
ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئاساسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنماقتا.

ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇسسۇل نەزەرىيىسى، ئۇسسۇل
تەتقىقاتى ۋە كلاسسىك ئۇسسۇل نەمۇنىلىرىنى رەتلەشتەك غايەت
زور خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسى قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلچىلىقىمىزغا
قوشقان يۈكسەك تۆھپىسى بىلەن بېيىغۇسى.

# ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەت يولى توغرىسىدا

## زۆھرەت ئۆمەر

«تەخسە ئۇسسۇلى» — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەرلەر ئۇسسۇلى بولۇپ، مەشرەپ ۋە ئولتۇرۇشلاردا ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ قوللىرىدىكى ياپىلاق تاش، بارماقلارنىڭ ئېگىلىپ تۈزلىنىشى، قول بېغىشلىرىنىڭ تىترىشى بىلەن يېقىملىق، ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىكى تەخسە داپ تەككەش قىلىنىدىغان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە خۇددى قۇشتەك لەرزان جەۋلان قىلىدۇ. ئەنە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل فىگۇرىغا قاراڭ: قەددەملەر شۇنچە سىلىق ۋە ئۆزگىرىشچان. تەخسە ئۇسسۇل ھالىتىگە ئەگىشىپ بىردەم ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدا پىرقىرىسا، بىردەم ئۇسسۇلچىنىڭ دۈمبىسىگە، ئاندىن بېلىگە سىيرىلىپ چۈشىدۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يەنە ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ... بۇنىڭدا ھەم سېرىككە تەئەللۇق تۈس ھەم ئۇسسۇلغا خاس جەلپ قىلىش كۈچى بولۇپ، كۆرگەن كىشى ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

ئاتاقلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى يولداش ھاجى راخمان ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلچىلىق ھاياتىنى باشلىغان ۋاقىتتا ئەنە شۇ «تەخسە ئۇسسۇلى» نى ئويناپ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانىدى.

يولداش ھاجى راخمان كىچىكىدىن باشلاپ خەلق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغان. بولۇپمۇ خەلقنىڭ ھەرخىل مەشرەپ،



ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئولتۇرۇشلىرى ئۇنى ئۆزىگە چوڭقۇر مەپتۇن قىلغان. ئۇ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن چاغدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا سەنئەت بوستانىنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى. ئۇ دەسلەپ قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدە ئاددىي بىر ئۇسسۇلچى ئىدى. ئۇ پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «تەخسە ئۇسسۇلى» نىڭ ئۇسلۇب ۋە ماھارىتىنى ئىگىلەپ، يوقىلىشقا يۈز تۇتقان «تەخسە ئۇسسۇلى» نى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئۇسسۇل سەنئىتى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ھاجى راخمان ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ باي، كۆركەم، خىلمۇ خىل بولغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى سوتسىيالىزم گۈلزارىدىكى چىرايلىق گۈل - غۇنچە قىلىپ ئېچىلدۇرۇش ھاجى راخماننىڭ ئالدىدىكى يېڭى ۋەزىپە ئىدى. بۇ يولدا ئۇ نۇرغۇن ئويلاندى، ئىزدەندى، تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىشتىياق تەپەككۇر گويا كۆۋەجەپ تۇرغان ئېقىن سۇدەك دولقۇنلىناتتى. شىنجاڭدىكى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1952-يىلى ھاجى راخمان سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكەلدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ جاپالىق يولىغا قەدەم قويدى.

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەنبەسى خەلق ئاممىسىنىڭ باي ۋە رەڭمۇ رەڭ تۇرمۇشىدۇر. ئەقىل - پاراسەتلىك ئەمگەكچى خەلق ياراتقان خەلق سەنئىتى — سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ئىدى. ھاجى راخمان دەل ئەنە شۇ يول بىلەن ماڭدى. ئۇ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈنىنى بىلەتتى،

خۇشاللىق بىلەن قايغۇسىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا تۇرمۇش ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئۇ دەرەخزار ھويلىلاردا بېشىدىن ئىسسىق سوغۇق ئۆتكەن قىرىلار بىلەن سىرداشقان؛ ھېيت-ئايەملەردە داپ-دۇمباق سادالىرى پەلەككە يەتكەن ھېيتگاھ مەسچىتى ئالدىدا شادلىققا چۆمگەن كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ساماغا چۈشكەن؛ بۇغداي دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئالتۇن پەسىللەردە دېھقانلار بىلەن ئورمىغا قاتناشقان؛ پىشقان قوغۇنلارنىڭ شېرىن ھىدى گۇپۇلداپ تۇرىدىغان قوغۇنلۇقلاردا قوغۇنچىلار بىلەن بىرلىكتە جاپالىق مېھنەت مېۋىسىنىڭ تەمىنى تېتىغان؛ ياپيېشىل ئۈزۈم باراڭلىرى ئۈستىدە قىز-چوكانلارنىڭ مول-ھوسۇل شادلىقىغا ھەمنەپەس بولغان... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئىلھام بەخش ئەتكەنىدى. «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇش تەسىراتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاجى راخمان شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور شۆھرەت قازىنىشتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋە ئەپچىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئىشچان ۋە ساددا بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ قوغۇنچى قىزنىڭ سورتلۇق قوغۇنلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمگەك تۇرمۇشى ئارقىلىق، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى شادلىقىنى ئىپادىلەپ، يېڭى ھاياتقا مەدھىيە ئوقۇغان. بۇ نومۇر يېڭى تېما، ئۆزگىچە خاس شەكىل، قويۇق مىللىي ئۇسلۇب ۋە نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ ئۇسسۇل 6-قېتىملىق دۇنيا ياشلىرى فېستىۋالىدا كۈمۈش مېدالغا ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا شۇ مەزگىلدىكى يەنە بىر تاللانغان ئەسىرى — يالغۇز كىشىلىك «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»

7 - قېتىملىق دۇنيا ياشلىرى فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، مەملىكىتىمىزگە يەنە بىر قېتىم شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

1957 - يىلى ھاجى راخمان مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە بېرىپ بىر يىل ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن تونۇشتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئېسىل ئويۇنلىرىنى، كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سەنئەت بىلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بولۇپمۇ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى يولداش ۋۇ شياۋجاڭ ۋە دەي ئەي لىيەنلەردىن ئالغان تەلىملىرى ۋە تەسىرلىك سۆھبەتلەر ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇ ئارقىلىق ھاجى راخماننىڭ ئىجادىيەت يولى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىجادىيەت ئىدىيىسى تېخىمۇ يېتىلىپ، ئىجادىيەت ئىلھامى خۇددى تاشقىن بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئىجاد قىلغان شېئىرىي تۇيغۇغا باي «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»، چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان «ماۋجۇشىغا دوپپا تەقدىم قىلىش»، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان «جانان چىنىدە بېيجىڭ چېيى»، لەرزان، لىرىكىلىق «چۆلدە ئېچىلغان كۈمۈش گۈللەر» قاتارلىق ئۇسسۇل ئەسەرلىرى، خۇددى رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈل - غۇنچىلاردەك ئۇسسۇل سەھنىسىگە ھۆسن قوشتى. يارقىن تېما، كۈچلۈك دەۋر روھى، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك، ئۆزگىچە بەدىئىي شەكىل — ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇب. سوتسىيالىستىك مەزمۇن بىلەن مىللىي شەكىلنى مۇمكىن قەدەر ياخشىراق بىرلەشتۈرۈش — ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىل نىشانى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە زوراۋانلىق قىلىپ، مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنى يۈرگۈزۈۋاتقان تۇمانلىق كۈنلەردە ھاجى راخماننىڭ سەنئەت ھاياتى دەپسەندە قىلىندى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر خىل بەتناملار بىلەن ھاقارەتلەندى، ئۇ «ئەكسىيەتچىل ئىجادىيەت نوپۇزلۇقى» دېگەن تۆھمەت بىلەن زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن ھاجى راخمان بۇنىڭلىق بىلەن ئۇجۇقۇپ كەتمىدى. ئۇ پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئىجاد قىلىشنى يەنىلا داۋاملاشتۇردى ھەمدە قەيسەرلىك بىلەن تۈرلۈك توسالغۇلارنى يېڭىپ، «پاختىكار قىز»، «شامال ئېغىزىدىن ئاشلىق ئېلىش»، «تارىم دولقۇنلىرى» قاتارلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ بىر مەزگىل ھاجى راخمان ئۈچۈن ھەم سەنئەت ھاياتىدىكى ئېغىر كۈنلەر بولدى ھەم ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى «قۇرۇقچىلىق پەسىل» بولدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ھاجى راخماننىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بېسىم ئاستىدا قالغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى يانار تاغدەك پارتلاپ چىقتى. ئۇ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن «تىيانشانغا باھار كەلدى»، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «تەنتەنە»، «بالا تەربىيىچىسى»، «مېنىڭ راۋابىم»، «پىلە باققۇچى قىز»، «دولان سەنىمى» قاتارلىق كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بىر تۈركۈم ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇنغا باي، تېمىسى كەڭ، شەكلى ھەرخىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تار مار قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي غەلىبە قىزغىن مەدھىيىلەنگەن، خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادە قىلىنغان، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار كۈيلەنگەن.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار مار قىلىنغاندىن كېيىن، ئېلى-

مىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى مىسلىسىز گۈللەپ - ياشناش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتكە ۋە پارلاق مەنزىلگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، مەيلى ئىدىيىۋى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بەدىئىي جەھەتتىن بولسۇن، يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. تېما ۋە شەكىل جەھەتتىمۇ زور بۆسۈشلەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە «بالا تەربىيىچىسى»، «مېنىڭ راۋابىم»، «دولان سەنىمى» قاتارلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش يۈزىسىدىن قويۇلغان ئويۇنلاردا ۋە «ئۈچ خىل ئۇسسۇل» بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«بالا تەربىيىچىسى» ھاجى راخماننىڭ يېقىنقى يىللاردا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر. ئۇ بۇ ئەسەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرمۇش ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە، خەلق ئارىسىدا ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئەللەي ناخشىسى» دىن ئىلھام ئېلىپ ئىجاد قىلغان. بۇ ناخشىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە يورۇقلۇققا، بەختىيار ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ناخشا ئۆزىنىڭ يېقىملىقلىقى، مۇڭلۇقلۇقى ۋە تەسىرچانلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھاجى راخمان بۇ ناخشىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتى، تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، يىغىنچاقلىشى ۋە كەڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەۋاتقان بىر بالا تەربىيىچىسىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى كۆڭۈل قويۇپ ياراتتى. ئاپتور راۋان ئۇسسۇل تىلى بىلەن بالا تەربىيىچىسىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، بالىلار باغچىسىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ

ئوماق، شوخ خۇلقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ھەمدە بالا تەربىيەسىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق، ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭ بولغاندا ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەسىرلىك مەنزىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور بۇ قوشاققا يېڭىچە بەدىئىي ھايات بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭدا يېڭى ھاياتنىڭ پارلاق نۇرىنى چاقناتقان. بۇ ئۇسسۇل ھەم سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ھەم ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان مىللىي بەدىئىي شەكىلگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتور خەلق ئاممىسىغا بۇرۇندىن تارتىپلا تونۇش بولغان بۇ قوشاقنى خام ماتېرىيال سۈپىتىدە ئۇستىلىق بىلەن تاللىۋېلىپ، بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئاپتور يەنە سېلىشتۇرۇش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئورتاق تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئاساسىي تېمىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل چىۋەرلىكى ئۇنىڭ «مېنىڭ راۋابىم» دېگەن ئۇسسۇل ئەسىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، پارلاق مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتتى. شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئېسىل گۆھەر.

ھاجى راخمان مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەنئەت غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇردى.

1981 - يىلى ھاجى راخمان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇش-

تۇرغان ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى، رېژىسسورلىرى كۇرسىغا قاتـ
نىشىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ لېكسىيە
سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۇسسۇل ئىجادىيىتى
تەجرىبىلىرىنى ئۇسسۇلچى خادىملارغا ئۆگىتىپ، ئۇسسۇل سەنئىتـ
نىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە كلاسـ
سىك ئۇيغۇر مۇزىكىسى «12 مۇقام» دىكى «تەزە مەرغۇلى» ئاساسـ
دا، «تەزە مەرغۇلى» دېگەن ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىپ، ئاجايىپ
دادىللىق بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنى هازىرقى زامان ئۇسسۇـ
لى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنى بۆسۈش خاراكتېرـ
لىك يۈكسىلىشكە ئىگە قىلدى. بۇ ئۇسسۇل هازىرغا قەدەر مەملىـ
كەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەھنىلەردە 600 مەيداندىن ئوشۇق
ئوينالدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە هەربىر مۇنەۋۋەر ئۇسسۇلچىنىڭ ئالاـ
هىدىلىكى ۋە خاسلىقىغا ئاساسەن، شۇ ئارتىسنىڭ ئۇسلۇبى، ئالاـ
هىدىلىكى ۋە ماهارىتىنى ئوبدان جارى قىلدۇرالايدىغان نومۇرلارـ
نى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن: شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ
يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلچىسى رەيهان ئابلىز ئۇسسۇلنى بەكمۇ
نەپىس ئوينايدىغان، ماهارىتى يېتىلگەن، بولۇپمۇ تېز پىرقىراش
ئالاهىدىلىكىگە ئىگە ياش ئارتىس. هاجى راخمان «قاش تېشى
غۇنچىسى» دېگەن ئۇسسۇلنى مەخسۇس رەيهان ئابلىز ئۈچۈن ئىـ
جاد قىلدى. بۇ گويا رىۋايەتتەك نەپىس، لىرىكىلىق ئايالچە
يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنىڭغا كىشىنى هەيران قالدۇـ
رىدىغان بىر مۇنچە تېز پىرقىراش هەرىكەتلىرى كىرگۈزۈلگەن،
رەيهاننىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماهارىتى، ئۆزگىچىلىكى بۇ ئۇسسۇلدا
تولۇق نامايان قىلىنغان. مۇنەۋۋەر ئۇسسۇلچى خەلچەم سىدىقنى
كىشىلەر «كىچىك قەمبەرخان» دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسـ
سىك ئۇسسۇلى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنى ئويناش ئارقىلىق
كەڭ تاماشىبىنلارغا تونۇلغان. هاجى راخمان خەلچەم سىدىق ئۈـ
چۈن 12 مۇقامدىكى «تەزە مەرغۇلى» مۇزىكىسى ئاساسىدا «تەزە

مەرغۇلى» دېگەن ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئۇسسۇلدا خەلچەمـ نىڭ تەمكىن، نەپىس ئويۇناش ئالاھىدىلىكى، لەرزان ئۇسسۇل ھەرىكىتى تولۇق نامايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇسسۇل ھەرىكىتى جانلىق، يېنىك، نەپىس بولغان، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەرىيەم ناسىر ئۈچۈن «بالا تەربىيچىسى» دېگەن ئۇسـ سۇلنى ئىجاد قىلدى. بۇلار ھاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيـ تىدىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ھاجى راخمان ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە كۆپ ھوسۇللۇق سەنـ ئەتكار بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمـ ىكىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتۇشى ئۈچۈنمۇ غايەت زور تۆھپە قوشقان. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاساسىي مەشق دەرسلىكى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بىر قەدەر مۇكەممەلرەك بولغان بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىرىكمىسىنى ھاجى راخمان باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ئۇسسۇلچى دولان ئۇسسۇلى، سەنەم، نازىركوم، ساما قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى ئاساسىدا رەتـ لەپ، يېڭىلاپ چىققان.

1982 - يىل 5 - ئايدا، پايتەخت سەھنىسىدە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان داپ ۋە جاراڭلىق مۇزىكا ساداسىدا ھاجى راخمان «تەخسە ئۇسسۇلى» ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولىدىكى ياپىلاق تاش بارماقلارنىڭ ئېگىلىپ تۈزلىنىشى، قول بېغىشلىرىنىڭ تىترىشى يېقىملىق، ياڭراق ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇسـ سۇلچىنىڭ بېشىدىكى تەخسە داپ تەككەش قىلىنغان مۇزىكا ساـ داسى ئىچىدە توختىماي پىرقىرايتتى. بۇ يەردە ئۇ شىنجاڭ ناخـ شا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن تۈركىيىگە زىيارەتكە چىقىش ھارپىـ سىدا، پايتەختتىكى كەسىپداشلارغا ئويۇن قويۇپ، «تەخسە ئۇسـ سۇلى» نى ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكىدىن قېلىشمايـ دىغان نەپىس، لەرزان ھەرىكىتى پايتەختتىكى كەسىپداشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان، ئۇ ئىنتايىن

خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە توختىماي جىددىي رىيېتىتسىيە قىلدى،
ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇل گۆھەرلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە
تەقدىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۇسسۇل ماھارىتى ئارقىلىق
جۇڭگو — تۈركىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بەل
باغلاپ، يولدىكى ھارغىنلىقىغا، رىيېتىتسىيە جەريانىدىكى مۇشەققەت
لەرگە قىلچە پىسەنت قىلمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشىدىكى
تەخسە ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ بىردەم بېشىدا پىر
قىرىسا، بىردەم دۈمبىسىدە پىرقىرايتتى، بىردەم بېلىگە سىيرىلىپ
چۈشەتتى، بىردەمدىلا يەنە پىرقىراپ بېشىغا چىقاتتى. ھەم سې
رىك تۈسىنى ئالغان، ھەم كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان بۇ ئۇسسۇل
توختىماي چىقىۋاتقان ئالقىش ساداسى ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى.
ئۇ ئىنتايىن بەختىيار ھېسسىياتقا چۆمگەنىدى... ئۇ، ئويناۋېتىپ
تۇساتتىن سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىقىلدى. ئۇنىڭ نەپەس ئۇس
سۇلدىن ھاياجانلانغان يۈرەكلەردە بىردىن ئەندىشە پەيدا بولدى.
مىڭلىغان كۆز ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. لېكىن ئۇ زادىلا
ئورنىدىن تۇرالمىدى، مەڭگۈ تۇرالمىدى... ئۇسسۇل سەھنىسىدە
جەۋلان قىلىۋاتقان بىر يۇلتۇز بىمەھەل، تۇيۇقسىز ۋە دەھشەتلىك
ئۆچتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ھاياتىنى «تەخسە ئۇسسۇلى»نى ئوي
ناشتىن باشلىغانىدى، يەنە شۇ «تەخسە ئۇسسۇلى» بىلەن تامام
لىدى. لېكىن، ئىشىنىمىزكى، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك
سەنئەت بايلىقى مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇسسۇلچىلى
قىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تۆھپە قوشقان بۇ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى
نىڭ نامى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرت
لىرى ئۇستازىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى
لىقىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدۇ.

# پېشقەدەم سەنئەتچى ھەمراخانىم

## مەمتىمىن شىپە

پېشقەدەم سەنئەتچى ھەمراخانىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىزلەپ بارسام ئۆيىدە ئىكەن. مېنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى ۋە ئولتۇرىدىكى ئۆستەل ئۈستى قىزىرىپ پىشقان ساڭزا، پېچىنە ـ پىرەنىك ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملار بىلەن تولغان ياسىداق مېھمانخانىغا باشلىدى. مەن يۇمشاق ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ، كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتتىم. ھەمراخانىم يان ئۆيدىن يولدىشى مامۇت ئاكىنى چاقىرىپ بىزنى تونۇشتۇردى. بىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق ... بىر چاغدا ھەمراخانىم بۇلۇڭدىكى سافادا تىكلەكلىك تۇرغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، سازلاپ چېلىشقا باشلىدى.

ھەمراخانىم ئورۇق، زىلۋا بولۇپ، چېچىغا ئاق كىرگەنىدى، سىردىق يۈزلىرى ۋە كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى پەردازسىز ئىدى. تارتىۋالغان گۈللۈك پەرتۇقى، ئاددىي كىيىنىشى بىلەنمۇ سەنئەتچىگە ئەمەس، ئاددىي ئۆي ئاياللىغا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ دۇتارنى ياش سازچىلاردەك شوخ چالاتتى. سول قول بارماقلىرى پەدىلەر ئارىسىدا سىلىق يورغىلايتتى، ئاددىي ئىككى تارىدىن كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى ئاۋازلار تاراپ تۇراتتى. مەن قىزىقىپ قاراپ ئولتۇراتتىم. ھەمراخانىم دۇتارنى ماڭا ناتونۇش ئاھاڭغا چالدى ۋە جۈر قىلىپ ناخشا ئېيتتى:

باغ ئايلىنىپ شاپتالى،
ئۈچكەن كىمنىڭ كەپتەرى.



ئەيتسام ئادا بولمايدى،
شۇل يايرىسىنىڭ گەپلەرى.

ئاڭلاۋاتقىنىم ئۆزبېكچە بېيىت ئىدى. مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— سىللى ئۆزبېكمۇ؟

— ياق، مەن ئۇيغۇر، — دېدى ھەمراخانىم دۇتار چېلىشتىن توختاپ، — ئاتا - ئانام قەشقەرلىق بولۇپ، ھاياتلىق ئىزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزې شەھىرى تەرەپكە چىقىپ قالغانىكەن. مەن 1919 - يىلى توقماقتا تۇغۇلغان.

ئۇ توقماقتا ئىككى يىل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، كىچىكىدىنلا ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىدۇ. لېكىن، ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ كۇرۇژوكقا قاتنىشىشىنى توسىدۇ. ھەمراخانىم شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ شۇنداق دېدى:

— ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە، رەھمەتلىك ئاپام بىر كۈنى كەكىنى ئېلىۋېلىپ مېنى قورقۇتتى. «يەنە ئۇسسۇل ئوينامسەن يوق؟ راستىڭنى دە، يەنە ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولساڭ، مۇشۇ كەكە بىلەن قولۇڭنى چانىۋېتىمەن ...» دېدى. مەن قورقۇپ كەتتىم ۋە «جېنىم ئاپا، ئەمدى ئۇسسۇل ئوينىمايمەن...» دەپ ۋەدە بەردىم.

— شۇنىڭدىن كېيىن كۇرۇژوكتىن چىقىپ كەتتىلىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدىم، ھەمراخان بېشىنى چايقىدى:

— ياق. بولغان ئىشنى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئېيتتىم، ئۇلار ئاپامغا تەربىيە بەردى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، كۇرۇژوكقا قاتنىشىشىمنى توسىمىدى.

ئەپسۇسكى ئۇ ئاغرىپ قېلىپ ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر

بولىدۇ. 1933 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ قالىدۇ.

30 ـ يىللاردا، غۇلجىدا ئاقارتىش ھەرىكىتى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بولۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى مەھەللىلىرىدىمۇ سەنئەت كۇرۇژوكلىرى تەشكىللەنگەنىدى. دادىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۇچۇن تىككۈچىلىك ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان ھەمراخانىم تىككۈچىلىك ئىشخانىسىنىڭ سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ يالغۇز ئۇسسۇل ئويناپلا قالماي، لەپەرگىمۇ ئۇستا ئىدى. تۈرلۈك سازلارنىمۇ ياخشى چالاتتى، ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ناخشىلارنىمۇ چىرايلىق ئېيتاتتى. ئۇ، بۇنداق كۆپكە ماھىر ئالاھىدىلىكى بىلەن، 1937 ـ يىلى غۇلجا شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقايسى سەنئەت كۇرۇژوكلىرىنىڭ كۆرىكىدە تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە ئىلى ئۆزبېك ئويۇشما قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ سانايىنەپىسىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ھەمراخانىم ئىلى ئۆزبېك ئويۇشما قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسىدە 1944 ـ يىلىغىچە ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ «مۇناجات»، «بايات» قاتارلىق خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا، ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىپ ئويناش بىلەن بىللە، «بوستان ئۇسسۇلى»، «ئالمىزارلىق ئۇسسۇلى»، «قىزىل گۈل تاللاش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىدۇ، «دەڭگە سەمەن»، «سۇ بويىدا تۇرغان قىز» غا ئوخشاش ئۆزبېكچە، «ھەي، ھەي يارىم پەشمەتىم» قاتارلىق ئۇيغۇرچە لەپەرلەرنى ئوينايدۇ. بۇ سانايىنەپىسە تەرىپىدىن شۇ يىللاردا ئوينالغان دراممىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاساسىي رولغا چىقىدۇ، «نەسەپ قۇربان» دا

زىننەت قىز، «تىكەنلىك گۈل» دە ئارزۇ گۈل بولۇپ ئويناپ، ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.

ھەمراخانىم 1944 - يىلى ئانىسى بىلەن بىللە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قەشقەرگە بارىدۇ ۋە پەيزاۋاتتا تۇرۇپ قالىدۇ. 1945 - يىلىدىن 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پەيزاۋات ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدىكى سانايىنەپىسىدە، كېيىن قەشقەر ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدىكى سانايىنەپىسىدە ئىشلەيدۇ.

— پەيزاۋات ۋە قەشقەر شەھىرىدە سانايىنەپىسىدە ئىشلىگەن چاغلىرىمدا، ئۇ يەرلەردە ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىشى ئەمەس، ھەتتا كوچىدا يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشىمۇ گۇناھ ھېسابلىناتتى، — دېدى ھەمراخانىم ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ، — موللىلار نەچچە قېتىم ئالدىمنى توسۇپ: «يۈزۈڭنى ياپ كاپىر...» دەپ سەت سۆزلەر بىلەن تىللىغانىدى...

— بۇ ئايال بىلەن، ئۇ پەيزاۋاتتا سانايىنەپىسىدە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا توي قىلغانىدىم، — دېدى مامۇت ئاكا سۆز قىستۇرۇپ، — مەن ئوقۇغان بولغاچقا، ئاڭلىق قاراپ، ئۇنىڭ سەھنىلەرگە چىقىشىنى قوللىدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمراخانىم ئاياللار يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشى تەقىپ قىلىنغان پەيزاۋات ۋە قەشقەردە سەھنىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىدا سەنەم رولىدا، «تاھىر - زوھرا» ئوپېراسىدا قالماق پادىشاھىنىڭ قىزى رولىدا، «ئارشىن مال ئالان» كومېدىيىسىدە گۈلچېھرە رولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينايدۇ. ئۆزى رول ئالغان دراما - ئوپېرالارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئىجاد قىلىدۇ ۋە «نىم پەدە» گە ئوخشاش كۆپلىگەن ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىجادىي ئويناپ، كەڭ جامائەتچىلىككە كۆپكە ماھىر، ئاتاقلىق سەنئەتچى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ.

ھەمراخانىم ئازادلىقتىن كېيىن، تېخىمۇ روھلىنىپ، داۋاملىق ئۇسسۇل ئويناپ رولغا چىقىش بىللەن بىللە، نەپىس ۋە مەزمۇنلۇق ئۇسسۇللارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلدى. خەلق ئۇسسۇلى «تەنەۋۋەر» دىن پايدىلىنىپ «ئايالالار ھۆرلۈكى ئۇسسۇلى» نى ۋە «مول - ھوسۇل ئالىمىز»، «پارتىيىمىز يولباشچى» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە يېقىندىن ماسلاشتى. ياش ئارتىسلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. 1953 - يىل 3 - ئايدا ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېلىنىپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئۇ يەردە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان جۇڭگو پىدائىي قىسىملىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتناشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن 1954 - يىل 2 - ئايغىچە، ھەمرا خانىم بۇ ئۆمەك تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ، ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، مەخسۇس ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تۈركۈم ياش ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، كادىرلار مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ياردەملەشتى.

— بولۇپمۇ «ئۆكتەبىر» ئاپتور بموفت زاۋۇتى (ھازىرقى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى)نىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۈم، — دېدى ھەمراخانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ئۆمەك 1955 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆرىكىگە قاتناشتى ۋە مەن ئىجاد قىلغان «ستانوك ئۇسسۇلى» نى ئورۇنداپ، 2 - دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ھەمراخانىم 1958 - يىلى مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن قايتىدىن قۇرۇلۇۋاتقان قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە رېژىسسور قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇ بىر مەزگىل تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. 1959 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئۆمەكنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. رېژىسسورلۇق قىلىش بىلەن بىللە، «پاختىكارلىق ئۇسسۇلى»، «ئالما ئۈزۈش ئۇسسۇلى»، «كالا سېغىش ئۇسسۇلى»، «ئوما ئورۇش ئۇسسۇلى»، «مول ھوسۇل ئۇسسۇلى» غا ئوخشاش مىللىي پۇراق قويۇق بولغان ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. داۋاملىق سەھنىدىن چۈشمەي، سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاساسىي روللاردا ئوينىدى. «قۇمۇل سەنەمى» نى رەتلەپ ئويناپ، ئۇنىڭغا يېڭى تۈس بەردى. قۇمۇلنىڭ چەت يېزا ۋە تاغلىرىغا تۆگە ۋە ئات - ئېشەك مىنىپ بېرىپ ئويۇن قويۇش بىلەن بىللە، دېھقانلار، چارۋىچىلار ئارىسىدىكى سەنئەتچىلەرنى تەشكىللەپ تەربىيىلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. كۆپلىگەن تالانتلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشتى.

جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولغان ھەمراخانىم 1981 - يىلى پېنسىيىگە چىقتى. ئۇ ھازىر ئاخىرقى ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكتە.

# سەھنىدىكى چولپانلارنىڭ غەمگۇزارى

## مەھەممەت ئەيسا

1987 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئۈرۈمچىدىكى «ئىتتىپاق» تىياتىرىغا كونسېرت كۆرگىلى كىرگەنىدىم. ئوركېستىر ئورۇندىغان يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ «بۈگۈن بىزگە بايرام» دېگەن تېمىدىكى ئۇيغۇرچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوينالدى. گويا پەرىزاتتەك ياسانغان بىر توپ قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ نەپىس، چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق سەنئەت بايرىمىغا بولغان شادلىق تەنتەنىسىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «توي» ئوينالدى. بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك ئۇسسۇلىدىكى نەپىس، ئاستا ھەرىكەت بىلەن ھازىرقى زامان ئۇسسۇلىدىكى شوخ، تېتىك ھەرىكەتلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، شەكىلدە ئالاھىدە بىر خىل يېڭىلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ يېڭى تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى كېلىنىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدىكى يېڭىچە شادخۇراملىق ھېسسىياتى تولىمۇ ياخشى ئىپادىلەنگەنىدى. مەن بۇ ئۇسسۇللارنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندۈم ۋە بۇ ئىككى ئۇسسۇلنى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى ئىبراھىمجان ئىشلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەھنىدىكى چولپانلارنىڭ بۇ غەمگۇزارىغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم ئىختىيارسىز تۈردە جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى.



ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش
ئىستىكىدە ئۆيىگە ئىزلەپ باردىم. مېنى بويى ئۆسكەلەڭ، ئاق
پىشماق، يۈزلىرىگە ئانچە - مۇنچە قورۇقلار ئىز سالغان بولسىمۇ،
لېكىن كۆزلىرىدىن ياشلارغا خاس چەبدەسلىك چىقىپ تۇرىدى-
غان ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئادەم چىقىپ قارشى
ئالدى. ئۇ ئىبراھىمجان بولۇپ مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق - چۈچۈك خاتىرىلىرىنى
ۋاراقلاپ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن تولغان ئۆتمۈشتىن تارتىپ،
بەخت - سائادەتنىڭ قوينىغا چۆمگەن ھازىرقى شاد - خۇرام
كۈنلىرىگىچە بولغان سەرگۈزەشتلىرىنى بىر باشتىن بايان قىلىش-
قا باشلىدى.

× ×

ئىبراھىمجان 1930 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە سەنئەتخۇمار
ئائىلىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزى نورىيكوۋ ئوقۇمۇشلۇق،
ئوچۇق - يورۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چالغان تەمبۇر، دۇتارلىرى
بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى ئاجايىپ مۇڭلۇق بولۇپ، ئاڭلىغۇچى-
لارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋېتەتتى. ئەگەر ئۇ مەشرەپ ياكى
توي - تۆكۈنلەرگە بېرىپ قالىدىغان بولسا، ئوتتۇرىغا چۈشۈۋې-
لىپ قوللىرىنى قاس چىقىرىپ، مۈرىلىرىنى ئېتىپ، قاش - كۆز-
لىرىنى ئوينىتىپ، بەدەنلىرىنى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەردە مى-
دىرلىتىپ ئويناپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ كۆزلىرىدىن ياش ئاق-
قۇزۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئەمىنىخانمۇ سەنئەتخۇمار كىشىلەر-
نىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ توي - تۆكۈن سورۇنلىرىدا
ئۆزىنىڭ ئوينىغان نەپىس ئۇسسۇلى ھۆرمىتىگە تۆردىن چۈشمەي-
دىغان ئابرويلۇق ئايال ئىدى. ئىبراھىمجان ئەنە شۇنداق شەن-

مەتكارلار ئائىلىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا تولىمۇ شوخ، ئەقىللىك ھېسسىياتچان قىزىقچى ئادەم بولۇپ ئۆستى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تۇرپان خەلق ئۇسسۇلى «نازىركوم» نىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، ھەر دائىم ساۋاقداشلىرىنى كۈلدۈرۈپ يۈرىدى.

1942 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانايىنەپىسە سەنئەت خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىم شىنجاڭ مىللىي ئۇسسۇلچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىر سەنئەت كۇرۇژوكى تەشكىل قىلغانىدى. دادىسى ئىبراھىمجاننىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقىغا ئاساسەن ئۇنى ئۇسسۇل ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن قەمبەرخانىمغا شاگىرتلىققا بەردى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىر ھەۋىسى ئون بولدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قەمبەرخانىم ئۆگەتكەن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ھاردىم - تالدىم دېمەي مەشق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەينى دەۋردىكى ئۈرۈمچى سانايىنەپىسەدە ئىشلەيدىغان ئابدۇگۇل، ئابلاجان ... قاتارلىق ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلاردىن ئەرلەرگە خاس بەزى ھەرىكەتلىرىنى ئۆگەندى. 1945 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىبراھىمجان تۇنجى قېتىم سەھنىدە قەمبەرخانىم ئىشلىگەن يالغۇز كىشىلىك ئەرچە ئۇسسۇل «بوستان» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئۇ ئاران ئون بەش ياشتا ئىدى. شۇ كېچىسى ئۇ خۇشاللىقىدىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى... ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى كۆرگەن قەمبەرخانىمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق رازى بولدى ۋە شۇ ھامان ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. «ئىبراھىمجان، سىز مەن تەربىيىلىگەن بىر تۈركۈم يۇمران نوتىلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈپ چىقتىڭىز، قىلغان ئەجرىمنى بالدۇرلا مېۋە بەردى. مەن سىزدىن رازى. تاماشىبىنلارمۇ رازى. سىزنىڭ يەنىمۇ تىرىشىش-

ئىزنى ئۈمىد قىلىمەن» — دېدى ئۇستازىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى يەردە قالمىدى. ئىبراھىمجان سۆيۈملۈك ئۇستازى قەمبەرخاننىڭ سەمىمىي تەربىيىسىدە كۈندىن-كۈنگە پىشىپ يېتىلىپ، ئۇ ئىشلىگەن «مۇشكۈلات»، «چەببىيات»، «ناغرا بايات»، «نىم پەدە»... قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا جامائەتچىلىككە تونۇلدى.

1949-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيى، ئىبراھىمجاننىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئاجايىپ مەزمۇنلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ تىنچلىقنى ساقلاش شتابى قارمىقىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى، 1950-يىلىدىن 1951-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ غەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

بىر مەزگىل سەھنىدە ئۇستازىنىڭ ئەجرىگە تايىنىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا ئۆتكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئىبراھىمجانغا ئەينى چاغدىكى بۇ خىزمەت ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاشۇ جاپالارغا بەرداشلىق بېرىپ، كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ كىتاب كۆرۈپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تارىخى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ باشقا مىللەت ئۇسسۇلى بىلەن بولغان پەرقى توغرىلىق ئەتراپلىق ئۆگەندى ۋە بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق ئىزدەنگەنلىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا قېتىرقىنىپ ئۆگىتىپ چىقتى. بۇ ياش نوتىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدلەنگەن تەشكىل ئۇنى يەنىمۇ ئوبدانراق نەزەرىيىۋى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، 1951-يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

ئىبراھىمجان بۇ مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئۇسسۇل كەسپىدە ئۈچ يىل ئەلا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ناخشا-ئۇسسۇل

ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. شۇندىن تارتىپ ئۇ سەھنىگە چىقمىدى.
بەلكى كىشىلەر كۆرمەيدىغان ئەڭ جاپالىق جاي — پەردىنىڭ
ئارقىسىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ مىللىي
سەنئىتىمىزنى پۈتۈن مەملىكەتكە، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياغا تونۇ-
تۇشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغۋار ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جاپاغا
چىداپ بېرىلىپ ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر تەرەپتىن يې-
تەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللاندى.

ئىبراھىمجاننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى 1955 - يىلى ئىشلى-
گەن «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى» بىلەن باشلاندى. مەكتەپنى پۈتتۈ-
رۈپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇ ياش ئىجادىيەتچىگە
نىسبەتەن بۇ ئۇسسۇلنى ئىشلەش ھەقىقەتەن ئاسانغا چۈشمىدى.
ئۇ بۇ ئۇسسۇلنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەرىكە-
تىنى ئىشلەش جەريانىدا قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئوقۇغان
كونسپېكتلىرىنى قايتا - قايتا كۆردى. كونا ئۇسسۇلچىلاردىن سو-
رىدى. گىلەم توقۇيدىغانلارنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ
قول ھەرىكىتى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىنى ئەتراپلىق
ئىگىلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى بۇ ئۇسسۇلنى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك ئىشلەپ چىقتى. بۇ ئۇسسۇل يالغۇز شىنجاڭ ۋە ئىچكى
ئۆلكىلەردە ئوينىلىپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى-
غا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى 1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
چىققان ئارتىسلىرىمىز تەرىپىدىن ئوينىلىپ، قازاقىستان، ئۆزبې-
كىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق
جايلاردىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا
ئېرىشتى.

50 - يىللارنىڭ باشلىرى ئېلىمىزدە غايەت زور ئۆز-
گىرىشلەر بارلىققا كەلدى. جەمئىيەت ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى
تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن بۇ خىل يېڭىچە ئۆزگىرىش، كەڭ

ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، ئەينى دەۋردىكى شەھەر يېزىلاردا قايناۋاتقان شاد - خۇراملىق ئەمگەك، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىجادىيەتچىلەرگە يارىتىپ بەرگەن ئەۋزەل شارائىتى... قوشۇلۇپ، ئەمدىلا ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن ياش ئىجادىيەتچى ئىبراھىمجانغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ يېڭى جەمئىيەتتىكى شاد - خۇراملىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كوللېكتىپ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «پىلەچىلىك ئۇسسۇلى»، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنىرىنى مەدھىيىلەيدىغان كوللېكتىپ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «كەشتىچىلىك ئۇسسۇلى»، تاجىك قىزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن يالغۇز كىشىلىك تاجىكچە ئۇسسۇل «قويچى قىز»، 60 - يىللاردىكى تەبىئىي ئاپەتتىن كېيىنكى مول - ھوسۇل شادلىقىغا تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ئىشلەنگەن ئەر - ئايالچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئالتۇن باشاقلار»، ئىككى كىشىلىك لەپەر «گۈللەيلى» يېڭى دەۋردىكى ئۆزبېك قىزلىرىنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان كوللېكتىپ ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «جانان»، يېڭى دەۋرنىڭ شاد - خۇراملىقىغا چۆمگەن ياشلارنىڭ ساپ مۇھەببىتى ۋە سەمىمىي سېغىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يالغۇز كىشىلىك لەپەر «بوينۇمدىكى مەرۋايىت»... قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. ئۇندىن باشقا 1963 - يىلى مەھەممەت تاتلىق يازغان «مەھەممەت ئىمىن» ناملىق مەدھىيە خاراكتېرلىك كىچىك تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېراغا رېژىسسورلۇق قىلدى. 1965 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «خەلق گۇكشىسى ياخشى» نىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەتچىلىرىدىن بىرى بولدى.

ئىبراھىمجان بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللارنىڭ مەزمۇنى، خىلمۇ خىل ۋە بىر قەدەر ساغلام، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر

يۇقىرى، ھەرىكىتى جانلىق، لېۋەن ۋە چىنلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلدى. «ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە، — دەيدۇ ئىبراھىمجان، — تۇرمۇش ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. لېكىن تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەنلا ئىش ئاخىرلاشمايدۇ. تۇرمۇش سەنئەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئىگىلىگەن تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. ئومۇمەن خەلق ئىچىدە تۇرمۇش ئۆگەنگەندە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئەينەن ئۆگىنىپ، ھەرىكەتنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك».
شۇڭلاشقا ئۇ ئىشلىگەن تاجىكچە ئۇسسۇللاردا تاجىكلارنىڭ، ئۆزبېكچە ئۇسسۇللاردا ئۆزبېكلەرنىڭ، ئۇيغۇرچە ئۇسۇللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلەر ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئۇ 1961 - يىلى ئىجاد قىلغان يالغۇز كىشىلىك تاجىكچە ئۇسسۇل «قويچى قىز» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەممىدىن زور بولدى. چۈنكى ئىبراھىمجان بۇ ئۇسسۇلنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ پۇختا بولۇشى ئۈچۈن ئۇسسۇلنى ئىشلەشتىن بۇرۇن تاجىك خەلقى كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان تاشقۇرغان رايونىدىكى تاجىك چارۋىچىلىرى ۋە بېيجىڭدە ئوقۇۋاتقان تاجىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، غايە، ئارزۇسى، مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە روھىي - پىسخىكىسى... قاتارلىقلارنى بېرىلىپ ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلىدىكى ھەرىكەت رىتىمىنىڭ تېز - ئاستىلىقى، ساپلىق دەرىجىسى ۋە نەپىس - قوپاللىقى توغرىلىقمۇ ئالاھىدە باش قاتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇسسۇلدا يېڭى شاد - خۇرام ھاياتتىن ئىلھاملىنىپ ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغان تاجىك قىزلىرىنىڭ ئوبرازى تولىمۇ جانلىق يارىتىلدى. ئۇنىدىن باشقا بۇ ئۇسسۇلدا مەزمۇن بىلەن شەكىل، مىللىي ئالاھىدىلىك

بىلەن دەۋر روھى، ۋەقەلىك بىلەن لىرىكا، ھەرىكەت بىلەن ئىچ-
كى ھېسسىيات ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇ-
نىڭدىكى ھەرىكەتلەر بەكمۇ لەرزان ھەم ھېسسىياتلىق چىقتى،
شۇڭلاشقا بۇ ئۇسسۇل سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن، يالغۇز
شىنجاڭ سەھنىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پايتەخت سەھنىلىرىدىمۇ
بىرنەچچە قېتىم ئوينىلىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېيىنچە ئايتىللا، مەريەم ناسىر قا-
تارلىق ئۇسسۇل چولپانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدا بىرنەچچە قېتىم چەت
ئەلگە چىقىرىلىپ، چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشىغا
ئېرىشتى. ھەتتا 60 - يىللارنىڭ باشلىرى «شىنجاڭ گېزى-
تى» ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ
ئۇسسۇلنى ماختاپ مەخسۇس ئوبزورلارمۇ ئېلان قىلىندى.

جۇڭگو خەلقىگە مىسلىسىز دەرىجىدە بالايى - ئاپەت ئېلىپ
كەلگەن ئون يىللىق ئىنقىلاب — «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە
ئىبراھىمجانمۇ كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئىجاد قىل-
غان بەزى ئەسەرلىرى ھەرخىل بەتناملار بىلەن ھاقارەتلەندى.
لېكىن ئىبراھىمجان بۇنىڭلىق بىلەن ئۇسسۇل ئىجاد قىلىشنى توخ-
تىتىپ قويمىدى ۋە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلاردىن ھاجى راخمان، زەي-
نەپ سىدىق قاتارلىقلار بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش
قىلىپ داۋاملىق تۈردە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈپ باردى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى قايتىدىن گۈللەپ - ياشناش دەۋ-
رىگە قەدەم قويدى. بۇ مەزگىلدە ئىبراھىمجانمۇ يېڭىباشتىن ئى-
جادىيەتكە كىرىشىپ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى قايتىدىن ئۇرغۇت-
تى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتى سان جەھەتتىن
كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى،
ھەرىكەت قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان ۋە مۇرەككەپلىكى، مەزمۇ-

نىڭ خىلمۇ خىللىقى شەكلىنىڭ زامانىۋىلىقىغا قاراپ ئېلگىرىلىشى بىلەن يەنىمۇ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلقنىڭ شاد - خۇراملىقتا چۆمگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئىجاد قىلغان ئۇيغۇرچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «بايرام مەشرىپى» تاجىك خەلقىنىڭ دەۋرىمىزگە لايىق يېڭىچە توي مۇراسىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇسسۇل «يېڭى كېلىننى قارشى ئېلىش» ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلىدىكى ئاستا رىتىم بىلەن هازىرقى زامان ئۇسسۇلىدىكى تېز رىتىمنى، مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىشلىگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «كورلا سەنىمى»، تۈركچە ئۇسسۇل «تۈرك قىزى» قاتارلىقلار كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرى ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاهات خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن تەڭ ئىبراهىمجاننىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىمۇ ئالاهىدە تەسىر قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىلهاملاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىسلاهاتتىن كېيىنكى يېڭىچە شادلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «بايرام»، ئۆزبېكچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئۆزبېك قىزى» ۋە بىر كىشىلىك ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «گۈلزارىم ۋەتەن»، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ماڭغان سۆيۈملۈك سەپدىشىنى ئۇزىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «ئۇزىتىش»، يېڭى دەۋردىكى يېڭى كېلىنلەرنىڭ ئۆزگىچە شاد - خۇراملىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «توي» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» نىڭ مۇئاۋىن رېژىسسورى بولدى. ئۇ هازىرغىچە هەرخىل تىپتىكى ئۇسسۇلدىن ئوتتۇز بەشنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن

«يېڭى كېلىننى قارشى ئېلىش» ناملىق تاجىكچە ئۇسسۇلى 1979 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۇيغۇرچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى» 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئازسانلىق مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىرمۇنچە ئۇسسۇلى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئىبراھىمجان يۇقىرىقىدەك بىرقاتار تۆھپىلىرى بىلەن ھازىر مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇلى تەتقىقات ئورنىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى.

«خەلق، تۇرمۇش، — دەيدۇ ئىبراھىمجان، — ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس تۈگىمەس بۇلىقى، شۇڭا، خەلق ئىچىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ تۇرۇشىمىز لازىم.» ئىبراھىمجان ئەمەلىيىتىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ قانداقلا بىر ئۇسسۇلنى ئىشلىمىسۇن، ئالدى بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان شۇ مىللەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ ماتېرىيال توپلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئالدى. مەسىلەن، ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «ئۆزبېك قىزى» نى ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي بىلىمى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا قانائەت قىلماي، مەخسۇس قەشقەرگە بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېك قىزلىرىنىڭ ئۆي ياساش، رەشمىيە ئىشلەش... قاتارلىق يەڭگىل ئەمگەكلىرى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆگەندى. «قويچى قىز»، «يېڭى كېلىننى قارشى ئېلىش» قاتارلىق تاجىكچە ئۇسسۇللارنى ئىشلەشتىمۇ تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا

بىرىپ ماتېرىيال توپلىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئۇسسۇللار ئىشلەنگىنىگە ئالدىغا ئوتتۇز يىل ئارقىسىغا يىگىرمە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەھنىدىن چۈشمەي ئوينىلىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. دېمەك، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولغان ھەر قانداق ئەسەرنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. ئىبراھىمجاننىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق.

ئىبراھىمجاننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئوبرازلىق ۋە يېقىملىقىدا روشەن كۆرۈلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ھەرىكەت ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش ئۇسسۇلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇسسۇلدا يالغۇز ھەرىكەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ يەنە گۈزەل نەپىس ھەرىكەتكە ماس بولغان باي تەسەۋۋۇر، قايناق ھېسسىيات ۋە يېقىملىق مۇزىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاندىن رېئال ھاياتنى مەلۇم بىر ۋەقە ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەتچىلەر ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە ئۇنى نوقۇل ھالدا «ئۇسسۇل ئۈچۈنلا ئۇسسۇل» قىلىپ ئىشلەپ قويماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى نەپىس ھەرىكەتلەرگە مەلۇم ۋەقە ھەم كۈچلۈك زىددىيەت - توقۇنۇشنى كىرگۈزۈپ ئىشلەش كېرەك. ئىبراھىمجان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىختىن بۇيان ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قايغۇ ۋە ھەسرەت، ئارزۇ ۋە ئۈمىد، شادلىق ۋە تەلەپ، غەزەپ ۋە نەپرەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ كەلگەن. ھازىر بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. بۇ جەمئىيىتىمىزدىمۇ زىددىيەت — كۈرەش مەۋجۇت. يېڭى ھېسسىيات، يېڭى قىياسلارمۇ مىنۇت - سېكۇنتلاپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇسسۇلىمىزدا روشەن ھالدىكى دەۋر روھى بولۇش كېرەك». ئومۇمەن، ئۇ ئىشلىگەن مۇتلەق كۆپ

ماندىكى ئۇسسۇللاردا ئىجتىمائىي مەزمۇن ياخشى ئىپادىلەنگەن.
بۇ خىل مەزمۇن ئۇنىڭدىكى نەپىس ھەرىكەت ۋە گۈزەل ھېسسـ
ياتلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، دەۋر روھىنى يەنە ئوبرازلىق قىلىپ
ئەكس ئەتتۈرگەن بولغاچقا، بۇلار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا
ئېرىشىپ كەلدى. ئىبراھىمجان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ مىللىي ئالا-
ھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇنى يەنىمۇ ئىلمىيلىق، يې-
ڭىلىق، ئىجادىيلىق ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ
كەلدى. «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇسسۇلىدا، — دەيدۇ ئىبراھىم-
جان بۇ ھەقتە توختىلىپ: — مىللىيلىق بىلەن سەۋرچانلىقنى،
ئىلمىيلىك بىلەن بەدىئىيلىكنى، ئىجادىيلىق بىلەن زامانىۋىلىقنى
ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش تولىمۇ
مۇھىم. ئوتتۇز نەچچە يىللىق سوتسىيالىزمنىڭ ئەگرى - توقاي
يولىنى بېسىپ ئۆتكەن خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئىدىيىۋى ئېڭى،
مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تەلەپ - ئارزۇسى ئۆتمۈشتىكى ھەر قان-
داق مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇسسۇل
ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقىغا ئەھمىيەت بې-
رىش بىلەن بىللە، يەنە يېڭى ۋە ئىجادىي بولۇشىغىمۇ ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.» ھەقىقەتەن ئۇ يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللىرىدا بۇلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىپ كەلدى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوت-
تۇز يىللىقىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن «تەڭرىتاغ شاد-
لىقى» نىڭ «توي» پەردىسىنى ئىشلىگەندە ئۇ بۇ كۆرۈنۈشنىڭ
ئىجادىي ۋە يېڭى بولۇشى ئۈچۈن باش قاتۇردى. تويى بولۇۋات-
قان قىز ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بېشىنى چۈمكەپ ئولتۇرماس-
تىن بەلكى، يۈزىنى ئېچىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ توي
قىلغان خۇشاللىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىغان-
لىقىدەك بىر يېڭىلىقنى كىرگۈزدى. بۇ خىل يېڭىلىق تاماشىبىن-
لارنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى ۋە ئىختىيارسىز ئويغا سالدى. يې-
قىندا ئىشلىگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «توي» دا
بۇ خىل يېڭىلىقنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ

دىن ھېسسىياتنى يەنىمۇ كەڭ ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، تاماشىبىنلاردا ئالاھىدە بىر خىل يېڭى تەسىرات پەيدا قىلدى. دېمەك ئۇسسۇلنىڭ يېڭىلىقى يالغۇز بىر كۆرۈنۈش ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر ھەرىكەتنىڭ يېڭى بولۇشى بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. ئۇ يەنە بەلگىلىك ھەرىكەت ئارقىلىق نۆۋەتتىكى دەۋرنىڭ تەلىپى شۇنداقلا خەلقنىڭ يۈرەك - قەلبىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرەلىشى كېرەك. ئىبراھىمجاننىڭ يېقىندىن بۇيان ئىشلىگەن ئۇسسۇللىرىدىن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «توي»، تاجىكچە ئۇسسۇل «يېڭى كېلىننى قارشى ئېلىش»، تۈركچە ئۇسسۇل «تۈرك قىزى» بۇ تەلەپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغان.

ئۇندىن باشقا ئىبراھىمجان ئىشلىگەن ئۇسسۇللىرىدا ھەرىكەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، بىر - بىرىگە باغلىنىشچانلىقى، ئۇسسۇلدىكى ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتنىڭ يەنىمۇ گۈزەل ۋە نەپىس بولۇشى بىلەن مۇرەككەپ ۋە قاتلاممۇ قاتلام راۋاجلىنىشى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىل ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى، تېز رىتىم بىلەن ئاستا رىتىمنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى... قاتارلىق تەرەپلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىشلىگەن، ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنلىغۇچىلار تالىشىپ بەس - بەستە ئورۇنلىسا، تاماشىبىنلارمۇ قىزىقىپ كۆرۈپ ئالاھىدە بەدىئىي زوق ئالالايدۇ.

ئىخ! سەھنىدىكى چولپانلارنىڭ غەمگۈزارى، خەلقىمىز مىللىي سەنئىتىنىڭ تۆھپىكارى، سەھنىدىكى چولپانلارنىڭ ئۈمىدلىك كۆزى، خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكە تەشنا قەلبى، ھەرقاچان سىزدەك ئىجادكارلارنىڭ مېھنەت — تەرىدىن پۈتكەن بىباھا سەنئەت كەۋسەرلىرىگە مۇھتاج! شۇڭا سىز، نۆۋەتتىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇزۇن سەپىرىدىكى ھارماس تۇلپار، ئىلىم - پەن چوققىسىغا قاراپ ئۇچقان جەسۇر شۇڭقار بولۇپ، شىجائەت كەمىرىنى بېلىڭىزگە يەنىمۇ چىڭ باغلاپ، ھەرقانداق مۈشكۈل خەتەرلەردىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئىجتىھات كۆكىدە يەنىمۇ پەرۋاز قىلىڭ!

# ۋاقىتسىز سولغان سەنئەت غۇنچىسى

**ئەخمەت ئىمىن**

«ئوغلۇم، سەن سەنئەتتىن زوقلىنىسەن، سەنئەتنىڭ پەيزىنى سۈرسەن، سەنئەتتىن بەھىر ئالىسەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سەنئەت ئەھلىنىمۇ ئەزىزلەشنى بىلگىن، ئۇلارنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىگىنىڭ ئۆز ھەۋىسىڭنى قەدىرلىگىنىڭ، ئۇلارنى ئەزىزلىگىنىڭ ئۆز سەنئىتىڭنى ئەزىزلىگىنىڭ بولىدۇ» دەيدىغان دادام رەھمەتى. بۈگۈن دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم.

راست! بۈگۈن ھېيت باناسىدا، مېنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم پېشقەدەم ۋە ياش سەنئەتكارلىرىمىزنى بىر يوقلاپ ئۆتمەيمەنمۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، ئالدى بىلەن ئاتاقلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى ئىبراھىمجان ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم.

ئىبراھىمجان ئاكا مېنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ھېيتلىق مەزەلەرگە بېقىپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈم ئىختىيارسىز ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىكى بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈپ قالدى. مېنىڭ بۇ رەسىمگە تىكىلىپ قالغانلىقىمنى تۇيدىمۇ، قانداق، ئىبراھىمجان ئاكا دەرھال ئۇ رەسىمنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى.

— ۋاھ، قالتىس سەنئەتلىك تارتىلغان رەسىمكەن بۇ، — دەۋەتتىم مەن رەسىمگە ھەۋەسلىنىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدا ھەقىقىي ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسىنىڭ ئوبرازى نېمىدېگەن يارقىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن — ھە، قارىڭا، ئېتەكلىرىنىڭ توزغۇپ تۇرغىنىنى. تازا

قۇيۇندەك پىرقىراپ توختىغان پەيتى ئىكەن - دە! بىر قولى بېلىنىڭ كەينىدە، خۇددى بىر نىمىنى يوشۇرۇپ تۇرغاندەك؛ يەنە بىر قولى بېشىنىڭ ئۈستىدە، گويا مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك. كۆزلىرىچۇ، قارىڭا، كۆزلىرىدىن ئۈمىد چىرىغى يېنىپ تۇرغان لەۋلىرىدىن شوخ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان. نىمىدىگەن ماھارەت — ھە! كۆز، ئېغىزىلا ئەمەس، پۈتۈن تۇرقى كۈلۈپ تۇرىدىغۇ بۇ قىزنىڭ، بۇ...

ئىبراھىمجان ئاكىنىڭ ئۈندىمەي تۇرۇشىدىن تۇيۇقسىز ئوڭايسىزلىنىپ توختاپ قالدىم. ئۆزۈمچە مەمەدانلىق قىلىپ سۆزلەپلا كېتىپتىمەنغۇ، كەسىپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىپ قويدۇممۇ يا!؟ مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئىبراھىمجان ئاكىغا قارىدىم. ۋوي، بۇ نىمە ئىش؟ ئىبراھىمجان ئاكىنىڭ كۆزلىرىدە ياش غىلىلداپ تۇراتتى.

— سىز...، — دەپ توختاپ قالدىم مەن، بۇ تۇيۇقسىز ھالەتتىن گاڭگىراپ.

— سۆزۈڭىزنى قىلىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، — توغرا دەۋاتىسىز، ئۇ ھەقىقەتەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان ئارتىس ئىدى. كۆزىلا ئەمەس، ئېغىزىلا ئەمەس، پۈتۈن تەقى - تۇرقىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ كۈلۈپ تۇرىدىغان سەنئەتكار ئىدى.

— بۇ كىم بولىدۇ، ئىبراھىمجان ئاكا؟ ئۇ ھازىر...

— ئۇ ھازىر ئارىمىزدا يوق، ئۇكام، بۇ بىزنىڭ ئۈرۈمچىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇسسۇلچى قىزىمىز ئايىمجان ئەزىز بولىدۇ.

— ئۇ قاچان...؟

— ئۇ سىزنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ۋاقىتلىرىڭىز ئىدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى. سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ مۇڭلۇق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ پات - پات كۆز ياشلىرىنى

قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋالاتتى، مەن ئاڭلىغانسېرى بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن پات - پات بەزى نەرسىلەرنى سوراۋالاتتىم...

ئاندىن كېيىن مەن ئارتىسلىرىمىزدىن ئابلىز يۈسۈپ، زۇنۇنقىز، روزى ياسىن... لارنىڭ ئۆيلىرىنى پەتىلىدىم. شۈبھىسىزكى، مەرھۇم ئايىمجاننىڭ ئىش ئىزلىرى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. بىر ئەدىب ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەنئەت تارىخىدىن ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش، ئۇنىڭدىكى ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆز خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇش كىچىك ئىش ئەمەسقۇ. مەن ئۇلاردىن ئىگىلىگەن يىپ ئۇچى بويىچە پېشقەدەملىرىمىزدىن ياسىن خۇدا بەردى، سەيپۇل يۈسۈپلەرنىمۇ زىيارەت قىلدىم. ھەتتا مەرھۇمەنىڭ قىزى غۇنچەممۇ نەزەرىمدىن چەتتە قالمىدى...

شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ قەلبىمدە مەرھۇم سەنئەتچىمىز ئايىمجاننىڭ بىر غايىۋى ھەيكىلى تىكلەندى. مەن بۇ ھەيكەلگە ھېسسىياتلىرىمدىن گۈلدەستە قويۇش قارارىغا كەلدىم. ئەجەب ئەمەس، بەزى ئۇنتۇلغانلارنىڭ، ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ قەبرىسى بۇنىڭدىن گۈل - چېچەككە پۈركەنسە ...

1947 - يىل. كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسىسى ئۇيۇشتۇرغان كونسېرتتا، نىم پەدىگە چېلىنغان سازنىڭ ئاۋازى بىلەن ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى بىر خۇش پىچىم قىز سەھنىگە چىقتى. «بۇ كېپىنەكتەك لەيلەپ، كەكلىكتەك دەسسەپ، چاقپىلەكتەك چۆرگىلەپ سەھنىنى چاك كەلتۈرۈۋەتكەن قىز كىمدۇ؟ كىچىككىنە تۇرۇپ نېمىدېگەن قالتىس ئوينىغان — ھە!» دېيىشتى تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئىچ ئىچىدىن زوقلىنىپ. ئۇ زادى كىم؟ بۇ ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئايىمجان ئىدى. پىچان لەمجىندە بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۈرۈمچىدە مومىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدە بىر يېڭى بىخ

سوۋېتتە بايقالغان بۇ ئوقۇغۇچى قىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەك-
لىپىگە بىنائەن سانايىنەپىسىگە قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ كىچىكىدىن-
لا ئۇسسۇلچىلىققا ھەۋەس قىلاتتى. ئۆيىدىكىلەر بىر يەرگە جەم بول-
غاندا، ئۇ چوكانلار ئوينا، دەپ بولغۇچىلا ئوتتۇرىغا چىقىۋالاتتى-
دە، ئاللىقانداق بىر كۈيلەرگە غىڭشىغىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بۇ
چاغدا ئۇنىڭغا چېلىپ بېرىلىدىغان داپ نەدە، ساز نەدە. ئۇنىڭ-
غا تەڭكەش بولۇپ بېرىدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ «لاي - لاي»ى
بىلەن، ئۆيىدىكىلەرنىڭ چاۋاكلا ئىدى، خالاس. ناگان - نا-
گاندا كۆرۈپ قالىدىغان خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرى،
ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ سەنئەتلىك تەبىئىي رىتمى بۇ قىزنىڭ
ھەۋىسىنى بارغانسېرى ئۇلغايتتى. كېيىنچە مەكتەپتە قۇرۇلغان
سەنئەت كۇرۇژوكىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇنىڭ تالانتى تەدرىجىي
ئۇرغۇشقا باشلىدى.

ئۇ كۈنلەردە يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزنىڭ سەھنىگە كۆك-
رەك كېرىپ چىقالىشى ئوڭاي گەپمۇ، فېئوداللىق ئاسارەت قانچە-
لىغان كىشىلەرنى قاتتىق چۈشىۋەتمىگەن، جاھالەت، نادانلىق
قانچىلىغان كىشىلەرنى غەپلەتكە بەنت قىلىۋەتمىگەن!؟ لېكىن ئا-
يىمجان بۇ پۈتلىكاشاڭلاردىن مەردانىلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتتى.
بەزىلەرنىڭ تارقاتقان ئۆسەكلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاش-
تۇرالمىدى. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئاتاقلىق ئۇسسۇل-
چى قەمبەرخان ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان «نىم پەدە»نى ناھايىتى
تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇنى «ئايىمجان نىم پەدە» دەپ ئاتاق ئې-
لىشقا مۇيەسسەر قىلغان ھېلىقى ئويۇن مۇشۇ تىرىشچانلىقىنىڭ
مەھسۇلى.

چىن ئىنسان مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ، مۇھەببەت بىلەن يا-
شايدۇ، مۇھەببەت بىلەن ئۆلىدۇ. تارىختا ئاياللىرىمىز نىكاھ مۇ-
ھەببەتچىلىكىدە قانچىلىك خورلانمىدى؟ قانچىلىك زورلۇق - زوم-
بۇلۇق كۆرمىدى؟! ئۇلار ئەركىن مۇھەببەتنىڭ تەشنالىقىدا چاك-

چاك ئېتىپ، يۈرەك باغرى خۇن بولۇپ كەتمىگەنمۇ!؟ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «گۈلەمخان ناخشىلىرى» بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتى:

گۈلەمخاننىڭ ئۇزۇن چېچى
يەرگە تېگەمدۇ؟
مەيلى بولماي، ئون تۆت ياشتا
ئەرگە تېگەمدۇ!

........................

«گۈلەمخان ناخشىلىرى» نىڭ مۇڭلۇق تېمپىسى ئىچىدە مەزلۇملارنىڭ نالە - پەريادىنى جاھانغا ئايان قىلىۋاتقان ئايىمجاننىڭ لەرزان ئۇسسۇللىرى كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى، ئۇلارنىڭ فېئودallıق نىكاھ تۈزۈمىگە بولغان غەزىپىنى قوزغايتتى. ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئۇرغىتاتتى.

1951 - يىلى ئايىمجان ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە خىزمەتكە كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، سەپداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئادەمسىز جايلاردا توختاپ دەم ئېلىش توغرا كەلگەندە، ئۇ دەرھال سۆكسۆك، قوراي تېرىپ كېلەتتى - دە، ئوت يېقىپ چاي قاينىتاتتى. تاماق ئېتەتتى، يېزىلارغا كەلگەندە، ھاردىم - ئاچتىم دېمەيلا دەرھال تەييارلىق قىلىپ ئويۇنغا چىقاتتى. بۇ غەيرەت ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن؟ ئۇ ھەر قېتىم گۈلەمخان ئۇسسۇلىنى ئوينىغان چاغدا، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا شۇ چاغقىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان گۈلەمخان تەقدىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچۇلىمىغان، ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقىنى قوزغاتمىغان، ئۇنىڭ كۈرەشكە بولغان غەيرىتىنى ئۇرغۇتمىغان دەمسىلەر!؟

ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئىنساننىڭ بەدەن گۈزەللىكى ئارقىلىقلا ئەمەس، ھەممىدىن مۇھىمى ئادەم بەدىنىنىڭ بەدىئىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇسسۇل گۈزەللىكى يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇسسۇل-

لۇق ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك بولماي تۇرۇپ ئۇسسۇل خۇسۇسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ!؟

ئايىمجان ئۇسسۇلچىلىقنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۈچۈن قېتىرقىنىپ مەشىق قىلدى. ئۇسسۇل قارىماققا يەڭگىل ھەرىكەتتەك قىلغىنى بىلەن، بىر ئارتىسنىڭ شۇ ماھارەتنى مۇكەممەل يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر كۈنىگە بىر نەچچە قېتىم يۈگۈرۈش، سىيرىلما قەدەم ئېلىش، بەل تاشلاش، پىرقىراش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى توختىماي مەشىق قىلمىقى ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئايىمجان بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا ئەمەس، بەلكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئاساسىي ماھارەتنى مەشىق قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە تولا پىرقىراپ ئايلىنىپ كەتكەن، پۇتلىرىنى ئالالماي قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. ئۇ رېژىسسورنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن چاتما ھەرىكەتلىرىنى مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئورۇنداپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ھېسسىياتىنى قول، پۇت، بويۇن، بەدەن ۋە كۆزدە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئۆگىنىلگەن ھەرىكەتنى ئۆلۈك ھالدا تەكرارلىمايتتى، بەلكى ئىجادىي تۈردە ئوينايتتى. لېكىن ئۇ ئۇستازلىرىنى قاتتىق قەدىرلەيتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممە بىلىمىنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى.

داپ ئۇسسۇلى تاكتىكىدا چىۋەرلىكىنى، چۆرگىلەش تېخنىكىسىنى، ھەرىكەتتە جىددىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇسسۇلچىلىقتا ماھارىتى ئىنتايىن ئۇستۈن بولمىغان ئارتىس ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. رەسمىي مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن سەنئەت مۇھىتىدا ئۇزۇن يۈرمىگەن ئايىمجان ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا داپ ئۇسسۇلى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلىدىكى ھېسسىياتىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى ھەرىكىتىنىڭ نەپىس ۋە لىۋەنلىكىنى، ئۇسسۇل تىلىنىڭ روشەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى «ئاق يەرنىڭ كېپىسى» دەپ ئاتىشاتتى.

قايتماس ئىرادە، گۈزەل پەزىلەت بولماي تۇرۇپ ئىنساننىڭ تەكامۇللىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئايىمجان بۇ جەھەتتە ئۆزىنگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. كۈندۈزلىرى توختىماي مەشىق، رېپېتىتسىيە قىلىش، كېچىلىرى تۈن نىسپىگىچە ئويۇن قويۇشلار بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئايىمجاننى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئائىلىۋى قىيىنچىلىقىنى ئويلاپ كۆرگەن بولغىيتتىمىكىن.

ئايىمجان ئىككىنچى يولدىشىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. لېكىن بەختكە قارشى بۇ بالىسى پالەچ بولۇپ قالدى. تۇنجى پەرزەنتىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشماسلىقى، روھسىزلانماسلىقى مۇمكىنمۇ. ئۇ ئۆيگە كەلسىلا بالىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولاتتى. بالىسىنىڭ غېمى ھەدىسىلا ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالاتتى، لېكىن ئۇ مۇشۇ قىيىنچىلىقلارنىمۇ يېڭىپ يەكدىللىق بىلەن ئۆزىنى كەسپىگە بېغىشلىدى.

كىشىلەر ئۇنى «تۇرقىمۇ گۈزەل، يۈرىكىمۇ گۈزەل» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇ شۇقەدەر خۇش پېئىل، كەمتەر ۋە چىقىشقاق ئىدى، رول تاللىمايتتى. كوللېكتىپ ئۇسسۇل بىلەن يەككە ئۇسسۇلدىكى پوزىتسىيىسى ئوخشاش ئىدى. ئارتىسلاردا بىرىنچى نومۇردا چىقىپ لەپپىدە كۆزگە كۆرۈنۈشنى ياكى ئاخىرقى نومۇردا چىقىپ ھەممىنى ئۆزىدە خۇلاسىلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئايىمجان بۇ ئىشنى ھەرگىز ئويلىمايتتى. ھەتتا كىيىممۇ تاللىمايتتى. كىيىم بانا قىلىپ خۇيلىنىۋالىدىغان ئىشلار ئۇنىڭدا پەقەتلا يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئويۇن قويىدىغان چاغدا، بۈگۈنكى ئويۇننى چوڭ باشلىقلار كېلىپ كۆرگۈدەك دېگەن گەپ چىقتى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق چاغلاردا ئارتىسلاردا مەلۇم جىددىيلىشىشلەر بولىدۇ. لېكىن ئايىمجان ئۆزىنى توختاتقان ھالدا: «ئۆزۈمىزنى ئادەتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا تۇتقاندەك تۇتساقلا بولىدىغۇ» دېدى ۋە شۇ

كۈنكى ئويۇننى ئادەتتىكىدەك ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى. ئۇنىڭدا پەقەت خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

بەزى ئارتىسلاردا ئۆزى ئويناپ شۆھرەت قازانغان نومۇرلارنى باشقىلارغا ئۆگەتمەيدىغان، باشقىلار ئوينىسا خۇيلىنىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. لېكىن ئايىمجان بۇ جەھەتتە ئىنتايىن كەڭ قورساق ئىدى.

ئاياللارنىڭ داپ ئۇسسۇلى — «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» نى ئامىنە يۈسۈپكە ئۆگىتىپ قويىدى. ئۆگەتكەندىمۇ زىر-زەۋىرىنى قويماي تولۇق ئۆگەتتى. كېيىنكى قېتىملىق خەلقئارا ياشلار كۆرىكىدە ئۇ ئارتىس مۇشۇ ئۇسسۇل بىلەن كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. ئۇ سەنئەتنىڭ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر شەخسنىڭ مونوپول قىلىۋالىدىغان خۇسۇسىي مۈلكى ئەمەسلىكىنى نەقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەن — ھە!

1953-يىل 8-ئاي. خەلقئارا ياشلار سەنئەت كۆرىكى داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەر. بۇخارېست، «ستالىن» نامىلىق باغچا.

نېرىقى چەتتە سوۋېت ئۆزبېكىستانىدىن چىققان داپچى ئۆز دېپىنى تەڭشىگۈچ بىلەن بۇراپ تەڭشىمەكتە. بېرىقى چەتتە شىنجاڭدىن چىققان داپچىمىز ئابلىز قەغەزدە ئوت قالاپ داپىنى قاقلىماقتا.

ئابلىز ئاكا، داپىڭ تەڭشىكى يېنىپ كەتمەس — ھە! ئەگەر داپ يېنىپ كېتىپ قالسا...

خەلقئارا سەھنىگە ئۇيغۇر داپ ئۇسسۇلىنى تۇنجى قېتىم ئېلىپ چىقىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئايىمجان شۇ پەيتتە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بەركامال ئورۇنلىنالماي قېلىشىدىن نەقەدەر ئەنسىرەيتتى — ھە!؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام، خاتىرجەم بولۇڭ.

داپ لەرزان تاراڭشىدى. داپىنىڭ يەڭگىل تېمپىسى بىلەن

ئايىمجان لىۋەن قەدەم تاشلاپ سورۇنغا چۈشتى. پۈتۈن جاھا-
نىڭ كۆزى ئايىمجاندا، ياق، شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيا ئۈيغۇر ئۇس-
سۇل سەنئىتىگە نەزەر ئېتىبارى بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. ئايىم-
جاننىڭ گۈزەل ئۇسسۇلىدىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمگەكچان،
باتۇر، مەردانە، سەممىي ۋە تىنچلىق سۆيەر خەلقنىڭ ئوبرازى
نامايان بولۇشقا باشلىدى. مانا ئاق ئالتۇنلۇق دېگىز، كېۋەزچى
قىزلار پاختا تەرمەكتە؛ مانا، ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ، يالتىپ -
يالتىپ ئورۇلغان داپ ئاۋازىنىڭ تەگكىشى بىلەن پاختا ئېتىش
كۆرۈنۈشى ئايىمجاننىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە ئۆز سۈرىتىنى تاپ-
ماقتا. ئەنە توقۇمىچى قىز يىپ ئىگىرمەكتە، رەخ توقۇماقتا، ئە-
نە، قولى گۈل كەشتىچى كەشتە تىكمەكتە. داپنىڭ ئۇرغۇسى جىد-
دىيلەشتى. بۇ قىز نېمە تىكىۋاتىدىكىنە؟ مانا، ئۇ ئېگىز كۆتۈرگەن
ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى چىقىرىپ قويۇندەك پىرقىراشقا باش-
لىدى. بۇ گۈزەل ھەرىكەت سورۇندىكىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ زوقىنى
قوزغىمىدى دەيسىز! ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاندىق تىلدا بىر-
بىرىگە پىچىرلىشىپ خۇشال بولغىنىنى بىلدۈرسە، بەزىلەر كۈلۈپ تۇرغان
كۆزلىرىدە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلاتتى، يەنە بەزىلىرى دەل ئا-
يىمجاندەك باشمالتىقىنى چىقىرىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. تۇ-
يۇقسىز داپنىڭ تىمپىسى ئۆزگەردى. ئايىمجان تىيانشان باغرىدا
بەرق ئۇرۇپ تۇرغان قىزىل چوغلۇقتەك كۆرۈنۈشتە بەل تاشلاپ
ياتاتتى. داپنىڭ بىر خىل رىتىمى بىلەن، ئۇ - ئاستا - ئاستا
بېشىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— ۋاھ، كەپتەر، تىنچلىق كەپتىرى!

ئايىمجان كەپتەر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كەشتىسىنىڭ بىر ئۇ-
چىنى چىشلەپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنى تولۇق يايغان ھالدا
بېشىنى رۇسلاپ قەددىنى كۆتۈردى.

— ياشىسۇن! ياشىسۇن تىنچلىق!

— كامال تاپ!

— ياشاپ كەت!

خىلمۇ خىل تىللاردا چىقىۋاتقان بۇ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە چەت ئەللىكلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئايىمجاننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى.

بۇ دۇنيا خەلقىنىڭ ئايىمجاننىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر سەنئىتىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئېخ، ئۇيغۇر سەنئىتى، سەن ئاخىر دۇنيا سەھنىسىگە چىقتىڭ، چىقتىڭلا ئەمەس، بەلكى جاھان سەنئەت خەزىنىسىدە گۆھەردەك چاقنىدىڭ. سەن جاھاندا بۈگۈنكىدەك ئەتىۋارلىنىۋاتقان ۋاقتىڭدا، خەلقىم بۇ يولدا جاپالىق ماڭغان ئايىمجاندەك قىزلىرىنى ئۇنتۇشى مۇمكىنمۇ!

خەلقىنى سۆيگەن، بارلىقىنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىيالىغان ئادەم خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ئايىمجاننىڭ خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى ئاخىر خەلق تەرىپىدىن ئۆز ئىززىتىنى تاپتى. 1954 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. لېكىن ئۇ بۇ شان-شەرەپ ئالدىدا ئېسەنكىرەپ قالمىدى.

ئايىمجان خىزمەت توغرىسىدا پىكىر ئالغىلى كېلىدىكەن، — دېگەن خەۋەر شۇ چاغدىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا تارقالغان چاغدا، كىشىلەر ئۇنىڭ يەنىلا ھېلىقى كىچىك پېئىل ئايىمجان قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان بولغىيتتىمىكىن؟!

— ئۇستازلىرىم ئالدىدا قانداقمۇ ئۇنداق - مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا چىقالايمەن، دەپ تارتىنىشتى ئۇ قاتتىق ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ نەسىھىتى ۋە چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئاخىر ئوتتۇرىغا چىقىپ سەپداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى ۋە تىلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇ چاغدا ئورنى ئۆسسىمۇ كىبىرى ئۆس-

مەيدىغان پەزىلىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر سەنئىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن، سەنئەت ئىگىسى بولغان مۇشۇ مىللەتسىز بۇ ئاددىي قىزنىڭ شۇنچىۋالا كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىنمىدى؟ ئايىمجان بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ خەلقتىن ئۆگىنىشنى قىلچە بوشاشماي داۋاملاشتۇرغان. بىز ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتۈپ كەتكەن «تىنچلىق ئۇسسۇلى» نى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىدىغان ۋاقىتتا، مەركەزدىكى مەلۇم ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى، بۇ قېتىمقى خەلقئارا كۆرەكتە سوۋېتتىكى ئۆزبېكلەرمۇ داپ ئۇسسۇلىنى ئېلىپ چىقىدىكەن، پىرقىراش ھەرىكىتىدە ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئويلىنىپ باقساڭلار، دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە زەن قويۇپ كېلىۋاتقان ئايىمجان دەرھال شۇ يەردىلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ قول باشمالتىقىنى چىقىرىپ پىرقىرايدىغان ھەرىكىتى بارلىقىنى ئەسلىگەن - دە، مۇشۇ ھەرىكەت بىلەن ئۇسسۇلنىڭ مىللىي تۈسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن.

چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايىمجان مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ بېيجىڭدا ئېلىپ قېلىنغان. لېكىن ئازادە مۇھىت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلق سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان ئايىمجاننى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قوينىدىن ئايرىلىپ ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆگەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ شۇ مەزگىللەردە بېيجىڭغا بارغان مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ياسىن خۇدابەردىگە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا، ئۆزىنىڭ مەكىتكە بېرىپ دولان سەنئىتىنى ئۆگىنىش ئارزۇسى بارلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ يۈرۈپ، ئاخىر شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ يەڭ-

گىل، ھەرىكەتچان، جىلۋىگەرلىككە باي ۋە ھەپسىلىك بىلەن خاراكتېرلىنىشىنى — باي مەزمۇنلۇق، كۆپ شەكىللىك ئۇيغۇر كلاس-سىك ئۇسسۇلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىلىكىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىنمۇ؟

56 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىر قىسىم سەنئەتچى-لەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى سەنئەت تىلىدا دۇنياغا نامايان قىلىش ئۈچۈن بۇ قېتىم «گىلەم-چىلىك ئۇسسۇلى» نى سىرتقا ئېلىپ چىقىش قارار قىلىندى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئويۇندىكى نۇقتىلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇس-سۇل يەنىلا ئايىمجانغا تەقسىم قىلىنغانىدى. ئايىمجان بۇ ئۇسسۇلنى تىرىشىپ مەشىق قىلدى ۋە ۋايىغا يەتكۈزدى.

بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر پاراڭ بولدى.

— ئىبراھىمجان، مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرىنى بەلگى-لىسىڭىز، — دېدى ئايىمجان ئويۇن يېتەكچىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرخىل سۇلغۇنلۇق بايقىلىپ تۇراتتى.

— نېمىشكە؟ نېمە بولدىڭىز، ئايىمجان؟

— يېقىندىن بۇيان قىزىتمام ئۆرلەپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسام، بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش خىزمىتىمىز ئاقساپ قالمىسۇن.

— لېكىن ... ئەمىسە... — ئاقىۋەت ئايىمجان-نىڭ دېگەن يېرىگە كېلىش توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا باش-قا بىرى سەپلەندى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ پات ئارىدا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغان بولغىيتتى. لې-كىن ئۇ بۇ چاغدا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدا ئۆزىنى گەۋدىلەن-دۈرۈش، چەت ئەلگە چىقىپ شۆھرەت قازىنىش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى يەنىلا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدا كۆڭۈلدىكىدەك نامايان قىلىنىشى ئىدى.

شۇ يىلى قۇربان ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئايىمجان زۇنۇنقىز بىلەن ھېيتلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شۇ چاققىچە دولان سەنئىتىنى سېستېمىلىق ئۆگىنىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئۆزىنى خەلق سەنئىتىگە بېغىشلىغان سەنئەتكارنىڭ ئۆز سەپداشلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئاخىرقى ئارزۇسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟!

بىر قانچە يىلدىن بېرى ئايىمجاننى تىز پۈكتۈرەلمەي كېلىۋاتقان كېسەللىك ئاخىر ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۇ ھارماس جەڭچىسىنى ئەجەل ئوقى بىلەن يىقىتتى. بۇ 1956 - يىل 8 - ئايىنىڭ 5 - كۈنى ئىدى.

«ئۇيغۇر سەنئەت گۈلزارىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىزىل چوغلۇق ۋاقىتسىز توزىدى». بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەلنى زىلزىلىگە سالدى.

ئېيخ ئايىمجان، ئايىمجان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى!

سەن تۇغۇلغىنىڭدا يىغلاپ تۇغۇلغان، بېشىڭدا جان - جىگەرلىرىڭ كۈلگەنىدى، سەن ئۆلگىنىڭدە كۈلۈپ ئۆلدۈڭ، پۈتۈن خەلق يىغلاپ ئۇزاتتى.

مەشھۇر شائىر ئابدۇراخمان جامىنىڭ بۇ مەشھۇر مەرسىيەسىدە ئېيتىلغان كۆرۈنۈش سېنىڭ مۇسىبىتىڭدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. سەن خەلقىڭنى بېشىڭغا ئېلىپ كۆتۈرگەنىدىڭ، خەلقىڭمۇ سېنى ئاخىر بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. سەن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلدەستىسىنى كۆكسۈڭگە باسقانىدىڭ. ئاخىر خەلق سېنىمۇ گۈلگە پۈركىدى.

ئوركېستىرنىڭ، مۇڭلۇق كۈي ساداسى ئىچىدە خەلق ماتەم ناخشىسىنى ئېيتقىنىچە مەرھۇمنىڭ جىنازىسىنى ئۇزىتىپ ماڭدى.

سان ـ ساناقسىز ئاق ياغلىقلار، بەلگە چىگىلگەن ئاقلار ئاق لەيلىنىڭ دېڭىزىنى ئەسلىتەتتى. بۇ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىل يوپۇقلۇق تاۋۇت قىزىل چوغلۇقتەك تاۋلىنىپ ئاقماقتا، لەرزان ئاقماقتا ئىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەي تايتاڭلاپ يۈرىدىغان چاغلىرىمدا ئۆتكەن. مەن بۇلارنى ئەمدى ئەقلىمنى تاپقان ۋاقىتلىرىمدا بىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇ چاغلاردا مەرھۇمنىڭ قەدرىنى قىلىش كىچىكلىكىم تۈپەيلى ماڭا نېسىپ قىلىنمىغانىكەن. ھېلىھەم ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى بىر يوقلاپ ئۆتمەيمەنمۇ، دېگەن ئوي مېنى چىرمىۋالدى. مەرھۇم دادامنىڭ: «ئوغلۇم... سەنئەت ئەھلىنى ئەزىزلەشنى بىلگىن... ئۇلارنى ئەزىزلىگىنىڭ ئۆز سەنئىتىڭنى ئەزىزلىگىنىڭ بولىدۇ» دېگەن گېپى يەنە ياللىتە كاللامغا كەچتى.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق، بەزەن ھاياتلىقىدا قەدىرلەنمەيدىغانلار ئۆلگىنىدە قەدىرلىنىدۇ، ئەزىزلىنىدۇ. بەزىلەر ھاياتلىقىدا قەدىرلەنسە ئۆلگىنىدە ئۇنتۇلىدۇ، ئۆچىدۇ. بەلكىم ھاياتلىقىدىمۇ، ئۆلگىنىدىمۇ قەدىر ـ ئېتىبار تېپىش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەسە كېرەك. دادامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ چىققىنىمدا مەرھۇمە ئايىمجان توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتىم، ئەمدى بىلدىم. ئۇ ھاياتلىقىدا خەلقىمىنىڭ ئەزىزى ئىكەن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ خەلقنىڭ ئەزىزى بولۇشى چوقۇم...

1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى زاراتكارلىققا چىقتىم. يىراقتىن خوجانىياز ھاجىمنىڭ خاتىرە مۇنارىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يەرلىككە يېقىنلاشقانسېرى، ھېلىقى مۇنارنىڭ ئالدىدىكى بىر قەبرىنىڭ يېنىدا بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ تۇرغانلىقى كۆزۈمگە چېلىقىشقا باشلىدى. ھېلىقى قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئاق چوغلۇقتەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر كۆكلەك توزغۇپ تۇراتتى. ھوي، بۇ كىمـ

كىمنە؟ مەن قەبرىگە ئىنتىلىپ يېقىنلاشتىم. كۆز ئالدىمدا بىر قىز گويا ئانىسىنى قۇچاقلاپ ياتقاندەك، قەبرىگە مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق نالىسى يۈرەكنى ئېزەتتى. مەن ئەتراپتىكىلەرگە سەپسالدىم. قەبرە بېشىدا مەن تونۇيدىغان كىشىلەر — جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپۇل يۈسۈپ، شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سىراجىدىن زۇپەر، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى توختى موللىتاجى، تۇردى مۇسا، ئابدىكېرىم باقى، مەرھۇمنىڭ ئۇستازلىرىدىن قۇربان ئىبراھىم، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى تۇرسۇن لېتىپ ۋە مەرھۇمنىڭ سەپداشلىرىدىن ئابلىز يۈسۈپ، زۇنۇنقىز، تۇرسۇنئاي ئېلى، ھوشۇر ئىبراھىملار مۇڭلىنىپ تۇراتتى.

«راست، خەلق ئۇنتۇماپتۇ، خەلق ئۆز پەرزەنتىنى ئۇنتۇماپتۇ» دېدىم مەن ئىچىمدە ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇپ. مەن ئۇلار بىلەن يەڭگىل باش لىڭشىتىپ سالاملاشتىم.

— ئاھ، مەن يالغۇز قالدىمغۇ ئانا، مەن يېتىم قالدىمغۇ ئانا! — دەيتتى قەبرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ھېلىقى قىز.

— ياق، قىزىم، سىز يالغۇز ئەمەس، — دەيتتى ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا سەۋر ئېيتىپ.

قىز بېشىنى كۆتۈردى. بۇ مەرھۇمدىن سەككىز ئايلىق قالغان قىز — غۇنچەم ئىدى. بۇ ۋاقىتسىز توزىغان قىزىل چوغلۇقتىن بۇ جاھانغا قالغان ئۇرۇق ئىدى. بۇ ئۇرۇق ئەلنىڭ مېھرى بىلەن بىخلاپ، ئۆسۈپ مۇشۇ غۇنچە ھالىتىگە يەتكەن. ئايىمجاندەك سەنئەت گۈلىنى قەدىرلىگەن، خەلق بۇ غۇنچىنىمۇ ئاخىرى پورەكلەپ ئېچىلدۇرماسمۇ!

تىنچ يات، ئايىمجان — ۋاقىتسىز توزىغان سەنئەت چوغلۇقى! سېنىڭ روھىڭ ھەمىشە بىز بىلەن بىللە!

# ئۇسسۇل سەھنىسىدە پارلىغان چولپان

## ئابدۇۋايىت نىياز

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر لىرىك شائىر شىبى بۇخۇا: «كورلا قەلئەسىدە ئويۇن كۆرۈش» دېگەن شېئىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇلدىكى ماھارىتىنى:

«ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسسۇلدا قىلار پەرۋاز،
ئۇزۇن ساقال بوۋايلار چېلىپ بېرەر دۇمباق ساز.
ئۇسسۇلچىلار پىرقىراپ ئوينار زەپمۇ چىرايلىق،
بەئەينى شۇ يۇلتۇزدەك ئۇسسۇلچىلار ئەمەس ئاز»

دەپ مەدھىيىلىگەن.

دېمەك، بىز مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە، قەدىمكى ئۇسسۇل سەنئىتىنى قانچىلىك قەدىرلىسەك ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلساق، شۇ ئۇسسۇللارغا تارىخىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىنى ھازىرقىدەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، ئىجاد قىلىپ ئۆلمەس تۆھپىلەر قوشۇپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇل چولپانلىرىنىمۇ شۇنچىكى قەدىرلەيمىز ۋە ئۇلاردىن ئىپتىخارلىنىمىز.

شۇ كۈنلەردە ئېلىمىز سەھنىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا سەھنىسىدە يۇقىرى ئۇسسۇل ماھارىتى بىلەن زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن تالانتلىق ئۇسسۇلچىمىز مەريەم ناسىر ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئىپتىخارلىق ئۇسسۇل چولپانلىرىنىڭ بىرى.



مەن يېقىندا، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ داڭلىق تۆھپىكارى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مەريەم ناسىرنى زىيارەت قىلدىم.

مەريەم ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ھەققىدىكى تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مېنىڭ تىرىشچانلىقىم، ئىزدىنىشكەن نەتىجەم تېخى يېتەرسىز. ئەگەر مېنى «قوغۇن ئۇسسۇلى»، «پادىچى قىز»، «بالا تەربىيىلىگۈچى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ياخشى ئويناپ ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈردى دېيىلسە، بۇ شەرەپ ئالدى بىلەن پارتىيىگە ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ داڭلىق پېشىۋاسى ئۇستازىم قەمبەرخانىمغا ھەمدە ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى ھاجى راخمان، ئىبراھىمجانلارغا مەنسۇپ. ئەمدى مېنىڭ ئۇسسۇل جەھەتتىكى تارىخىم ۋە پائالىيىتىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مانا بۇ خاتىرە ئەلبۇملىرىمنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى.

مەن مەريەمنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق سەھنە ھاياتىنىڭ شاھىدى بولغان ئەلبۇم - خاتىرىلىرىنى قىزغىن كۆرۈشكە باشلىدىم.

مەريەم ناسىر. 1941 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1948 - يىلى ئۈرۈمچى 5 - باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇسسۇلدىكى تالانتى ۋە ئارزۇسى بويىچە تەشكىل ئۇنى 1952 - يىلى شىئەن غەربىي شىمال شۆبىۋەننىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا ئەۋەتكەن. ئۇ يەردە ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى قەمبەرخاننىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىنى ئالغان. 1955 - يىلى شىئەندىن قايتىپ كېلىپ، 1957- يىلغىچە شىنجاڭ شۆبىۋەننىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مەكتەپ رەھبەرلىكى ياش مەريەمنىڭ ئۇسسۇلدىكى ماھارىتى ۋە قىزىقىشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇنى شۇ يىلى بېيجىڭدىكى باليت مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ 1958 - يىلى مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل

ئانسامبلىغا تەقسىم قىلىنغان.

ئۇسسۇل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەنئەتنىڭ مۇرەككەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ كەسىپكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان مەريەم شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاتاقلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى ھاجى راخماندىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىنى، سەنئەت تېخنىكىسىنى جاپالىق ھالدا تىرىشىپ قاتتىق مەشىق قىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ ئۇسسۇل ئۇستازى ئىبراھىمجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇر ئۇسسۇل تارىخىدا تۇنجى قېتىم پۇتقا تاپۇچكا كىيىپ، بالېت ئۇسسۇلىنى مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇلىغا بىرلەشتۈرۈپ «پادىچى قىز» ئۇسسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، رەھبەرلىك ۋە خەلقنىڭ مەدھىيىلىشى ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

مەن مەريەمنىڭ خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ، ئۇنىڭ ئەمدى يېزىشقا باشلىغان: «سەھنە ھاياتىدىكى ئوتتۇز يىلىم» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى قىزىقىپ ئوقۇدۇم: «بالېت ئۇسسۇلىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىشى 1960 - يىلى ئوينالغان «پادىچى قىز» ئۇسسۇلىدىن باشلاندى. مەن بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغاندا كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولساممۇ، لېكىن ئاز ساندىكى ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. يەنى ئۇلار: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە مۇكەممەل سەنئەتنىڭ بىر تۈرى، ئەگەر بىز بۇ تۈرگە بالېت ئۇسسۇلىنى بىرلەشتۈرسەك، مىللىي ئۇسسۇلىمىزنىڭ پۇرىقى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يېتىدۇ» دېدى. لېكىن كۆپچىلىكى: «بالېت ئۇسسۇلى ھازىرقى زامان ئۇسسۇلىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە تېخنىكىلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىلغارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مىللىي ئۇسسۇلىمىزغا سىڭدۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەن-

دۇرۇشىمىز لازىم» دېدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇسسۇل تارىخىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجابىي پىكىر. چۈنكى باليېت ئۇسسۇلىمۇ، مىللىي ئۇسسۇلىمىز ئوخشاشلا بىر ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇ بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئادەم بەدىنى ئارقىلىق بولىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۇسسۇلى ئادەمنىڭ بەدەن ھەرىكىتىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا كامالەتكە يەتكەن گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، گۈزەل بەدەنلىك ئادەمنى تەربىيىلەشتىن باشقا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كلاسسىك ئۇسسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، باليېت ئۇسسۇلغا ئوخشاش دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىدىكى ئىلغار تەرەپلەرنى يېتەرلىك قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ بەدىئىي سەنئىتىنى يېڭى بالداققا كۆتۈرۈپ، كىشىلەرگە مەنىۋى زوق بېغىشلىشىمىز لازىم.»

مەن مەريەم ناسىرنىڭ مىللىي ئۇسسۇلنىڭ تەرەققىيات نىشانى نەزەرىيىۋى ئاساس، جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن شەرھلەنگەن بۇ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ، مەريەم ناسىر ئاددىي بىر ئۇسسۇل ئارتىسلا ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇلنىڭ تارىخىي ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى چوڭقۇر بىلىدىغان، نىشانى ئېنىق بىر ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. مەريەمنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىكى ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئۇ، ئۇسسۇلنى مەزمۇنغا قاراپ سىلىق، نەپىس، نازاكەتلىك ھالدا شوخ جىلۋە بىلەن ئوينايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قايناق، جۇشقۇن ھېسسىياتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەزمۇننى جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ھەمدە مۇزىكا رىتىمىغا ماس ھالدا قەدەم ئېلىش، قول تاشلاش، جىلۋە قىلىش، باش ئوينىتىش ۋە چاچ تاشلاش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ تىپ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەريەم ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنىلا ماھارەت بىلەن ئويناپ قالماي، بەلكى خەنزۇ، ئۆزبېك، موڭغۇل، قازاق، تاجىك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ

ئۇسسۇللىرىنىمۇ يۇقىرى سەنئەت، ماھارەت بىلەن ئويناپ ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

1961 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئۇسسۇلچىمىز مەريەم «پادىچى قىز» ئۇسسۇلىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە سەنئەتچى ئۈچۈن خەلق ئالقىشىدىن ئارتۇق ئالىي مۇكاپات بولمايدۇ. مەريەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئالقىشقا ئېرىشتىكى ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇنى زامانىۋى بالېت ئۇسسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

مەريەم ئۇسسۇلنىلا ياخشى ئويناپ قالماي يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك لەپەرلەرنى ئويناشتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1978 - يىلى سەنئەت كۆرىكىدىكى قارا تۇمان تارقىلىپ، كۆكلۈلۈك باھار ئايلىرى مەريەمگە يەنە قايتا سەنئەت ھاياتى بېغىشلىدى، مەريەم پۈتمەس - تۈگىمەس خۇشاللىق، ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن پايتەختتىكە تاللانغان پېشقەدەم ئارتىسلار قاتارىدا ئويۇن كۆرسىتىشكە كەلدى.

ئۇ، بېيجىڭ خەلق تىياتىرىدا «بالا تەربىيىلىگۈچى» دېگەن ئۇسسۇلنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئويناپ تاماشىبىنلارنى مەپتۇن قىلدى. زالدا ئۇزاققىچە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. بۇ مەريەم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئالىي مۇكاپات ۋە ھەقىقىي ھۆرمەت ساداسى ئىدى. مەريەم ئىلگىرى شوخ، يېنىك ئۇسسۇللارنى ئويناپ كەلگەچكە، بۇ قېتىم چوڭ ياشلىق ئانىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىش، ئۇسسۇل تىلى ئارقىلىق ئانىنىڭ مېھرىبان ئوبرازىنى يارىتىش ئۇنىڭغا ئانچە ئاسانغا چۈشمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇسسۇلنى تەييارلاشتىن بۇرۇن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەجرىبىلىك ئاقباش ئانىلار بىلەن كۆپ قېتىم سىرداشتى. يەسلىلەرگە بېرىپ تەربىيىچىلەردىن ئۆگەندى. ئۆزىدە

بالىغا نىسبەتەن ئانىلىق مېھرىنى ئۆستۈردى. تەكرار - تەكرار قاتتىق مەشق قىلدى. مەريەم ئاخىر جاپالىق مەشقىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىدى. شۇ قېتىم «بالا تەربىيىلىگۈچى» ئۇسسۇلى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان - شەرەپ كەلتۈردى.

1980 - يىل 10 - ئايدا ئامېرىكىلىق گۇردىن خانىم «ئامېرىكا - ئاسىيا جەمئىيىتى» نامىدىن بىر سەنئەت ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلغاندا، بۇ ئۆمەككە مەملىكەت بويىچە خەنزۇ، ئۇيغۇر، مىياۋزۇ، موڭغۇل، چاۋشيەن قاتارلىق مىللەتلەردىن توققۇز نەپەر ئاتاقلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ مەريەممۇ قاتناشتى. ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى، ئۇسسۇل ئويناشتىكى ماھىرلىقى ئامېرىكا گېزىتلىرىدە مەدھىيىلەندى.

مەريەم مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھات روھىدىن قىزغىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆمەك رەھبەرلىكىگە بىر كېچىلىك ناخشا - ئۇسسۇل كونسېرتى كۆرسىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەھبەرلىك قوشۇلغاندىن كېيىن، مەريەم بىر ئايغا يېقىن قاتتىق مەشق قىلىپ، بىر كېچىلىك ناخشا - ئۇسسۇل كونسېرتى كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەريەم 1980 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە غەربىي ئافرىقىدىكى تۆت دۆلەتكە ھەمدە فرانسىيە، پاكىستان دۆلەتلىرىگە ۋە ئامېرىكا، كاناداىكى يىگىرمە ئۈچ شەھەرگە بېرىپ، «قەشقەر سەنىمى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى» قاتارلىق كلاسسىك ئۇسسۇللارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناپ، جاھان سەھنىلىرىدە مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى جەۋلان قىلدۇردى.

مەريەم ھەقىقەتەنمۇ ئۇسسۇل سەھنىسىدە پارلىغان نۇرلۇق چولپان. بىز ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەيمىز.

# ئۈنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى

## ماخمۇتجان ئىسلام

ئىلانچى قىزنىڭ: «ھازىر شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىسى ئايتىللا قاسىمنىڭ ئورۇنلىشىدا ئويغۇرچە ئۇسسۇل ‹ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى›» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن، گويا تاغ سۈيىدەك ھەيۋەتلىك گۈلدۈراس ئالقىش ئۈرۈمچى «خەلق تىياتىرى» نى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، پەردە ئېچىلىپ، سەھنىدە ئايتىللا پەيدا بولغانغا قەدەر بېسىلمىدى.

كۆز ئالدىمدا ھادىس گۈزەل بىر مەنزىرە پەيدا بولدى: ئۇ يەر - بۇ يەردە ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن سۈزۈك كۆك ئاسمان. سانجاق - سانجاق ئۈزۈملىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان تەك ئاستى. داپنىڭ رىتىملىق ساداسىغا ئەگىشىپ قىزىل گىرىپتىشىندىن گۈل بېسىلىپ تىكىلگەن كۆڭلەك، زەر گۈللۈك قارا دۇخاۋا جىلىتكە كىيگەن، بېشىغا زەررەڭ تاج تاقىغان، قولىغا قىزىلگۈل تۇتقان ئۇسسۇلچى خۇددى قارلىغاچتەك يەڭگىل، چىۋەرلىك بىلەن، مەجنۇنتالنىڭ سالقىن شامالدىكى يەلپۈنۈشىنى ئەسلىتىدىغان لىۋەنلىك بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇسسۇلچى تۇڭ ئۈزۈمنى يەپ سالغان سەزگۈنى ئىپادىلىگەندە، مەنمۇ گويا تۇڭ ئۈزۈم يەپ سالغاندەك بولدۇم - دە، تىنىم شۈركىنىپ، چىشىممۇ قامىغاندەك بولدى. ئۇسسۇلچى مەي باغلىغان ئۈزۈمنى يېگەن سەزگۈنى ئىپادىلىگەندە، مەنمۇ شېرىن ئۈزۈم



يېگەندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتىم. «مانا بۇ چىن ھېسسىياتنىڭ كۈ-
چى! مانا بۇ لىرىك شېئىر!» دېدىم ئىچىمدە.

ئۇزۇمچى قىز ئۈزۈمزارلىققا كىرگەندىن كېيىن مول-ھوسۇل-
دىن، بايىاشادلىقتىن دېرەك بەرگۈچى سانجاق - سانجاق ئۈزۈم
ساپاقلىرىغا قاراپ شادلىقىدىن يېنىك پىرقىرىدى - دە، بىردىنلا
تىزلىنىپ، ئارقىغا بەل تاشلاپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزدى، ئۇ-
سۇلچى بۇ بىر يۈرۈش ھەرىكەتنى ئاجايىپ يېنىك، گۈزەل
قىلىپ، بولۇپمۇ چاقماق تېزلىكىدە پىرقىراپ، بىردىنلا بەل تاش-
لاپ، باشنى يەرگە تەگكۈزۈش ھەرىكىتىنى روشەن سىپلىشتۇرما
قىلىپ ئورۇندىدىكى، ھاياجانلانغان تاماشىبىنلار يەنە بىردىنلا
گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇرۇشۇەتتى. شۇ چاغدا، يېنىمدا ئولتۇرغان
بىرەيلەن: «بارىكاللا ئايتىللا! قىلغان ئەجرىڭ، تۆككەن قان-
تەرىڭ بىكارغا كەتمەپتۇ!» دېدى. مەن بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنى
دەڭسەپ خىيالغا چۆكتۈم...

يولداش ئايتىللا قاسىم 1940 - يىلى «پەرىزاتلار يۇرتى»،
«ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تارىختا شۆھرەت قازانغان كۇچا-
دا، نامرات بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. بىزنىڭ خەلقىمىز
ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق، «ناخشا - ئۇسسۇل» دېسە «جان»
دەيدىغان خەلق. ناخشا - ئۇسسۇل خەلقىمىزگە ھەردەم - ھەر
زامان — دەرد تارتقان، ئازاب چەككەن كۆڭۈللەردىمۇ، ئاچ - زې-
رىن قالغان چاغلاردىمۇ ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. يوقسۇلنىڭ قىزى
ئايتىللامۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئايتىللانىڭ
ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تۇرمۇشى قىيىن بولغان، ئانىسى
ئۇنى «دوپپا تىكىپ سېتىپ، باشقىلانىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بې-
رىپ باققان» بولسىمۇ، ئايتىللانىڭ ئۇسسۇلغا بولغان زوق - ھەۋ-
سى قىلچىمۇ ئاجىزلىمىغان، بەلكى كۈنسېرى ئېشىپ بارغانىدى.
1949 - يىل ئۆكتەبىردە كۆنچىقىشتىن ئاتقان ھۆرلۈك تېڭى

كۆچانى يورۇتتى، ئايتىللا نىڭ ئائىلىسىنى يورۇتتى، ئايتىللا نىڭ قەلبىنىمۇ يورۇتتى، ئۇنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان ھەۋىسىنى قايىنام بولاقتەك ئۇرغۇتتى. 1952 - يىلى، ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا قەدەم قويغان ئايتىللا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۇسسۇلچىلىققا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلچى بولۇش ئارزۇسىغا يول ئېچىلدى، ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى باشلاندى.

مانا، ئاردىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتتى. بۇ ئوتتۇز نەچچە يىل جاپالىق مەشق ئىچىدە، شادلىق - كۈلكە ئىچىدە، ئالقىش - مەدەت ئىچىدە، شان - شەرەپ ئىچىدە ئۆتتى.

ئايتىللا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە «باشلانغۇچ مەكتەپ» نى تاماملىدى. ئۇنىڭ مەشق قىلىشتىكى غەيرەت - شىجائىتى، قەيسەرلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى، سىيرىلما قەدەم ئېلىش، بەل تاشلاش، پىرقىراش قاتارلىق كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ھەرىكەتلەرنى نەچچە ئون، نەچچە يۈز قېتىم تەكرارلايتتى. ئۇ مۇشۇنداق جاپالىق مەشق ئارقىلىق ئۆزىگە — ئۇسسۇل جەھەتتە يېڭى پەللىلەرگە ئۆرلەشكە خېلىلا پۇختا ئاساس سېلىۋالدى. ئۇنىڭ جاپالىق مەشقى مېۋە بېرىپ، ئۇسسۇل جەھەتتىكى تالانتى نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئويناپ چىققان «تەنەۋۋەر»، «دولان ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئايتىللا ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي «ئوتتۇرا مەكتەپ» كە — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بىر نەچچە كۈنگە قالمايلا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە باشقىلاردىن كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلـ

دى. ئادەم ئۆزىدىكى نۇقسان، يېتەرسىزلىكنى بىلەلىگەندىلا، ئۇنىڭدا شۇ نۇقسان، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىش غەيرىتى پەيدا بولىدۇ. ئايتىللا قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇنىڭ بەختىگە، ئۆمەكتە ھەممە ئىش بىر قەدەر مۇنتىزىم بولۇپ، ئۇسسۇل ئۆگىتىدىغان، مەشقكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇستازلار بار ئىدى. ئايتىللا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشقا، پېشقەدەم ئۇستازلاردىن، ئۆزىدىن كۆپرەك ئارتۇقچىلىقى ئىگە سەپداشلىرىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشتى. مەشىق زالىنىڭ پوللىرىدا ئۇنىڭ تارام - تارام تەرىنىڭ ئىزلىرى قالدى. ئۆمەكنىڭ گۈللۈكلىرى ئەتراپىدا، ئىككى تەرىپى بۈك باراقسان دەرەخلىك يوللىرىدا ئۇنىڭ سانسىز قەدەم ئىزلىرى قالدى. ھالال تۆكۈلگەن تەر ئادەمنى شانۇ شۆھرەتكە نائىل قىلىدۇ. ئايتىللامۇ قەدىرلىك ئۇستازلىرى ھاجى راخمان، مەھەممەت ئىبراھىمجان قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان جاپالىق مەشقلىرىنىڭ دەسلەپكى لەززىتىنى تېتىدى. دەسلەپ كوللېكتىپ ئۇسسۇللارغا قاتناشتى، كېيىنچە كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى يېتەكلەيدىغان بولدى، ئاخىرىدا يەككە ئۇسسۇللارنى ئورۇندىدى. قان - تەر بىلەن سۇغۇرۇلغان سەنئەت غۇنچىسى چېچەكلىدى، خۇش پۇراق چاچتى. ئايتىللا ئورۇندىغان «داپ ئۇسسۇلى»، «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، كوللېكتىپ «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «پادىچى قىز» قاتارلىقلار ئامما ئالقىشلايدىغان، ياخشى باھالايدىغان نومۇرلارغا ئايلاندى. پارتىيە ۋە خەلق ئايتىللاغا غايەت زور ئۈمىد باغلىدى. 1959 - يىلى ئەمدىلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇرما بولغان بۇ قارلىغاچ پەرۋاز قىلىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ بۇ يەردە مەلۇم مەزگىل مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ۋارشاۋا خەلقئارا ياشلار فېستىۋالىغا قاتناشماقچى ئىدى ...

ئايتىللانىڭ قەلبى ھاياجانغا، كۆزلىرى لىققىدە ئىسسىق ياشقا تولدى. بىر بەختسىز يوقسۇلنىڭ بەختىيار قىزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلقئارا فېستىۋالغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىش ھەقىقەتەنمۇ ئالەمچە خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ئايتىللا پارتىيە، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقتا، ياخشى نەتىجە ئارقىلىق ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى لوڭ دىڭچياۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەسلىدىكى بەش كىشىلىك «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلغا ئۆزگەرتتى. ئەلۋەتتە، بىر كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى پۇچەكلەشتۈرمىگەن ئەھۋالدا يالغۇز كىشىلىك، مۇكەممەل ئۇسسۇل قىلىپ ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» رىتىمىنىڭ شوخلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ نازۇك، لەۋەن، گۈزەللىكى، مىللىي پۇراقىنىڭ قويۇقلۇقى، تېخنىكا ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بىر يۈرۈش ھەرىكەتلەر — تېز پىرقىراش، تىزلىنىپ ئولتۇرۇش، ئارقىغا بەل تاشلاش، غول، باشنى يەرگە تەگكۈزۈشلەر ئۆز رىتىمى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئورۇندىلىناتتى. ئايتىللا: «بۇ بىر يۈرۈش ھەرىكەت گەرچە گۈزەل بولسىمۇ، بىر نەچچە باسقۇچ بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئورۇندالغاچقا، ئانچە باغلىنىشلىق بولۇپ كۆرۈنمەيدىكەن» دەپ قارىدى - دە، بۇ ھەرىكەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلاردىن بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان چاتما ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئىزدەندى. ئاخىر بۇ ھەرىكەتنى تېزلىك بىلەن پىرقىراۋېتىپ بىردىن بەل تاشلاپ، غول، باشنى يەرگە تەگكۈزىدىغان يۇقىرى ماھارەتلىك، ئىچ باشلىنىشلىق، مۇكەممەل ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگەرتتى. مەشىق جەريانىدا ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى ئىششىپ، پۇتلىرى قاناپمۇ كەتتى. ئەمما ئايتىللا قاقشىمىدى، زارلانمىدى، ئارقىغا چېكىنمىدى. شۇڭا ۋارشاۋا

خەلقئارا ياشلار فېستىۋالىدا «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» نى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك ئورۇنداپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بۇ ئۇيغۇر سەن-
ئەتچىسىنىڭ خەلقئارا مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى قېتىم ئالتۇن مې-
دالغا ئېرىشىشى ئىدى. ئايتىللانىڭ «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»
نى تەييارلاش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بىر يولداش مۇنداق دې-
دۇ: «ئايتىللانىڭ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىشى پۈتۈنلەي ھەق. مۇ-
شۇ ئۇسسۇلنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ قانچىلىك قان - تەر
ئاققۇزغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك بەدەل
بەرگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ ھېسابلاپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس».

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئايتىللانىڭ نامى پۈتۈن جۇڭگو خەل-
قىگە ۋە خەلقئارالىق تاماشىبىنلارغا تونۇلۇشقا باشلىدى.

ئايتىللانىڭ قەدىردان جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ غەمخورلۇقىدا
«شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى» غا يۆتكىلىشى ئۇنىڭ ئۆز
ماھارىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشى ۋە پىشىپ يېتىلگەن ما-
ھارىتىنى خەلقئارا سەھنىلەردە نامايان قىلىشىغا ئالاھىدە ئوب-
دان ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ شىنجاڭدىكى چاغدا، ئۇي-
غۇر ئۇسسۇللىرىنى، شۇنداقلا ئۆزبېك، تاجىك، تاتار قاتارلىق
ئۆزگە تونۇشلۇق مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغان بولسا،
«شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى» دا ئۆزگە تامامەن ناتو-
نۇش مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگىنىشكە،
ئويناشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايتىللا بۇرۇنقى مەشقلىرىنى
تېخىمۇ كۈچەيتتى. «ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پارتىيە، خەلقنىڭ شەپ-
قىتىگە لايىق ئىش قىلىمەن. پارتىيە، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە
قويمايمەن. ئانا يۇرتۇمنىڭ، ۋەتىنىمنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى يەنىمۇ نۇر-
لاندۇرىمەن» دېگەن ئىرادە بىلەن چېنىقتى. ئالتۇننى يالقۇن، لاچىن-
نى بوران تاۋلىغاندەك، ئايتىللامۇ ھايات، سۆيگۈ - مۇھەببەت،
سەنئەتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا تاۋلاندى، يۇقىرى ماھارەت
ئىگىلەش، كۆڭۈلدىكىدەك مەقسەتكە يېتىش ئانچە ئاسانغا چۈش-

مىدى. بەزى ئارتىسلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ «كۆزدىن» ئۇسسۇللى-
رىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى خالىمىدى. بۇنداق چاغلاردا، ئايتىللا
شۇ ئارتىس سەھنىدە ئۇسسۇل ئوينىسا پەستە ياكى پەردىنىڭ
ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۆگەندى. ئۇ ناتونۇش مىللەتلەرنىڭ، چەت
ئەللەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىشتە، تىل، ئۆرپ - ئادەت جە-
ھەتتە بەزى قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى، چەت ئەل ئۇسسۇللىرى-
دىكى بەزى ھەرىكەتلەر، شۇ ئۇسسۇلنى ئوينايدىغان چاغدىكى
بەزى ياسىنىشلار ئايتىللاغا، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ -
ئادەتلىرىگە يات ئىدى. ئەمما شۇ ئۇسسۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ
ئويناش ئۈچۈن ئۇسسۇلنىڭ تەلپى بويىچە ئويناش كېرەك ئى-
دى. ئايتىللا قەتئىي نىيەتكە كەلدى، ئايرىملارنىڭ پىتنە، غەي-
ۋەت، مەسخىرىلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يې-
ڭىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ «تىيانشاندا باھار» ، «مېھ-
مان كۈتۈش» ، «باغ سەيلىسى» قاتارلىق ئۇسسۇللىرىنى ئويني-
غاندىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پاكىستاننىڭ «كاداك»،
ھىندىستاننىڭ «پوررودو ئۇسسۇلى» ، «توپ ئويناش ئۇسسۇلى»،
نېپالنىڭ «بەش پىرىنسىپقا مەدھىيە»، ھىندونېزىيىنىڭ «ئەزى-
مەت يىگىت»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مۇشاۋىرەك»، «رەز»، «شوخ
قىز»، مىسىرنىڭ «توقۇمىچى قىز»، «يۇقىرى مىسىرلىق قىز»، ئال-
جىرىيىنىڭ «سەھرايى كەبىر چەۋەندىزى»، مېكسىكىنىڭ «ئىك-
كى كىشىلىك ئۇسسۇلى»، ئارگېنتىنانىڭ «يايلاقتىكى بايرام» قا-
تارلىق ئۇسسۇللارنى ئۆگەندى.

1960 - يىل، رانگوننىڭ گۈزەل بىر ئاخشىمى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى
جايلاشقان كوچىنى چاراقلاپ تۇرغان تولۇن ئاي ۋە ئۇنىڭ
شوخ كېنىزەكلىرى يۇلتۇزلار، بىھېساب يۇلتۇزلار كۈندۈزدەك
يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ كوچىدىكى كىچىك، ئالىي دەرىجىلىك ئاپ-
تومۇبىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىر نىشانغا — جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. بۈگۈن ئاخشام جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭلىسى جۇئېنلەي رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىرما رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىگە زىياپەت بەرگەنىدى. زىياپەت ئارىلىقىدا، جۇزوڭلى بىلەن بىللە زىيارەتكە كەلگەن جۇڭگو سەنئەتكارلىرى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرسەتتى. جۇڭگو سەنئەتكارلىرىنىڭ نومۇرلىرى قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مانا شۇ سەنئەتكارلار ئىچىدە «شەرقنىڭ ئۈچ گۈلى» دەپ ئاتالغان ئۈچ ئارتىسنىڭ بىرى ئايىتىللامۇ بار ئىدى. جۇزۇڭلى رەھمەت بىلدۈرگەن، چېن يى فۇزۇڭلى پەخىر بىلەن «بىزنىڭ ئۇسسۇلچىمىز!» دەپ باشقىلارغا تونۇشتۇرغان ئايىتىللا ئۈچ دۆلەتنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلىنى ئويناپ چىققانىدى.

1959 - يىلى خەلقئارا ياشلار فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن ئايىتىللا، شۇندىن بويان ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئوتتۇز نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا جۇڭگونىڭ دوستلۇق ئەلچىسى بولۇپ بېرىپ، ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلار قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىپتىخارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئايىتىللانىڭ جاپالىق ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. خەلق، پارتىيە ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ يىگىرمە نەچچە گېزىت - ژۇرنىلى ئايىتىللانىڭ سۈرىتىنى بېسىپ، ئۇنى مەخسۇس تونۇشتۇردى، ئۇنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى. سەنئەت لۇغەتلىرى ئۇنى مەشھۇر كىشىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ تونۇشتۇردى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمۇ ئۇنى مەخسۇس تونۇشتۇردى. جۇئېنلەي زوڭلى ئايىتىللا قاتارلىقلارنى «سىلەر ئەلچىلىرىمىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلدىڭلار، رەھمەت سىلەرگە!» دەپ ماختىدى، شياڭگاڭ گېزىتلى-

رى ئايتىللا قاتارلىق ئۈچ ئارتىسنى «شەرقنىڭ ئۈچ تەۋەررۈكى»
دەپ ئاتىدى. ياپونىيە سۆڭشەن باليت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى چىڭ-
شۈي چىڭخۇ ئايتىللانىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ۋاقىت
كىشىگە رەھىم قىلمايدۇ، ئەمما ئايتىللانىڭ سەنئەت باھارى
ساقلىنىپ قاپتۇ» دېدى. ئايتىللا 1962 - يىلى مەملىكەتلىك سى-
ياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 1964 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1965 - يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتى-
پاقى مەملىكەتلىك 9 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسە-
تىنىڭ ئەزاسى، 1978 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزاسى، مىللىي
ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1979 - يىل 11 - ئايدا
شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بول-
دى. 1980 - يىلى مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
دىرىيەت ئەزاسى، 1983 - يىلى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6 -
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 1986 - يىلى جۇڭ-
گو خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەزاسى، 1988 - يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلى-
ھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بول-
دى. بىراق ئايتىللا شان - شۆھرەت ئالدىدا گاڭگىراپ - مەڭ-
دەپ قالمىدى، ئۆچۈپ كەتمىدى، مەغرۇرلىنىپ غادايمىدى، بەل-
كى سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ داۋاملىق ئۆرلىدى.
«مەن پارتىيە، ۋەتەن، خەلقنىڭ قىزى. ماڭا شەرەپنى شۇلار
بەردى، مەن ئۆزۈمنى ئۇسسۇل سەنئىتىگە بېغىشلىغان. بۇ مېنىڭ
پارتىيە، ۋەتەن، خەلقىمگە شەرەپ يارىتىشىمدىكى قورالىم. — دەي-
دۇ ئايتىللا دائىم، — مېنىڭ ھاياتىم ئۇسسۇل بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان. سەنئەت مەسىلىسىدە خەلقنى ئەخمەق قىلىش-
قا بولمايدۇ. ھەقىقىي، يۇقىرى سۈپەتلىك سەنئەت نومۇرلى-
رىنى خەلققە تەقدىم قىلىش - سەنئەتكارنىڭ ۋىجدانى بۇرچى.
مەن مەشقنى كۈچەيتىپ، قان — تەرىم بىلەن خۇش پۇراق ئۇس-
سۇل گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ خەلققە تەقدىم قىلىمەن.»

# قىزىق يىللىق ئۆمرىنى ئۇسسۇلغا بېغىشلىغان سەنئەتكار

ئۆمەر ئىمىن

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئۆزىگە خاس شەكىلگە، مەزمۇن جەھەتتىن خىلمۇ خىللىققا ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزدا بوۋاي، مومايلاردىن تارتىپ سەبى قىز - ئوغۇللارغىچە ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. توي - تۆكۈن، تەنتەنىلىك ھۇراسىملار ئۇسسۇلسىز ئۆتمەيدۇ.

زەينەپ سىدىق ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە مىللىي شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى بۈگۈنكىدەك جەزبىدار، گۈزەل، شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن بېيىتىپ، يېڭى دەۋر روھىغا ئىگە قىلىش جەھەتتە ناھايىتى نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ بىرى.

زەينەپ سىدىق 1928 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەرغۇلان شەھىرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1932 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ 1937 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولدى. 1947 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى.

زەينەپ سىدىقنىڭ مىللىتى ئۆزبېك بولسىمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىغا تولىمۇ قىزىقاتتى. ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كېيىنچە ئۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئۆ-

گىتىشى بىلەن بىر نەچچە ئۇسسۇل پەدىلىرىگە قول كۆتۈرۈپ، ئاياغ ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. توي - تۆكۈنلەرگە ئانىسى بىلەن بىللە بارغاندا، قىز دوستلىرىنىڭ ئۇسسۇلغا تارتىشى بىلەن سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ، مېھمانلارنىڭ قىزغىن ماختاشلىرىغا سازاۋەر بولدى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇسسۇلچى بولۇپ يېتىلىشىگە چېچىلغان تۇنجى ئىلھام چاچقۇسى بولدى. ئۇ قاتناشمىسا ئاياللار سورىنى قىزىمايتتى. جامائەتچىلىك ئىچىدە «ئۆزبېك قىزى زەينەپ ئۇسسۇلغا ئۇستىكەن» دېگەن گەپلەر تارالدى. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، كەسپىي سەنئەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى. «ئالتۇن قەدىرىنى زەرگەر بىلەر» دېگەندەك، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئويناشتىكى شوخ، چەبدەس ھەرىكەتلىرى ئۇلارنى جەلپ قىلدى ۋە سەنئەت ئۆمىكىگە تونۇشتۇرۇپ ئۇنى ئۇسسۇلچىلىققا قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى باشلاندى...

زەينەپ سىدىق 1952 - يىل 10 - ئايدا «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكى» گە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل، كېيىنچە يالغۇز ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇندىدى. ئۇ گەرچە بىرەر سەنئەت مەكتىپىدە مەخسۇس بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، بېشقەدەم داڭلىق سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئىگىلەشتە ئۆز تىرىشچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتمەي كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئۈچۈن تۆككەن تەرى بىكار كەتمىدى. 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رەتلەنگەن مىللىي «ناغرا ئۇسسۇلى» نى ئويناپ، تالانتىنى نامايان قىلىپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ سەھنە ھايا-



تىدا تۇنجى قېتىم قىسقان زەپەر گۈلى بولدى.

1956 - يىلى 9 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى» بىلەن زەپەر سىدىقمۇ سوۋېت قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەركەزلىرى ۋە چوڭ شەھەرلىرىدە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ ئۆزى يالغۇز ئورۇندىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي «ناغرا ئۇسسۇلى» نى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوينىغاندىن باشقا «قەشقەر سەنمى»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى»، دولانچە «جۇلا سەنمى»، خەنزۇچە «چاي تېرىش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئويناشقا قاتنىشىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ۋەتەن، خەلقىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى ھەم شۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا تونۇشتۇرۇلدى. زەپەر سىدىق ئويۇن قويۇش جەريانىدا ھارغىنلىق ھېس قىلماي جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلىرىدىن ئۆزبېكچە «كاتتا ئۇسسۇلى»، «رىز ئۇسسۇلى»، «سۇ بويىدا» (كوزا ئۇسسۇلى)، «لەرزان ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئەينەن ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەھنىلىرىدە نامايان قىلدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇ، يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا «تەخسە ئۇسسۇلى»، «چىنە - چەينەك ئۇسسۇلى»، «سەيلە ئۇسسۇلى»، «لەغمەنچىلىك ئۇسسۇلى»، «ھەكىت ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «كورلا سەنمى»، ئۆزبېكچە «جانان»، «مۇناجات» ئۇسسۇللىرى، تاتارچە «خۇشاللىق ئۇسسۇلى»، موڭغۇلچە «ئوردۇس ئۇسسۇلى»، چاۋشەنچە «يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلى»، خەنزۇچە «لىنتا ئۇسسۇلى»، رۇمىنىيەچە «بوتۇلكا ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى يالغۇز ياكى كوللېكتىپ ئويناپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - قىشلاق، زاۋۇت - فابرىكىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كەڭ تاماشىبىن

لار ئارىسىدا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلدى.

زەينەپ سىدىق ئويۇن قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەر
قايسى جايلاردىكى داڭلىق ئۇسسۇلچىلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز
ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئۇسسۇلچى-
لىق جەھەتتىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ كەسپىي جەھەتتە نە-
زەرىيىۋى ئاساس تىكلىدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان ئىشتىياقى
بارا - بارا ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە بولغان ھەۋىسىنى قوزغىدى.
ئۇ خەلق ئىچىگە چۆكۈپ، خەلق سەنئەت بايلىقىدىن «گۆھەر
قېزىش» نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئۆ-
گىنىش بىلەن تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈردى. تەكرار - تەكرار
ئىزدىنىپ، ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە قەدەم قويدى ھەمدە ئۇسسۇل
تاكتى ۋە بۆلەكلىرىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتنى مەشىقتىن ئۆتكۈزۈپ،
ئىجاد قىلغان ئۇسسۇلى ئۇستىدە پىششەدەم ئۇستازلارنىڭ پىكرىنى
ئالدى. كەمچىلىكلىرى بولسا ئەستايىدىل تۈزەتتى. شۇنداق قى-
لىپ زەينەپ سىدىق ئىجادىيەتكە كىرىشىش نەتىجىسىدە «باھار
ئۇسسۇلى»، «ئاياللار ھۆرلۈكى»، «پاختا ئۇسسۇلى»، «ئىلى سەنە-
مى»، «ئەمگەكچى قىز»، «مايسا ئۇسسۇلى»، «تارىم قىزى»، «ياغ-
لىق ئۇسسۇلى»، «باراڭ ئاستىدا»، «فابرىكىدىكى ئاچا - سى-
ڭىل» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى، مەرھۇم ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ھاجى
راخمان بىلەن، «دولان سەنىمى» نى ئۇسسۇل يېتەكچىسى ئىبرا-
ھىمجان بىلەن، «گۈلزارىم ۋەتەن»، «ئالملىق باغدىكى خۇشال
قىزلار»، «گۈزەل ئۆزبېك قىزلىرى» قاتارلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرى-
نى ئىجاد قىلىپ، بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆزى ئورۇندىدى. بەزىلى-
رىنى باشقىلارغا ئۆگەتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە قوشقان
ئىجادىي تۆھپىلىرىنىڭ بىر قىسىم مېۋىسى. بۇ ئۇسسۇللار مىللىي
شەكىلگە، رەڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، دەۋرىمىز خەلقىنىڭ ۋەتەنگە
بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى بەختىيار ھاياتىنى گۈزەل ئىستىق-
بالغا بولغان تەلپۈنۈشىنى جۇشقۇن، جىلۋىدار ھەرىكەت ۋە ئىم-
پادىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. «فابرىكىدىكى ئاچا - سىڭىل»
ئۇسسۇلى 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە

ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك كۆرەككە قاتناشتۇرۇلىدىغان نومۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. «دولان سەنىمى» 1979 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «تارىم قىزى»، «گۈلزارىم ۋەتەن»، «گۈزەل ئۆزبېك قىزلىرى» قاتارلىق ئۇسسۇللارمۇ سەنئەتكارلارنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ مۇناسىپ باھاسىغا ئېرىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ، 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىغا بېغىشلاپ ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» غا قاتنىشىپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

زەينەپ سىدىق 1986 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار شۆبە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

1987 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە «تىيانشان ئەتراپلىرىدا» پروگراممىسىدا زەينەپ سىدىقنىڭ قىرىق يىللىق سەھنە ھاياتى تۆھپىسى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ يالغۇز ئۇسسۇل ئويناش ۋە ئۇسسۇل ئىجاد قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، ئۇسسۇلچى تەربىيىلەش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش، ئۇسسۇل سەنئىتىگە رېژىسسورلۇق قىلىش جەھەتتىمۇ خېلى نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈردى. سەنئەت گۈلزارىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىزدىن مەريەم ناسىر، خەلچەم سىدىق، رەيھانگۈل، ھۆرىيەت، خەلچەم راخمان، دىلنار، گۈلباھار قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە زەينەپ سىدىقنىڭمۇ ئالاھىدە تۆھپىسى بار. بۇ، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك تۆھپە سەنئىتىمىز تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغۇسى.

## سەنئەتكار باغۋەن

### تۇرسۇنئاي يۇنۇس

مەملىكىتىمىز ئازاد بولۇپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت-
لەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىمۇ گۈللىنىش
دەۋرى باشلاندى. *1951* - يىلى غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستى-
تۇتىنىڭ مىللىي فاكۇلتېتىغا ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن قىرىق
نەپەر ئوقۇغۇچى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار
ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ
ئىنستىتۇتىدا سەنئەت فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى. شۇ ئاساستا
پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى.

ئۇسسۇل كەسپى بويىچە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقىمۇ
ئارقا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت ۋە
ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىگە بېرىپ ئۇسسۇلچىلىق كەسپىي
تايانچىلىرىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇسسۇلنى زور تەرەق-
قىياتلارغا ئېرىشتۈردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر
تۈركۈم ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرى، ئۇسسۇل رېژىسسورلىرى، ئاتاق-
لىق ئۇسسۇل چولپانلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىقتى.
ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ،
ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شۆھرىتىنى تارىتىپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇل چول-
پىنى خەلچەم سىدىق، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر
كىنو ئارتىسى رەيھان ئابلىز، ئۈمىدلىك ئۇسسۇلچى ھەبىبەلەرنىڭ
زوق - شوخ ۋە جەزبىدارلىق بىلەن ئورۇندىغان ئۇسسۇل نو-



مۇرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇنى ئۆز پەرزەنتىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن سۆيۈملۈك ئۇستازلارنى سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز، ئەلۋەتتە.

مىليونلىغان يۈرەكلەر «ئۇلۇغ» سۆزىنى ئىنسان روھى ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى باھا دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئىنساننىڭ ئىككىنچى ئانىسى، ئىنسان دىلىنى يورۇتقۇچى چىراغ، ئەجدادلارنىڭ ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا كۆيۈۋاتقان شام. تارىختىن بۇيان ئۇلۇغ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شان - شەرىپىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن كىشى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مۇقەددەس ئۇستازى.

شىنجاڭ سەنئەت شۆبىۋەنى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، لېكتور زەينەپ سابىت ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن بۇيان سەنئەت مائارىپى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، دەۋرىمىز ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن كۆپلەپ ئۇسسۇلچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىۋاتقان ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر باغۋەنلەرنىڭ بىرى.

زەينەپ سابىت 1936 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1943 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 6 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1948 - يىلىدىن 1951 - يىلغىچە سابىق ئۈرۈمچى قىزلار 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى. 1951 - يىلى ئون بەش ياشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى زەينەپ سابىت غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مىللىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ئاتاقلىق پېشقەدەم ئۇسسۇلچى، مىللىي فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى قەمبەرخانىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، بۇنى ئۆزى ئۈچۈن زور بەخت - ئامەت، شېرىن چۈشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى دەپ قارىدى. يېڭى جۇڭگو، ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئاچتى. يېڭى بەخت شادلىقى جۇشقۇن كەيپىيات ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. ئۇ شۇ دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان ياش

قىزلارغا ئوخشاش شوخ، رومانتىك ئىدى، يېڭى تەرەققىيات-
كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشقا، غايىگە ئىنتىلەتتى، لە-
ۋ تولستوينىڭ «غايە يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ، غايە بول-
مىسا قەتئىي تەۋرەنمەس يۆنىلىش بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئې-
سىدە چىڭ تۇتاتتى. كەلگۈسىدە ياخشى بىر ئۇسسۇلچى بولۇش
غايىسىنى تىكلىگەن بۇ قىز ئۇسسۇلنىڭ دەسلەپكى ھەرىكەتلىرىنى
ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ بالېت ئۆگەنگەندە ئۆزىگە تەلەپچان،
قاتتىق بولۇپ، چېكىلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر چىققۇچە
ھەرىكەت قىلدى. چۈنكى بالېت ئۇسسۇلى بەدەننى گۈزەللەشتۈ-
رۈپ، يېنىك، چەبدەس قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ
ئۇسسۇلچىلارغا خاس زىلۋا تۇرقى، يارىشىملىق بەستى، مۇزىكا
سېزىمچانلىقى مىللىي ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتىنى تېز ئىگىلەش-
تە ئۇنى ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ قەمبەرخانىمنىڭ ئۆز
قىزىدەكمۇ ئارتۇق مېھرىبانلىق بىلەن ئۆگىتىشى ئۆزىنىڭمۇ ئۇس-
سۇلدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈشى ئار-
قىسىدا ئۇسسۇلدىكى تالانتى بارا - بارا كۆزگە كۆرۈندى. جا-
پالىق ئۆگىنىشتە ئېرىشكەن دەسلەپكى نەتىجىلىرى ئۇنىڭغا
تېخىمۇ زور غەيرەت - شىجائەت بېغىشلىدى. ئۇ تۇنجى
قېتىم قەمبەرخانىم ئىجاد قىلغان «تەخسە ئۇسسۇلى» نى
ئورۇندىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سىلىق، قەدىمى يېنىك ئىدى. قو-
لىنى ئازادە كۆتۈرۈپ تەخسىنى ئۇدارغا تەڭكەش قىلىپ چېكىپ،
خۇش خۇي تەبەسسۇم بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭغا قا-
راپ تۇرغان ئۇستازى چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ساۋاق-
داشلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ رىغبەتلەندۈردى. شۇنداق
قىلىپ ئۇستازىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ پەيدىنپەي ئالغا ئىل-
گىرىلىدى.

بىر ئىنساننىڭ ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلى-
شى ئۈچۈن يالغۇز كەسپىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشلا كۇپايە

قىلمايدۇ. ئۇ يالغۇز كەسپىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە تەلەپچان بولدى. زەينەپ سابىت 1952 - يىلى ئىتتىپاق قوينىغا كىردى. 1953 - يىلى ۋەتەن، خەلقىمىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، شەرەپ بىلەن ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ «تەخسە ئۇسسۇلى»، ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «مۇناجات»، قازاقچە «ئەمگەك ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى زوق - شوخ بىلەن ئورۇنداپ پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ روھىغا ئىلھام بەردى.

1955 - يىلى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ بەختلىك، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان بىر يىل بولدى. ئۇ جۇڭگو ياشلار ئۆمىكى تەركىبىدە ۋارشاۋاغا بېرىپ 5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىپ ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ياشلار ۋە سەنئەتكارلار بىلەن ئۇچراشتى ھەم ئۆمىكىمىز ئورۇندىغان سەنئەت كېچىلىكىدە «تەخسە ئۇسسۇلى»نى ئوينىدى. ئۇ ھاياجانلانغان، شادلانغانىدى. ئۇ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ جۇڭگو ياشلار ئۆمىكى تەركىبىدە دانىيە، ئىسلاندىيە قاتارلىق ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقىلى بېرىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. زەينەپ سابىت ئەنە شۇ چاغلارنى ئەسلىگىنىدە ھازىرمۇ بەخت ياشلىرى مەڭزىدە مەرۋايىتتەك يالتىرايدۇ. ئۇ ئەگەر شۇ پېتى سەھنە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئارتىسى بولغان بولسا، بەلكى ھازىرغىچە داڭلىق ئۇسسۇل چولپىنى بولغان بولاتتى. بىراق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىۋالدى.

ئۇ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، مول، ئۇزۇن تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، ئۇسسۇل بايلىقىغا ئىگە. «ئۇرۇق

چاچساملا چوقۇم مول - ھوسۇل ئالالايمەن» دېگەن ئارزۇنى قەل-
بىگە پۈكتى.

ئۇ ئۇستاز بولدى. ئۇستاز نەقەدەر ئىللىق سۆز — ھە!
زەينەپ سابىت ئەجىر - مېھنەت دېڭىزىدا توختىماي ئۈزۈپ،
سەنئەت گۈلزارلىقىدا بىر توپ غۇنچىلارنى تەربىيىلەشكە بەل
باغلىدى. كەسپىي ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇسسۇل كەسپىگە قوبۇل
قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىكى ئون بىر - ئون ئىككى ياش،
چوڭلىرى ئون بەش ياشلاردا ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە
كەلگەندە چاچلىرىنى تۈزۈكمۇ تارىيالمايدىغان كىچىك، ساددا
باللار ئىدى. ئەمدىلا خىزمەتنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان
ياش قىز زەينەپ سابىت ئۇلارغا پۈتۈن مېھرىنى تۆكۈپ ئۇستاز
ھەم ئانا بولدى. ئۇ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ كۆز ئالدى-
دا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئۇستازى
ئۆزىگە تەلەپ قويغاندەك تەلەپ قويۇپ، ئۇسسۇل ئۆگىتىشكە
باشلىدى. مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلى ئۆزىنىڭ بەدىئىي
گۈزەللىك يارىتىشتىكى ئۇسسۇللۇق شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى
بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ مەنىۋى
ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى نەپىس ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن-
مۇ مەشھۇر. ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى بەدەننىڭ مەلۇم
قىسىمدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بەدەننىڭ ھەممە قىسىملىرىدا
گۈزەل، رىتىملىق ھەرىكەتنى ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئەۋزەل-
لىككىلىرىگە ئىگە. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى
ۋە ھېسسىياتنىڭ لىرىكىلىقى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنىڭ
تۈپ ئالاھىدىلىكى. زەينەپ سابىت ئوقۇغۇچىلارغا بىر تەرەپتىن
نەزەرىيە سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ھەرىكەت-
لىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا «تەخسە ئۇسسۇلى» نى ئۆ-
گەتكەندە ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سىلىق، نەپىس
بولۇشىنى، خۇددى دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان قېيىقتەك مېڭىشىنى تە-

لەپ قىلاتتى. بېشىدا پىيالە، قولىدا تەخسە چېكىش بىلەن مۇزىكا رىتىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناش ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭغا يۇقىرى ماھارەت، ئەقىل - پاراسەت كېرەك. زەينەپ سابىت ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ھەرىكەتنى قايتا - قايتا كۆرسىتىپ، زېرىكمەستىن ئۆگىتىپ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. قىزلار خۇددى كۆلدىكى نىلۇپەر گۈللىرىدەك لەرزان ھەرىكەت قىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېسى - يادى ھەرىكەت بىلەن بېشىدىكى پىيالە، قولىدىكى تەخسىدە بولغاچقا، چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالمايتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟

مۇزىكا توختىدى. زەينەپ سابىت ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ: «توختاڭلار قىزلار، ياخشى ئوينىدىڭلار» دېدى. ئۇستازىنىڭ سۆزى ئوقۇغۇچىلارنى خۇش قىلدى. ئۇنىڭغا مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىغا ئالاھىدە گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرغان نەرسە قول، پۇت ھەرىكەتلىرىدىن تاشقىرى بەدەن ھەرىكەتلىرى، باش ھەرىكەتلىرى، قىياپەتنى ئىپادىلەشتىكى رىتىمدارلىقى، مەنىدارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىندىن ماسلىشالايدىغانلىقىدۇر. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇسسۇل ۋە ئۇسسۇل ئويناشتىكى ھېسسىيات ۋە قىياپەت توغرىسىدا مىساللار بىلەن سۆزلىدى. ئاخىرىدا «قېنى قىزلار، ئەمدى ھەرىكەت، مۇزىكا، قىياپەت، ھېسسىياتنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئويناڭلار» دېدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىنىڭ سىلىق ئەمما مەنىلىك سۆزلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتا قىياپەتكە سەل قارىغانلىقلىرىنى بىلىشتى.

ئۇ 1957 - يىلى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يېزا - قىشلاقلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ خەلق تۇرمۇشى، خەلق سەنئىتى بىلەن تونۇش-

تتى. خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللارنى ئۆگەندى. خەلق ئۇسسۇللىرى ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان، كەڭ خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ھەم خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئۇسسۇللاردا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي شەكىللەر بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، سەنئەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق خەلق ئۇسسۇلى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ۋە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسا، زەينەپ سابىت مىللىي ئۇسسۇل دەرسلىك قوللانمىلىرىنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئۇ چارە - تەدبىر ئىزدەپ، ئۇسسۇل سىنىپلىرىدا دەرسلىك يوق بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، قەمبەر خانىم رەتلىگەن دەرسلىك ئاساسىدا باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە دەسلەپكى قەدەمدە دەرسلىك رەتلەشكە قاتناشتى. قەمبەرخانىم بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئىسىم قويدى.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى سالام، پۇت ھەرىكىتى، قول ھەرىكىتى، ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە ئۇسسۇل مەشىق ھەرىكەتلىرىنى رەتلەشكە ياردەملەشتى. ھەر بىر ھەرىكەتكە قويۇلغان بۇ ئىسىملار شۇ پېتى قوللىنىلىپ، تولۇقلىنىپ ھازىر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە 1958 - يىلى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بارلىققا كەلدى. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمۇ دەرس ئەمەلىيىتى جەريانىدا تولۇقلىنىپ، سالماقلىققا، جەزبىدارلىققا ئىگە بولدى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب ۋۇجۇدقا كەلدى.

زەينەپ سابىت ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تالانت ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتە سەنئەت پېداگوگىكىسىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا ئۆز سىنىپىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، خاراكتېرى،

ئارزۇسى، پسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قىيىن-چىلىقلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى، كەسپىي جەھەت-تىن ئەترابلىق ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بەردى.

ئۇ مىللىي ئۇسسۇل دەرسى ئۆتۈشتە ئىمكانىقەدەر ئۆزى ئىـ-گىلىگەن قەمبەرخانىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسسۇل تىلىنى ۋە ھەرىـ-كەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى. بۇ جەھەتتىن ئۇ-نىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

زەينەپ سابىت 1962 - يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. ئۇ شۇ قېتىمقى زىيارىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىسى مۇكەررەم تۇرغانبايېۋا بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ئۆزبېك ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتى، مۇ-ۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇر-دى. ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ پەرقلەر ئۈستىدە ئىزدەندى. ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۆزىنى ئىللىق قۇچىقىدا ئۆستۈرگەن پارلاق ئىستىقبالىغا يول ئېچىپ بەرگەن گۈزەل ۋەتىنىنى، ئۆز خەلقىنى، ئۇستازلىرىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. زەينەپ سابىت ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلىرىغا قارىماي ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆز ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، چۈنكى ۋەتىنىم ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - ئىدراك بەرگەن. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى ئۇلۇغ خەلقىم ماڭا سەنئەت يولىنى ئېچىپ بەرگەن. مەن قانداق قىلىپ ۋە-تىنىم، خەلقىم، ئۆزۈم سۆيگەن كەسپىمدىن ئايرىلاي؟»

ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ زور غەيرەت-شىجائەت بىلەن جاپا - مۇشەققەتلىك يىللارنى باشتىن كەچۈ-رۈپ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى داۋاملاشتۇردى. دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلارمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. ياش

نوتىلار ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىدە چېچەكلەپ مېۋە بەردى.

ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن خەلچەم سىدىق، رەيھان ئابلىزدەك ئۇسسۇل چولپانلىرى، تارباغاتاي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قاسىم، قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى، رېژىسسورى ئابلىمىت توختىغا ئوخشاش قابىلىيەتلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. يېقىندا زەينەپ سابىت تۇغقانلىرىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى فىلورىدە مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانىدا «مېنىڭ ئۇسسۇلچى بولۇپ يېتىلىشىمدە قەمبەرخانىم بىلەن زەينەپ سابىتنىڭ رولى چوڭ» دېگەنلىكى يېزىلغان. بۇ سۆزلەر زەينەپ سابىتنى ھاياجانغا سالدى. پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. شۇنداق، زەينەپ سابىتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەممە يەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۇسسۇل سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتماقتا. ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تاپقان، جاھان سەھنىلىرىدە ئالقىشلىنىۋاتقان مۇشۇنداق ئالتۇن دەۋردە ئۇنىڭ قەلبى قانداقمۇ ھاياجاندىن لەرزىگە كەلمىسۇن؟!

زەينەپ سابىت ئۇتۇقلار ئالدىدا مەغرۇرلانمىدى. قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بوشاشمىدى. ئۇ تېخىمۇ كۆپرەك ھەم يارامىلىق ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرىغا تېخىمۇ تەلەپچان بولدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا خەلق، تەشكىل، دۆلەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ھەر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى. بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي شەكلى، مۇزىكا سېزىمچانلىقى ياخشى دەپ قارىغان بالىلارنى ئاتا - ئانىلىرى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇشقا بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئەكسىچە سەنئەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان، كەلگۈسىدىمۇ سەنئەتچى بولۇش ئىستىقبالى بولمىغان بالىلارنى بولسا يېقىن تونۇشلىرى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن مەكتەپكە

قوبۇل قىلىشقا قىستايتتى، بۇنداق ئەھۋالنا يولۇققاندا ھەمىشە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۆمىدلىك ئۇسسۇلچىسى «بەخت ناخشىسى» كىنو فىلىمىدىكى باش رولچى ھەبىبەنى سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىش جەريانى مانا مۇشۇنداق مىساللارنىڭ بىرى. زەينەپ سابىت بۇ قىزنى تاللىغاندا ئائىلىسىدىكىلەرى ئۇنى ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇتۇشقا قوشۇلمىغان، ئەمما ھەبىبە ھەممە تەرەپتىن باب كېلەتتى. زەينەپ سابىت ئۇ قىزنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاخىر قايىل قىلدى. ھازىر ئۇ تالانتلىق ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ يېتىشتى.

زەينەپ سابىت ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا جاپالىق، ئەمما ئىنتايىن شەرەپلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايمەن، مەن ئۆزۈم تاللىغان بۇ يولدا ئاخىرغىچە ماڭىمەن. بۇ يول مەن ئۈچۈن ئىنتايىن شەرەپلىك يول.»

زەينەپ سابىت ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئېرىشكەن ھەربىر ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك. ئۇلار قازانغان شەرەپ زەينەپ سابىتقىمۇ مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشىشى بىلەن زەينەپ سابىتنىڭ قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئازار يېگەن كۆڭلى قايتىدىن شادلىققا تولدى. ئۇ شىجائىتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتلەرنى بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇ ئۇسسۇل بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر مۇنچە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتناشتى.

1973 - يىلى مەكتەپلەر ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئۇ مەكتەپتىكى ھەر قايسى كەسىپلەردىن تەشكىللەنگەن ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بىلەن ئىچ-

گىرىدىكى توققۇز سەنئەت مەكتىپىگە بېرىپ، ئوقۇتۇش تەجرىبى-
لىرىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1974 - يىلى ئىلى قازاق ئوبلاستى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناش-
قاندا، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە قازاق خەلق ئۇس-
سۇللىرىنى ئۆگەندى. تاشقورغانغا بېرىپ تاجىك خەلق ئۇسسۇل-
لىرىنى ئۆگىنىپ ۋە رەتلەپ دەسلەپكى قەدەمدە تاجىكچە ئۇسسۇل
دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ ھازىرغىچە تاجىكچە ئۇسسۇل دەر-
سىنى ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ.

1979 - يىلى مەملىكەتلىك سەنئەت مائارىپى يىغىنىغا قاتنى-
نىشىپ، 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى سەنئەت مائارىپىنىڭ
ئەھۋالى، سەنئەت مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سەنئەت ئىس-
لاھاتىغا ماسلىشىش توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرگە قاتناشتى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىز ئۇسسۇل ئەربابلىرىنىڭ سەنئەت
مائارىپىنىڭ بۇندىن كېيىنكى يۆنىلىشىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قوي-
غان تەھلىل ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ، سەنئەت مائارىپىنىڭ
كەلگۈسى مەنزىرىسىگە بولغان بىلىمىنى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇر-
دى. 1984 - يىلى سەنئەت مەكتىپى تەشكىللىگەن يەتتە كىشىلىك
گۇرۇپپا بىلەن بىرلىكتە كۇچادىكى مىڭ ئۆي، قۇمتۇر قاتارلىق
جايلارغا بېرىپ، قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى تارىخىي يادىكار-
لىقلىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ قەدىمكى كۇ-
سەن مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىدىكى نەپىس تام سۈرەتلىرىنى كۆر-
گەندىن كېيىن، قەدىمكى كۇسەن مىراسلىرىنى قېزىپ، جاھاننى
لەرزىگە سالغان كۇسەن ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋر
سەھنىسىدە نامايەن قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېخىمۇ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش-
نىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى.

زەينەپ سابىت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلى-
غان ئوڭۇشسىزلىقلارغا، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. گەرچە ئوڭۇش-
سىزلىقلار، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ئۇنى نۇرغۇن قىممەتلىك
نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۇنماس ئىرادىسىنى ئېلىپ

كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىل تەشنالىق بىلەن ئارزۇ قىلغان كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. 1984 ـ يىلى ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. 1986 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ سايلاندى. بۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى، ئۇ پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بەلباغلىدى.

1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان جۇڭگو مىللىي ئۇسسۇل دەرسلىكى تۈزۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش، رەتلەش ئاساسىدا دەۋرنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇكەممەل، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش دەرسلىك ئىشلەشكە بەل باغلىدى.

زەينەپ سابىتنىڭ قولنا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە پارتىيە، تەشكىل تېگىشلىك باھا بەردى. ئۇ 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئۇسسۇلچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

ئۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان داڭلىق ئۇسسۇل ماھىرلىرى، ئۇسسۇل ئۇستازلىرى بىلەن ياپونىيە، ئامېرىكا، چاۋشيەن، رومىنىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن چەت ئەللىك سەنئەت ئەربابلىرى ۋە ئارتىسلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتى. تەجرىبە ئالماشتۇردى.

ھازىر زەينەپ سابىتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر قايسى سەپلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. زەينەپ سابىتمۇ داۋاملىق ئالغا باسماقتا.

# مەشق زالىدىن دۇنيا سەھنىسىگىچە

## مەھەممەت شاۋۇدۇن

كېچە، ئالجىرىيىنىڭ پايتەختى ئالجىردىكى كاتتا بىر مېھمانخانىنىڭ ئازادە ھۇجرىسى. ئوتتۇرا ياشلىق، زىلۋا بويلۇق بىر ئۇيغۇر ئايال دېرىزە يېنىغا قويۇلغان يېزىق ئۈستىلىگە ئولتۇرۇپ خاتىرە يازماقتا، ئويلانماقتا ... دېرىزىدىن بۇ مۇسۇلمان شەھىرىنىڭ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان كېچىلىك مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېڭىز سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ رىتىملىق شارقىراشلىرى، دېڭىز قارلىغاچلىرىنىڭ چۇۋۇلداشلىرى جەزىبىلىك كۈيدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى ... ئۇ ھاياجانلانغانىدى. يۈرىكى قىنىغا سىغماي دولقۇنلايتتى. سەپداشلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ ھۇجرىغا كىرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقىچە پاراڭلىشىپ، چىقىپ كېتىشكىنىمۇ خېلى بولۇپ قالغانىدى. ياتاقدىشى — مەشھۇر موڭغۇل ئۇسسۇلچىسى دودومىلامۇ ئۇنىڭ بىلەن خۇشال مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدىكى ئېچىقلىق خاتىرىدىكى بېغىشلىمىغا چۈشكەندە، ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، خىيالچان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلگەندەك، خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئايرىم بىر بېتىگە «1984 - يىل 2 - نويابىر، ئالجىر» دەپ يېزىپ قويدى. بۇ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىمىز خەلچەم سىدىق ئىدى.

2 - نويابىر خەلچەم ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى كەچتە ئېلىمىزنىڭ ئالجىرىيىدىكى باش ئەلچىخانىسى ئالجىرىيە قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى



تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالجىرىيىگە كەلگەن جۇڭگو پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۇزىتىش زىياپىتى بەرگەنىدى. زىياپەتكە پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شى جۇڭشۈن، ئازادلىق ئارمىيە دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شاۋكېي قاتارلىق رەھبەرلەر، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، ئالجىرىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرىمىز، ئېلىمىزنىڭ ئالجىرىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقانىدى.

شى جۇڭشۈن، شاۋكېيلار زىياپەت زالىغا كىرگەندە، باش ئەلچىمىز ئۆمەك تەركىبىدىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. نۆۋەت خەلچەم سىدىققا كەلگەندە، باش ئەلچى شى جۇڭشۈن ۋە شاۋكېيلارغا خەلچەمنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ يولداش خەلچەم سىدىق بولىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، خەلچەمنىڭ ئۇسسۇلىنى پايتەخت ئالجىردىلا ئەمەس، ئالجىرىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تاماشىبىنلار ناھايىتى ياقتۇرۇپ كۆردى. ئۇ ئالجىرىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى».

بۇ چاغدا يولداش شى جۇڭشۈن خەلچەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، قىزغىنلىق بىلەن: «مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شى جۇڭشۈن بىلەن شاۋكېي ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزدى. زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان باش ئەلچى بىر چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ ئالجىرىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەلچەمنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇ ھامان زالدا ئالقىش ياڭرىدى. خەلچەم قۇشتەك يەڭگىل قەدەم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆپچىلىككە چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن «تەزە» ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەردى. زىياپەت جەريانىدا ئالجىرىيە سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينىلىپ، تىلىۋۇد-

زور ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان بۇ نو-
مۇر ژالدىكىلەرگە ئۆزگىچە بەدىئىي لەززەت بېغىشلاپ، گۈزەل
سەنئەت نامايەندىسى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇسسۇل تۈگىگەندە زال
لەرزىگە كەلگۈدەك چاۋاك چېلىندى. خەلچەم ئورنىغا كېلىپ ئول-
تۇرغاندا، شى جۈكشۈن، شاۋكېلار سەممىي تۈردە «بەك چىراي-
لىق ئويىنىدىڭىز» دەپ ئاپىرىن ئوقۇپ، خەلچەمنى يەنە بىر
قېتىم ماختىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تالانتلىق ئۇسسۇلچىغا مەسلىكى
كەلدى. شى جۈكشۈن خەلچەمدىن سوراپ قالدى:

— سىزنىڭ يۇرتىڭىز قەيەر؟

— كۇچا، — خەلچەم شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەندە،
شاۋكېي دەرھال سۆز قىستۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى، مەن كۇچاغا ئىككى قې-
تىم بارغان. كۇچا ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق يەر، قەدىمىي
سەنئەت ماكانى. سىز شۇڭا ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەنسىز، — دېدى.

شى جۈكشۈن شۇ يەردە خەلچەمنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە
«يولداش خەلچەم سىدىقتا يادىكار، مىللىي ئۇسسۇلنى زور دە-
رىجىدە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىڭلار!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ
بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەلچەمنى بېيجىڭغا بارغاندا، ئۆز ئۆ-
يىگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە كاتىپىغا «خەل-
چەمگە بىزنىڭ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بېرىڭ» دەپ
تاپىلىدى. شى جۈكشۈن يەنە خەلچەمگە ھۆرمەت بىلەن قەدەھ
تۇتتى ...

بۇ بېغىشلىمىنى خەلچەمنىڭ سەپداشلىرى، زىيابەتكە قات-
ناشقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار قولدىن - قولغا ئۆتكۈ-
زۈپ كۆرۈشتى ۋە خەلچەمنى تەبرىكلەشتى. «سىز بۇ قېتىم ھەقى-
قەتەن ئۆزىڭىزنىڭ يۈكسەك تالانتىڭىزنى كۆرسىتىپ، ۋەتەنگە
شان - شەرەپ كەلتۈردىڭىز» دېيىشتى.

خەلچەم ئالجىرىيىدە ئويۇن قويۇش جەريانىدا تاماشىبىن-

لار ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئەرباپلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. خەلچەمنىڭ ئۇسسۇلى ئالجىرىيىنىڭ قەيىرىدە ئوينالسا، شۇ يەردە يۇقىرى دەرىجىدە ئالقىشلىنىپ، كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇنداق دۇنياۋى سەھنىلەردە بۇ قەدەر زور ئالقىشلىنىپ، يۇقىرى نەتىجە، يۇقىرى باھاغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

خەلچەم ئالجىرىيىدە تۇنجى قېتىم ئويۇن قويۇشتىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى. سەنئەت ئۆمىكىگە 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىرىنچى مەيدان ئويۇن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئويۇن زۇڭلى مەھكىمىسىنىڭ زالىدا قويۇلماقچى ئىدى. بۇ زال ئېلىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ زالنىڭ سەھنىسى باشقىچىلا بولۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە پەسەيتىپ ياسالغان قىيپاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ سىلىق ئىدى. ئالدىنئالا سەھنىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەن خەلچەم بۇ يەردە قانداقمۇ ئۇسسۇل ئوينىغىلى بولار، دەپ ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ئوينىماقچى بولغان «تەزە» ئۇسسۇلى ئۈچىنچى نومۇر بولۇپ، پۈتۈن نومۇرلار ئىچىدە تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئاساسلىق نومۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ نومۇرنىڭ قانداق ئورۇنلىنىشى پۈتۈن بىر مەيدان ئويۇنغا تەسىر كۆرسىتەتتى. «تەزە» ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك ۋە ھەرىكەت دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۇنى بۇ سەھنىدە ياخشى ئورۇنداش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

خەلچەم 1980 - يىلى جۇڭگو شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە نىگېرىيە، يۇقىرى ۋولتا، توگو، گانا قاتارلىق ئەللەردە ئويۇن قويغاندا، نىگېرىيىنىڭ سېمونت سەھنىلىرىدە تىزلىرىنىڭ قاناپ كەتكىنىگە قارىماي ھەممە نومۇرلارنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان، گانانىڭ ئەينەكتەك سىلىق

سەھنىسىدىمۇ قىلچە چاندۇرماي ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى تولۇق نامايان قىلغان. ئۇزاقتىن بۇيان قاتتىق مەشق قىلىپ، نۇرغۇن چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن خەلچەم ئەمدى بۇ سەھنىدىمۇ ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينىيالامسىمۇ؟! خەلچەم قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، شۇ ھامان مېھمانخانىغا قايتتى ۋە مەشق كىيىملىرىنى ئەكىلىپ، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، بۇ سەھنىدە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ قاتتىق مەشق قىلدى. ئۇ قانچە پەم ۋە ماھارەت بىلەن ئوينىغانسېرى ئاياغلىرى سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق بولغانسېرى خەلچەم جىددىلەپ قايتا ـ قايتا مەشق قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئاخىر سەھنە شارائىتىنى ئىگىلەپ، كۆڭلى قانائەت تاپقاندىن كېيىن توختىدى.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمىگەنلىكتىن، شۇ كۈنلەردە خەلچەمنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمايۋاتاتتى. ئەتىسى ئۇ ئالجىرىيە ۋاقتى سائەت بەش يېرىمدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندىماقچى بولغان نومۇرنى بىرقانچە قېتىم ئويناپ مەشق قىلىپ، تەييارلىقىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى، مانا، ئاخىر ئۇنىڭ سەھنىگە چىقىش نۆۋىتى كەلدى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ، لەتاپەتلىك، لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن سەھنىدە بىمالال جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، ئالدىدىكى تاماشىبىنلارنى ئۇنتۇغانىدى. شۇدەم، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەكىلى، سەنئەت ئەلچىسى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى دۇنياغا نامايان قىلغۇچى دېگەن يۈكسەك غۇرۇر ھەم ۋەتىنىنىڭ يۈكسەك ئۈمىدى ۋە شان ـ شۆھرىتى يالقۇنلىسا، كۆز ئالدىدا ۋەتىنى، خەلقى نامايان بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى سەھنىدە ھەتتا پۈتۈن زالدا بىردىنبىر ھېسابلايتتى. «تەزە» ئۇسسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ بولغاندا، زالدا ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭرىدى، سەھنىگە گۈلدەستىلەر تاشلاندى. خەلچەم ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا سالام بەردى. بىرمۇنچە كىشى

سەھنىگە چىقىپ، خەلچەمگە گۈلدەستە تۇتتى ۋە خەلچەم بىلەن
بىللە سۈرەتكە چۈشتى...

كېيىن ئۇ، ئالجىرنىڭ باشقا سەھنىلىرىدە ۋە ئالجىرىيە-
نىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە كۆپ قېتىم ئۆز ماھارىتىنى كۆرسە-
تىپ، «تەزە»، «نىم پەدە»، «گۈلزارىم ۋەتەن»، تاجىكچە «توي
ئالدىدا» دېگەن ئۇسسۇللارنى ئورۇندىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە
ئوخشاشلا قىزغىن ئالقىشلىنىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. خەل-
چەمنى دۆلەت رەھبەرلىرى قوبۇل قىلدى، رادىئو، تېلېۋىزىيە،
گېزىت - ژۇرناللار ئۈزۈلدۈرمەي تونۇشتۇرۇپ تۇردى.

بىر قېتىم ئالجىرىيىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى زىياپەت
بېرىپ، سەنئەتكارلىرىمىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەت باشلى-
نىشتىن ئىلگىرى ئالجىرىيىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرى مېھمان-
خانىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا، خەلچەمنى ئۇسسۇلنىڭ قەدەم ھە-
رىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. خەلچەم چىملىق
مەيداندا قەدەم ھەرىكەتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بەردى.
سەنئەت مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ
باشلىقلىرى ۋە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلار بۇ ھەرىكەتلەرنى زوق بى-
لەن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندىن كېيىن: «ئۇسسۇل پىرى، ئۇسسۇل
پىرى! پۇتىنىڭ ھەرىكىتى مول، مۇزىكا رىتىملىقى كۈچلۈك، پۇت،
قول ۋە بەدەنىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ھەم ئۆزگىرىشچانلىقى يۇقى-
رى، مىللىي پۇراق كۈچلۈك ئىكەن» دېيىشتى. بۇلاردىن بىرەي-
لەن خەلچەمدىن قىزىقسىنىپ سوراپ قالدى:

— مۇشۇنداق يۇقىرى ماھارەتنى قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىش-
تۈردىڭىز؟ — خەلچەم ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ
بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىنتايىن قايىل بولۇشتى. بولۇپمۇ خەل-
چەمنىڭ تۆت يېشىدىن باشلاپ قاتتىق مەشىق قىلىشقا ئادەتلەن-
گەنلىكى ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى.

مانا بۇلار خەلچەمنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدى-

دىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.
11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ گۈزەل مەملىكەتتىن خوشلىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا قەدىمكى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ بۆلۈقى بولغان گرېتسىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاۋروپىلان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، سەنئەتكارلىرىمىزنى گرېتسىيىنىڭ قەدىمكى پايتەختى ئافىناغا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى ۋە سەنئەتكارلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ يەردىكى ئۈچ كۈنلۈك زىيارەت جەريانىدا خەلقىمىز يەنە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، قىزغىن ئالقىشلاندى. گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيىلەر ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر ۋە ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۇنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. گرېتسىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فراك دوستلۇق جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن بىر زىياپەتتە خەلقىمىزنىڭ ئون تال ئۆرۈمە چېچىنى سىلاپ ۋە قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— سىز كېيىنەكتەك ئوينىدىڭىز، گرېتسىيە خەلقىنى ھەيران قالدۇردىڭىز، — دېدى. دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى خايىسباۋمۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى يۇقىرى باھالىدى.
11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا ئويۇن قويغاندا ئەھۋال تېخىمۇ قىزغىن بولدى. خەلقىمىز بۇ يەردىمۇ «تەزە» ئۇسسۇلىنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئالقىش ياڭرىتىپ تۇرۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن تۆت قېتىم سەھنىگە چىقىپ سالام بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چېخوسلوۋاكىيە پايتەختى پراگادا ئويۇن قويغاندىمۇ يەنە شۇنداق بولدى. تاماشىبىنلار سەھنىگە گۈللەرنى چاچقاندىن تاشقىرى، بىرمۇنچە تاماشىبىنلار ۋە ئۇسسۇلچىلار سەھنىگە چىقىپ، خاتىرە دەپتەرلىرىگە خاتىرە يازدۇردى. چېخوسلوۋاكىيەدە تۇرۇۋاتقان بىر جۇڭگولۇق باش ئەلچىمىز سەھنىگە چىقىپ خەلقىمىزنى تەبرىكلەپ:

— بەك ياخشى ئوينىدىڭىز، پۈتۈن تاماشىبىنلار ۋە ئويۇنغا كەلگەن ئەمەلدارلار سىزگە يۇقىرى باھا بەردى. ياۋروپادىمۇ ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈردىڭىز، سىزگە رەھمەت، — دېدى.

شۇ قېتىمقى پۈتۈن ئويۇن قويۇش پائالىيىتى خۇلاسىلەنگەندە، خەلچەم نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى خەلچەمنى خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تۆت مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

تالانتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى كىچىكلىك ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلىنىشتىن باشلىنىدۇ. خەلچەم سىدىق ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى قاتارلىق جايلاردا تونۇلغان مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھۆرمەتلىك ھاشىمھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھاشىمھاجىم، سىدىق ئاخۇن، تۇراخۇن قاتارلىق مەشھۇر دارۋازلار؛ شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى، تۇرسۇن ئېلى قاتارلىق سازەندىلەر ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ ئائىلە ھەقىقەتەن بىر سەنئەت بۆشۈكى، سەنئەتكارلار ئائىلىسى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر كىچىك سەنئەت مەكتىپى ئىدى. ئىككى يۈز نەچچە يىللىق سەنئەت تارىخىغا ئىگە بۇ ئائىلىنىڭ سەنئەت نوتىلىرىنى تەربىيىلەشتە بىر يۈرۈش مول تەجرىبىسى، ئۇسۇل-چارىسى ۋە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قاتتىق ئىنتىزامى بار ئىدى، ئۇلار مەيلى شاگىرتلىرى بولسۇن ياكى ئۆز پەرزەنتلىرى بولسۇن، ئۇلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە كەلگەندە قىلچە كۆڭۈل يۇمشاقلىق قىلماي، كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى قاتتىق تەربىيىلەيتتى، تەربىيە قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ، دېگەندەك، بۇ ئائىلىدە تەربىيىلەنگەنلەر چوقۇم يۇقىرى ماھارەتلىك ماھىر سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى. ھاشىمھاجىكام ۋە سىدىق ئاخۇن ئاكام خەلچەمنى تۆت يېشىدىن باشلاپ قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ ئادەتلەندۈرگەن. خەلچەم تۆت يېشىدىن باشلاپ قانغۇچە ئۇخلاپ باققان، مەھەللىدىكى بال-

لار بىلەن خالىغانچە ئويناپ باققان ئەمەس. خەلچەم شۇ چاغدىن باشلاپ ھەر كۈنى قاق سەھەردە مەيدانىدا موللاق ئاتاتتى، ئىككى قولى بىلەن ماڭاتتى، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ھاۋا تاپان بولۇپ ئۇزاق - ئۇزاق تۇراتتى، چىغىرىق ئوينايتتى. مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، مەيلى قار - يامغۇر ياغسۇن ياكى شۇۋىرغان، بوران چىقسۇن، مەشق ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇلاتتى. خەلچەم پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ، پۇت - قولىدا جان قالمىسىمۇ، ھەممىگە چىداشقا مەجبۇر ئىدى، ھەتتا ياخشىراق مەشق قىلالمىسا، ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلمايتتى. قاچانكى ھەرىكەت كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغۇچە، ئۇنىڭغا ئارام يوق ئىدى، ئۇلار خەلچەمنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە باشتىن - ئاخىر قاتتىق تەلەپ قوياتتى... خەلچەم بىكار بولغان چاغلىرىدا مۇزىكا تىڭشايتتى، ئائىلىسىنىڭ شەجەرىسى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلايتتى. چوڭلارنىڭ خىلمۇ خىل ماھارەتلىرىنى كۆرەتتى، ئۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەتلەندۈرۈلگەن. بۇ ئائىلە مۇھىتى ۋە تەربىيە خەلچەمدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئىجتىھات ۋە سەنئەت ئىشتىياقى پەيدا قىلدى ھەم ئۇنى بارا - بارا تاۋلاپ، ئۆمەكنىڭ سەنئەت مايىسسى قىلىپ يېتىشتۈردى.

خەلچەم 1962 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ تېز ئىلگىرىلىدى، 1964 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە «يىپەكچىلىك فابرىكىسىدىكى ئاچا - سىڭىل» دېگەن ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى ياخشى ئورۇنداپ، شۇ يىلى مەملىكەتلىك كۆرەككە تاللاندى. بۇ ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن بۇيان سەھنىدە تۇنجى قېتىم نومۇر ئورۇندىشى ئىدى. بۇ قېتىمقى نەتىجە ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىلھام بولدى. خەلچەم تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ بىلەن مەشقنى

بارغانسېرى كۈچەيتتى. ھەتتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى ما-
لىمان يىللاردىمۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق مەشىق
قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. ئۈزلۈكسىز مەشىق خەلچەمنىڭ
ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. جۇزۇڭلى
1973 - يىلى «1 - ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى» نى خاتىرىلەش
يۈزىسىدىن چەت ئەللىك دوستلارغا زىياپەت بەرگەندە، خەلچەم
شۇ يەردە مەشھۇر يالغۇز كىشىلىك داپ ئۇسسۇلى «ئۈزۈمچىلىك
ئۇسسۇلى» نى ئورۇندىدى. بۇ چاغدا چەت ئەللىك دوستلار
خەلچەمگە ئاپىرىن ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە
چۈشتى.

خەلچەمنىڭ ئۈزلۈكسىز قاتتىق مەشىق قىلىش روھىغا كەسىپ-
داشلىرىدىن قول قويمايدىغىنى ئاز. بەزىلەر ھەيران بولۇپ،
خەلچەمنىڭ جېنى تۆمۈرمىدۇ؟ ھارمامدىغاندۇ، ئاغرىمامدىغان-
دۇ، دېسە، بەزىلەر ھەتتا، بۇ ئايالنىڭ نەپسى توختىسىمۇ مەشىق
زالىدا توختايدۇ، دېيىشىدىكەن. خەلچەم 1983 - يىلى قارامايدا
يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە، خەلچەمنىڭ
قاتتىق مەشىقىنى ۋە بىر كېچىلىك ئويۇندا ئۆزى يالغۇز 12
ئۇسسۇل ئويناپ چىققانلىقىنى كۆرگەن نېفىت ئىشچىلىرى قايىل-
لىق بىلەن «بۇ ئارتىسنىڭ جېنى تۆمۈر ئىكەن» دېيىشكەن.

خەلچەم ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن باشقا، سەپەر ئۈستىدە،
سىرتقى جايلارغا بارغاندا مېھمانخانىدا، ھەتتا پويىز، ئايروپىلان-
لاردىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەشىقنى داۋاملاشتۇردى، 1982 -
يىلى پويىزدا گۇاڭجۇغا كېتىۋاتقاندا، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئوتتۇز
تۇققۇز گرادۇستىن ئېشىپ كەتتى. بۇ چاغدا خەلچەم بىر تەرەپ-
تىن دورا يەپ، ئوكۇل ئۇردۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چىشىنى
چىشىغا چىشلەپ مەشىق قىلدى. 1984 - يىلى ئالجىرىيىگە كېتىۋ-
ېتىپ، قۇلىقىدىن ئۈنئالغۇنىڭ قۇلاقلىقىنى ئالماي، ئۆزى
ئورۇندايدىغان ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ ماڭدى،

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەشىق قىلدى.

خەلچەم ئادەتتە مەشىق قىلغاندا، جىننى ئاياپ رەسمىيەت ئۈچۈنلا مەشىق قىلماي، جان - جەھلى بىلەن مەشىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ، مەشىق زالىغا بىر كىرىپ كەتسە، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنۇتۇپ قالغان چاغلىرى كۆپ. ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇنداق مەشىق قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر قېتىم سەھنىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆز نومۇرىنى قايتا - قايتا مەشىق قىلىپ كەلدى. خەلچەم، ئارتىس ھەر بىر قېتىم سەھنىگە چىققاندا تاماشىبىنلار ئالدىدا بىر قېتىم ئىمتىھان بېرىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ تەييارلىقسىز سەھنىگە چىقماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

جاپانىڭ تېگى ئالتۇن. خەلچەم جاپالىق مەشقىنىڭ خاسىيىتىنى كۆردى. خەلچەم 1979 - يىلى مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «دولان سەنىمى» نى ئورۇندىدى. بۇ ئۇسسۇل 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ قېتىمقى كۆرەك گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانىدا خەلچەمنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ «...ئۇ ئورۇندىغان ئۇسسۇلدا خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئۇسلۇبى ئېنىق ۋە روشەن، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئەۋرىشىم، لەتاپەتلىك، نەپىس، ئۇنىڭدا ھېسسىيات ئوچۇق ۋە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن. مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جېن شۇ قېتىم خەلچەم ئورۇندىغان نومۇرنى كۆرگەندىن كېيىن، سەھنىگە چىقىپ خەلچەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن 50 - يىللاردا قەمبەرخاننىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرگەن، ھازىر يېڭى قەمبەرخان چىقىپتۇ، سىز قەمبەرخاننىڭ ئىزىنى بېسىپسىز. مەن سىزنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدۇم. سىز بەك ياخشى ئوينىدىڭىز، سىز كىچىك قەمبەرخان، — دېگەن.

خەلچەمنى «كىچىك قەمبەرخان» دەيدىغان گەپ ئەنە شۇنىڭدىن

كېلىپ چىققان. بۇ چاغدا پايتەختتە چىقىدىغان «نۇر گېزىتى»، «بېيجىڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر خەلچەمنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇردى. ئۇ ئورۇندىغان «دولان سەنىمى» ئايرىم سىنئالغۇغا ئېلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تارقىتىلدى. بۇ ئۇسسۇل 1980 - يىلى ئېلىمىز بىلەن شياڭگاڭ بىرلىكتە ئىشلىگەن «گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمدە كۆرسىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلچەم مەملىكەت بويىچە ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىدى.

خەلچەم 1983 - يىلى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئاتمىش بىر مەيدان ئويۇن قويدى. شۇ قېتىمقى ئۇسسۇل كېچىلىكى توغرىسلىق «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 5 ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىدا، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئۇسسۇل» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلقى ئالتىنچى سانىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىلدى.

خەلچەم 1984 - يىلى يۈننەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقىنىدا، تەكلىپكە بىنائەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئويۇندىن كېيىن، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋۇشاۋباڭ، مۇئاۋىن رەئىسى دى ئەيلەن سەھنىگە چىقىپ، ئۇسسۇل كېچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىدى، دى ئەيلەن خانىم ئالاھىدە گۈل تەقدىم قىلدى. رەئىس ۋۇشاۋباڭ ئويۇندىن كېيىنكى بىر يىغىندا قىلغان سۆزىدە «خەلچەم ھەرقايسى مىللەت ۋە ھەرقايسى ئەلنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىدى، قايسى مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىسا، شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، شۇ ئۇسسۇلنىڭ ئۇسلۇبىنى ياخشى ئىپادىلىدى. بىز مۇشۇنداق ئاساسىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى. ۋۇ شاۋباڭ

1984 - يىلى 4 - يانۋار كۈنى خەلچەمگە: «سىزنىڭ سەنئەت جەھەتتە تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ، تاكامۇللىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

خەلچەم ھازىرغىچە مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆپلىگەن سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، داڭلىق ئۇسسۇل چولپانلىرى قاتارىدا كۆپ قېتىم ماھارەت كۆرسەتتى. 1987 - يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەزاسى سۈپىتىدە ئىچكى موڭغۇلغا باردى. شۇ يىلى 4 - ئايدا دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن گۇاڭشىدا ئېچىلغان ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى كۇرسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، بۇ يەردىمۇ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەردى. خەلچەم ھازىرغىچە ئالجىرىيە، گرېتسىيە، بېلگىيە، چېخوسلوۋاكىيە، فرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقى، نېگرىيە، يۇقىرى ۋولت، توگو، گانا قاتارلىق ئەللەردە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى.

خەلچەم مەيلى مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن ياكى چەت ئەللەرگە چىققاندا بولسۇن، مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلدى. خەلچەم مۇنداق دەيدۇ: پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن قانات بولۇش كېرەك. ئۇسسۇلچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قاناتنىڭ بىرى ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىش بولسا، يەنە بىرى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش. تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار دېگەندەك، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نى - نى ئۇسسۇل ماھىرلىرى، نى - نى مۇنەۋۋەر نومۇرلار بار؛ بىز بۇلاردىن ئىمكانقەدەر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى بېيىتىش ۋە ماھارىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن

خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم، شۇندىلا بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ يېڭى سەۋىيە يارىتالايمىز.

خەلچەم ئالجىرىيىگە بارغاندا، ئالجىرىيە سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ۋە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى بەملۇل ئىبراھىمدىن ئالجىرىيىنىڭ بىر داڭلىق خەلق ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىۋالدى. پاكىستاندا ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى، پروفېسسور ساگادىن پاكىستاننىڭ داڭلىق تۆت ئۇسسۇلىنىڭ بىرى بولغان «بىنجابى» ئۇسسۇلىنى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا، ھارغان - چارچىغىنىغا قارىماي كېچىلەپ ئۆگەندى. بۇ ئۇسسۇلنى خەلچەم ئۆگىنىپ بولۇپ ئويناپ بەرگەندە، ساگا خەلچەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى: خەلچەم ئۇسسۇلنى بىزنىڭ ئارتىسلىرىمىزدىنمۇ تېز ئۆگىنىۋالدى، ئەسلى يۇرتىنى ناھايىتى ئوبدان ئىپادىلىدى، مېنىڭ بۇ ئۇسسۇلۇم خەلچەم ئارقىلىق جۇڭگو تاماشىبىنلىرى بىلەن ئەينەن يۈز كۆرۈشىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال! بۇ ئۇسسۇل ئۈرۈمچى سەھنىسىدە ئوينىلىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە كۆرسىتىلگەندە ئۇلار خەلچەمدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. بەزى رەھبەرلەر ئارتىسلاردىن چەت ئەلگە چىققاندا، مۇشۇنداق ياخشى نومۇرلارنى ئۆگىنىپ كېلىشى كېرەك دېيىشتى. خەلچەمنىڭ بۇنداق ئۆگىنىۋالغان نومۇرلىرى ئاز ئەمەس.

خەلچەم يېقىندا ئاپتونوم رايون بويىچە سەرخىل ئۇسسۇلچى بولۇپ باھالاندى. «جۇڭخۇا مەدەنىيەت سېپىدىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» كومىتېتى بىلەن جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى بىرلىكتە تەييارلىغان «جۇڭخۇا مەدەنىيەت سېپىدىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» غا كىرگۈزۈلۈپ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

خەلچەم ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە، مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەنمەكتە.

# ئۇنىڭ يىلتىزى خەلق ئارىسىدا

## ئابلىز رەھىم

ئەنئەنىۋى تەنتەنىلىك قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئىدى. قەدىردان دوستۇم مەردان ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىللە ئۆزئارا قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتۇق.

ئىشىك چېكىلدى. مەن دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم.

ئۆيگە، ئۈچىسىغا ئەترەك كاستۇم - يوپكا كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك سالامەت ھەدەم بىلەن بىللە ئۇنىڭ خوش چاقچاق يولدىشى — ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى مەھەممەت داۋۇتكام كىرىپ كەلدى. بىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدۇق ۋە داستىخانغا تەكلىپ قىلدۇق.

مەن مېھمانلارنى مەردانغا تونۇشتۇردۇم.

گېئولوگىيە كەسپى بىلەن ئۆمرىنىڭ كۆپىنى تاغ - ئېدىرلاردا ئۆتكۈزۈپ، سەنئەت لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغان سەنئەتكە ئىشقىۋاز دوستۇم بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا دەررۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، بىر - بىرلەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بۈگۈن سىزلەر بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ تونۇشۇپ قالغانلىقىمدىن تولىمۇ خوشالمەن. چۈنكى مەن سەنئەتنى سۆيىمەن. سىزلەردەك تالانت ئىگىلىرىنى كۆرگەندە سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

ئەزەلدىن ماختىنىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايال ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ نېمە دېيىـ



شىنى بىلەلمەي پەقەتلا كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىز ئۇلارنى ئۇزۇنراق بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇق. بىراق ئۇلار باشقىلارنىمۇ يوقلاش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنى ئۇزىتىپ كىرىشىمىز بىلەنلا مەردان ھاياجان ئىچىدە مەندىن سورىدى.

— بۇ ئايالنى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى دېدىڭما؟

— ھەئە، ئۇ تالانتلىق ئۆزبېك ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى.

— مۇنداق دېگىنە، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىپتىخارى ئىكەن-دە، ئەجەبا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن، — دېدى مەردان سۆزۈمنى بۆلۈپ.

— بەلكىم سەن سەھنە، تېلېۋىزورلاردا تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى رەيھان ئابلىز ئورۇندىغان ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «يۈرەك شادلىقى» نى كۆرگەنسەن؟ ئەنە شۇ ئۇسسۇل سالامەت ھەدەمنىڭ ئىجادىيىتى.

— ھە، بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، گۈزەل ۋە نەپىس. كىشىنى ئۇنتۇلغۇسىز سەنئەت لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

باياتىن بېرى مەرداننىڭ ئايالى بىلەن ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئايالىمۇ گېپىمىزگە ئارىلاشتى. ئۇ ماڭا قاراپ:

— بۇ ئۇسسۇل دۆلىتىمىز ئازادلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتىمۇ دەيمەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشىمنى لىڭشىتتىم ۋە قولۇمدىكى تاماكىنى ئوت تۇتاشتۇرۇپ قانغۇدەك سۈمۈردۈم-دە، ئاندىن سۆز باشلىدىم.

1978 - يىلى سالامەت ھەدەمنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ئورنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىكى روھىي ئازابتىن مۇجۇلغان قەلبى، گويا شىپالىق روھىي مەلھەمگە ئېرىشكەندەك قايتىدىن ياپرىدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ چەكسىز شادلىقىنى بايان قىلىدىغان «يۈرەك شادلىقى» ئۇسسۇلىنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇ يەنە 1980 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە ئالاھىدە ياخشى باھالانغان ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»نىمۇ ئىجاد قىلىپ شىنجاڭدىكى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ لىن بياۋ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» كاساپىتىدىن يوقالغان سەنئىتىنى چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن قايتىدىن سەھنىگە چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنيا خەلقىغە نامايان قىلدى.

— ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى كۆپ ئىكەن - دە؟ ... ئۇنى سەن بىلىسەن، ئاغىنە، مالال كۆرمەي، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىغىنە سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق؟! — دېدى مەردان ماڭا قاراپ ئۆتۈنگەن ھالدا.

مەن سەل ئويلىنىپ ئۇنىڭغا رازىلىق بەردىم ...

سالامەت ئالىمجان 1940 - يىل 7 - ئايدا قاغىلىقتا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن دىندار ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، ئۇنى دىنىي ساۋاقلارنى پۇختا ئىگىلەشكە مەجبۇرلايتتى. بىراق يۈرىكىدە سەنئەت ھەۋىسى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان كىچىككىنە سالامەت ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇن توي - تۆكۈنلەرگە بېرىپ، ئۆزبېك ئاياللىرىنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇلىنى كۆرەتتى. ئۇ شۇ چاغدا كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغان ئۆزبېكچە «دوپپارىسە» ئۇسسۇلىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن تەركىب تاپقان سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئەگىشىپ كۇلۇبقا كىرىدۇ - دە، سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىغا بەكمۇ قىزىقىپ ئىختىيارسىز سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. كىم بىلسۇن، توساتتىنلا سوفلېر تۇرىدىغان تۆشۈكتىن چۈشۈپ كېتىپ سول قولىقى يېرىلىپ ئۆچمەس تاتۇق ئىزى قالىدۇ.

ئۇ مەكتەپكە كىرىشى بىلەنلا ئۆزىنى خۇددى سەنئەت گۈلزارىدىكى ئەركىن قۇشتەك ھېس قىلىپ، تىنىم تاپماي ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە ئوينىغان شوخ، گۈزەل ئۇسسۇلى بىلەن ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىنىڭ تولىمۇ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان بۇنداق ئوتتەك ئىشتىياقىغا قاراپ ئۇنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكىگە تونۇشتۇرىدۇ.

1952 - يىلى مارت كۈنلىرى ئىدى. خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بىر تالانت ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىدى.

ئۆزى سۆيۈپ، ئارزۇلىغان كەسىپكە ئېرىشكەن سالامەت پېشقەدەم ئارتىسلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى ئۇستازى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى خەيرىنسا تۆلەندى، ئابدۇقادىر ھاجىلارنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇنجى قېتىم قاسىمجان قەمبىرى يازغان «دېھقانلار ھاياتى» دېگەن درامىدا كەمبەغەل دېھقان قىزىنىڭ رولىنى

ياخشى ئويناپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

جاپالىق مەشق، تىنىمسىز ھەرىكەتلەر سالامەتنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈشكە ئاساس سالدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەن 1953ـ يىلى چاۋشيەن خەلقىدىن ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەنگە باردى.

ئۇ دائىم ئۆز ـ ئۆزىگە: «پارتىيە مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزدى. مەن ئەلۋەتتە ئارزۇلىغان كەسپىم ئارقىلىق ۋەتەن، خەلققە ياخشى تۆھپە يارىتىمەن» دەيتتى.

ئۇ ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ھاجى راخمان، ئىبراھىمجان، زەينەپ سىدىقلار ئىشلىگەن «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «پادىچى قىز ئۇسسۇلى»، «ناغرا ئۇسسۇلى» قاتارلىق مەشھۇر ئۇسسۇللارنى ئۆگىنىپ ۋە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. ئۇ پەقەت ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى ئويناش ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئۇرغۇتۇپ، مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولدى.

ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە، بەختىيار ھاياتقا ئېرىشكەن ئىشچان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سەنئەت سۆيەر تۇرمۇش ئادىتىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «گۈڭشې مەشرىپى»، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «بەخت بۇلىقى» قاتارلىق نومۇرلارنى ئىجاد قىلدى.

سۆزۈم شۇ يەرگە كەلگەندە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان مەردانىنىڭ ئايالى سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئۇنداقتا ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى دېسەك بولىدىكەن ـ دە، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ يەنە تاجىكچە ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «پامىردىكى بور-
كۆت»، «پامىر مىنبىگى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىشلىگەن، —
دېدىم مەن پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — ئۇ يېقىنقى زا-
مان ئۇيغۇر، تاجىك ئۇسسۇل تارىخىدا يېڭى ئىجادىيەتلەر
ياراتتى.

— ئەلۋەتتە بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر، تاجىك خەلقى
ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ - دە، — دېدى مەردان ھەممىمىزگە
قاراپ كۈلۈپ.

مەن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم.

1959 - يىلى سالامەت ئالىمجان ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھا-
رىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى
بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇئاۋىن باشلىق
بولۇپ تەيىنلەندى ۋە 1960 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىگە ئەزا بولدى.

شۇندىن باشلاپ ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆمەكنىڭ رەھبەرلىك
خىزمىتىنى ئىشلىسە، بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللان-
دى. قەلبىدىكى بۇلاق سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ۋەتەن
مۇھەببىتى، بەختىيار ھاياتقا بولغان ئىپتىخارى ۋە سۆيۈنۈشى
بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بېرىلىپ ۋەتەن، خەلققە يېڭى ئىجا-
دىيەتلەرنى ياراتتى ۋە بۇنىڭ شەرىپى بىلەن ۋىلايەتلىك، ئاپ-
تونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىن-
لىرىغا قاتنىشىپ تەقدىرلەندى. شۇ يىلى ئۇ يەنە مەملىكەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلگەن
قاباھەتلىك ئون يىل سالامەت ئالىمجانىمۇ «چەتكە باغلانغان
ئۇنسۇر»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» قىلىپ قويدى.
ئۇنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە سادىق قەلبىنى، سەنئەتكە ئاشىق ئوت
يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلىماقچى بولدى.

1973 - يىلى تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئىـ
جادىيەت گۇرۇپپىسىغا يۆتكىدى. يۇرتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى-
دىن ئىجادىيەت ئىلھاملىرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سالامەت ئالىم-
جان ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇر-
دى. ئۇ، شۇ يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك
روھى بىلەن «سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغدايمىز» ناملىق
ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ۋە «توقۇمىچى قىز»، «قار لەيلىسى»، «ئال-
دىنقى پوستا دۇشمەننى تازىلاش» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىش-
لىدى. ئۇ يەنە، سوتسىيالىستىك گۈزەل تۇرمۇش مەدھىيىلىنىد-
غان «قوغۇن تاتلىق، دىلدا شادلىق» دېگەن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل-
نى ئىجاد قىلدى. بۇ ئۇسسۇل 1980 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەم-
لىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە ئالاھىدە ياخ-
شى باھالاندى.

سالامەت ئالىمجان خەلق سەنئىتىنى سۆيگەنلىكى، پېشقەدەملەر-
دىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئاما ئارىسىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ مول تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈ-
چۈن ئۇ ئىجاد قىلغان باي مەزمۇنغا، يېڭى تېمىلارغا، گۈزەل
ۋە نەپىسلىككە ئىگە بولغان ئۆزبېكچە، ئۇيغۇرچە ۋە تاجىكچە
ئۇسسۇللار كىشىلەرنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ «يۈ-
رەك شادلىقى»، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»، «قوغۇن تاتلىق، دىلدا
شادلىق» ۋە «قار لەيلىسى» قاتارلىق ئۇسسۇللىرى مەملىكەت
ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئايتىللا قاسىم، رەيھان ئابلىز، مەھەممەت
داۋۇت، گۈلباھار سىدىق قاتارلىق ماھىر ئۇسسۇلچىلار تەرىپىدىن
دۇنيا سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

ئۇ مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە
ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت
ئەزاسى.

1981 - يىلى سالامەت ئالىمجان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل

ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

ئۇنىڭ سەنئەتكە تەشنا قەلبىدە يېڭى ئىجادىيەتلەرنىڭ ئىلھامى جۇش ئۇرماقتا. ئۇ ھازىر بىر تەرەپتىن رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ئىجادىيەتلەر يارىتىپ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشماقتا

— سەنئەتكارنىڭ قەلبى خەلقنىڭ قەلبى بىلەن تۇتاش بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدىكەن، — دېدى مەردان سالامەت ھەددەمگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ.

# ماھارەت بەيگىسىدىكى ھارماس تۇلپار

## تاش مامۇت

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئارتىسىمدۇ؟!...

بىر سوتكا داۋام قىلغان بوراندىن كېيىن، ھاۋا بارا-بارا سۈزۈكلىشىپ، جاھان خېلى تىنجىپ قالغانىدى. باشقىچە ئىللىق تۈس ئالغان توقسۇن بازىرىنىڭ گۈزەللىرىدە ئادەملەر ئۆزئارا قىستىشىپ تامدىكى ئېلاننى كۆرۈشۈۋاتاتتى.

ئېلاندا: «خۇش خەۋەر! شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ داڭدار ئارتىسى يولداش مۇھەممەت داۋۇت بۈگۈن ناھىيىمىز خەلقىگە ئويۇن قويۇپ بەرمەكچى، يولداشلارنىڭ كېلىپ كۆرۈشىنى قارشى ئالىمىز!...» دەپ يېزىلغانىدى. كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ غۇلغۇلا قىلىشتى:

— ئەجەبا، بۇ ئويۇننى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى قويماستىن، بىر قىزىقچى ئۆز ئالدىغا يالغۇزلا قويالامدىكىنە؟—

— ھەي ئاغىنىلەر، مۇشۇ ئېلان ئالدىراشچىلىقتا خاتا يېزىلىپ قالغان ئوخشايدۇ جۇمۇ؟

— ۋۇي ئاغىنىلەر بۇ يەردە بىكار گەپ تالىشىپ تۇرغۇچە شۇ قىزىقچىنىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىر كۆرۈپ باقايلى، جۈرۈڭلار!

تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ توپلاشقان ئادەملەر «دۇرۇس شۇنداق قىلايلى!» — دېيىشىپ تىياتىرخانا تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. «بىر قىزىقچى ئارتىس ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئويۇن قويىدىكەن!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان بازار ئەتراپىدىكى كىشىلەر

ۋېلسىپىت ـ موتسىكلىتلىرىغا مىنىشىپ ياكى تراكتور، ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ شەھەر تەرەپكە سەلدەك ئاقتى.

توقسۇننىڭ يازلىق كۆلۈبى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغدۇرىدىغان خېلى چوڭ زال ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى ئويۇن كۆرگۈچىلەر كۆپلۈكىدىن ئورۇندۇقلارغا سىغماستىن ئارىلىقتىكى يوللارغىمۇ ئادەملەر توشۇپ كەتتى.

ناغرا ـ سۇناينىڭ ھەيۋەتلىك، لەرزان تېمپىدا چېلىنغان ياڭراق ساداسى ئىچىدە بېشىغا ئېگىز قارا كۆرپە تۇماق، ئۇچىسىغا جىگەرەڭ چەكمەن تون كىيگەن شاب بۇرۇتلۇق قىران يىگىت قوللىرىنى كەڭ يايغان ھالدا «قەشقەر سەنىمى» گە ئويناپ چىقىشىغا پۈتۈن مەيدان تىمتاس ھالەتكە كۆچتى، ناغرا ـ سۇناي تازا قىزىق چېلىنىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ھاياجانغا چۆمگەن ئۇسسۇلچى خۇدىنى يوقاتقاندەك ھالەتتە بىر ئورۇندا چۆگىلەپ سەكرەپ رەسمىي ساماغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار گويا ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە شادلىققا چۆمگەن ھالدا ساما ئۇسسۇلىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ، بۇ نومۇرنىڭ قانداق تۈگەپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى.

ئادەتتە بىر كېچىلىك يىرىك تىياتىرلاردا باش رول ئالغۇچى ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى پائالىيىتى ھەر قانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھامان ئەتراپىدىكى سەھنىداشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ تۇرۇپ ئۆز ۋەزىپىسىنى قولايلىق ھالدا ئورۇندايدۇ. ئارتىسنىڭ كىيىم يەڭگۈشلىشى، گىرىم ئالماشتۇرۇشىغا ھەتتا چاي ئىچىپ ئارام ئېلىۋېلىشىغىمۇ ۋاقىت كەڭ ـ كۇشادە يېتىدۇ.

لېكىن مۇھەممەت داۋۇت ئۆز ئالدىغا تەنھا قويۇۋاتقان بۇ بىر يېرىم سائەتلىك ئويۇننى يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، تېز پىرقىراش، ئېگىز سەكرەش، تىزى بىلەن سىيرىلىپ مېڭىش قاتارلىق ئىنتايىن ئېغىر بەدەن ھەرىكەتلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان شۇنچە قىيىن ئۇسسۇللارنى خۇددى

يىگىتلەردەك چەبدەس ئويناش قىرىق بەش ياشتىن ھالقىغان مۇھەممەت داۋۇت ئۈچۈن ئېيتقاندا نەقەدەر مۈشكۈل ئىش — ھە! ئاددىسى بىر كېچىلىك ئويۇندا ئون نومۇرنى خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىم - كېچەكلەرنى ئون قېتىم ئالماشتۇرۇشقا، گىرىمنى ئون قېتىم ئۆزگەرتىپ، ئون خىل پېرسوناژنىڭ سىياقى بىلەن سەھنىگە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇبادا سىز ئاشۇ پەيتلەردە سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ شۇنداق بىر قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ يەردىكى جىددىيلىكنى كۆرگىنىڭىزدە كۆزلىرىڭىز ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

سۆھبەت جەريانىدا مەن ئۇنىڭدىن: شۇنچە كۆپ ھەم قىيىن نومۇرلارنى مەشىق قىلىپ، پۈتۈن بىر كېچىلىك ئويۇننى يالغۇز تەييارلاش سىزگە ئېغىر كەلمەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

— ئەلۋەتتە ئېغىر كەلدى، — دېدى ئۇ جىددىي ھالدا — بىراق ئېغىرچىلىقتىن قورققان ئادەم ھېچنېمىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئەقىل - ئىدراكتىن باشقا، ئاساسلىقى بەدەن ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئىپادە قىلىدىغان سەنئەت تۈرى بولغاچقا، ماڭا ئوخشاش ياشتا چوڭىيىپ مۇسكۇللىرى قېتىشىپ قالغان ئارتىسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ، ئەمما ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئىشتىياق ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان قەيسىرانە ئىرادە بولسىلا، كۆزلىگەن نىشانغا ھامان يەتكىلى بولىدىكەن. 1980 - يىلى بېيجىڭدا مەركىزىي ئوپېرا ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئايال ئۇسسۇلچىسى چېڭ ئەيلەن تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىغا مەخسۇس ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئارقىدىنلا يۈننەن ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئايال ئۇسسۇلچىسى داۋمېيلەنمۇ مەخسۇس ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزدى، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئايال ئۇسسۇلچىلىرىدىن مەريەم ناسىر، خەلچەم سىدىق، رەيھانگۈل ئابلىز قاتارلىقلارمۇ

مەخسۇس ئۇسسۇل كىيىملىكى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن مەندە «ئەجىبا، ئايال ئۇسسۇلچىلار ئۆز ئالدىغا تەنها ئۇسسۇل كىيىملىكى ئۆتكۈزەلەيدىكەنىيۇ، ئەر ئۇسسۇلچىلار ئۇنداق قىلالمامدۇ؟» دېگەن بىر ئوي پەيدا بولۇپ مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. بۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە ئوتتۇز يىلدىن بېرى باشتىن - ئاخىر سەھنىدىن چۈشمەي كېلىۋاتقان ئەر ئۇسسۇلچىلار بەكمۇ ئاز، كۆپلىگەن ئەر ئۇسسۇلچىلار ئۆي تۇتۇپ بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىنلا ئۇسسۇل سەھنىسىدىن چېكىنىپ كەتتى، شۇڭلاشقا ھازىرغىچە ئىجاد قىلىنغان ئەرلەر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىچىدە دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىققۇدەك سەۋىيىگە يەتكەنلىرى ناھايىتىمۇ ئاز، مەن دەل مۇشۇ ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن بۇ بىر كىيىملىك ئويۇننى تەييارلىغانىدىم،

مۇھەممەت داۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ ئادەم پەقەت تەييار نومۇرنىلا ئويناپ ۋە ھەر خىل قىزىقچىلىقلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشنىلا بىلىدىغان بىر ئاددىي ئارتىس ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىزنى دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن زور ئىستەك باغلىغان ئىستېداتلىق سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت - ئېتىقادىم تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى.

«سەنئەت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى بىر ئېغىز ئاددىي سۆزگە مۇجەسسەملىگەندە «ھېسسىيات» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. دەل ئاشۇ خىل قايناق «ھېسسىيات» مۇھەممەت داۋۇتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتلۇق ھارارەتكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تال قان تومۇرىغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ سەھنىگە چىققان ھامان تاماشىبىنلارنى ئاجايىپ لەرزىگە سېلىپ يايرىتىۋېتىدۇ، مەيلى ئۇ سەھنىلەردە ھەر خىل روللاردا ئويناپ چىق-

سۇن ياكى كاتتا سورۇنلاردا ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن ئويۇن قويـ
سۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى توي - تۆكۈن، مەشرەپ، بەزمىلەرگە داـ
خىل بولسۇن، ئۇ ھامان ئاشۇ قىزىقارلىق، جەزىبىدار ھەرىكەتلىـ
رى، خۇش چاقچاق يۇمۇرلۇق گەپ - سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى
قاتتىق كۈلدۈرۈپ غەش كۆڭۈللەرگە مەلھەم بەخش ئېتىدۇ.

لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېـ
لىدۇكى، ئۇ كىشىلەرنى ئاشۇنداق تېلىقتۇرۇپ قاتتىق كۈلدۈرگەنـ
دە، ھەرگىزمۇ بەزىبىر ئاتالمىش «ھەيبار ئارتىسلار» دەك چاكىنا،
ئەدەبسىز شېتىلىلىكلەرنى قىلمايدۇ، ئۇ ئورۇندىغان يۇمۇرلۇق، كوـ
مېدىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىجتىمائىي ھاياتنى
ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ئارقىلىق پىششىقلاپ تاۋلانغان. تۇرمۇش
مەنتىقىسىگىمۇ ئۇيغۇن، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان بەدىئىي جەۋـ
ھەرلەردۇر، تېخىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى،
يولداش مەھەممەت داۋۇت ئۆزىنىڭ ئوتتۇز ئىككى يىللىق سەھنە
ھاياتىدا، گوياكى قىشمۇ ياز سولماستىن دائىم يايپېشىل جۇلاـ
لىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ سەرخىل گۈل «كۈندە باھار» غا ئوخشاش،
ئۆزىنىڭ گۈزەل سەنئەت باھارىنى باشتىن - ئاخىر بىر خىلدىلا
ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ «ئوت يۈرەك شوخ يىگىت» كە خاس بولـ
غان تېتىك ۋە خۇش خۇي مىجەز - خۇلقىنى قىلچە ئۆزگەرتكىنى
يوق. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر يولداش مۇھەمـ
مەت داۋۇتنى ھەتتا دۇنياغا مەشھۇر كومېدىك ئارتىس — چارلىز
چاپلىن بىلەن بىر ئورۇندا قويۇپ، ئۇنىڭغا «ئۇيغۇر سەنئەت
گۈلزارىدىن يېتىشىپ چىققان چارلىز چاپلىن» دەپ پەۋقۇلئاددە
يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

مۇھەممەت داۋۇت بۈيۈك سەنئەتكار ئەجدادلىرىمىز سۇلتان
ئابدىرىشىتخان، ئامانىساخانلارنىڭ يۇرتى يەكەن شەھىرىدە بىر
نامرات تىجارەتچىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇنىڭ داـ
دىسى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، ئىستىقامەتلىك ئادەم، ئانىسى بولـ

سا ئاقارتىش دەۋرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، دادىسىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئوقۇمۇشلۇقراق، ئەمما كۆڭلى سۇنۇق، ناتىۋان مەزلۇم ئىدى، مۇھەممەت داۋۇت ئەنە شۇنداق خاراكتېر جەھەتتە بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان.

مۇھەممەت داۋۇت ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن باللىق دەۋرىمدە ھەر يىلى يازدا ئۆيدىكىلەرگە ئەگىشىپ «ئىلىشقۇ سەيلىسى» (يەكەندىكى يازلىق باراۋەت بولىدىغان جاي) گە چىقاتتىم، بۇ سەيلىدە مەشرەپ، قوشاقچىلىق، مەدداھلىق سېھرىگەرلىك، دارۋازلىق، ساغادى، سىرىكچىلىك قاتارلىق خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرى راسا قىزىپ كېتەتتى، مەن ئۇياندىن - بۇيانغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرايتتىم ھەمدە ئۆزۈمچە ئۇلارنى دوراپ باقاتتىم، ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ ئويۇنغا بەك خۇشتار بولۇپ قالغانىدىم.

1948 - يىلى مەن دىنىي مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ شۇ چاغدىكى يەكەن دارىلتام مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. دارىلتام مەكتىپىگە كىرگەندىن كېيىن، دەرستىن سىرتقى چاغلاردا سۆز سۆزلەش، پىرامىدا ئويناش، رەسىم سىزىش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتىم، كېيىن سەنئەت كورۇژوكىنىڭ ئاساسلىق «قىزىقچى»سىغا ئايلىنىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن مەندە سەنئەتكە نىسبەتەن خېلىلا ھەۋەس پەيدا بولغانىدى.

1950 - يىلى شىنجاڭ يېڭىدىن ئازاد بولغان مەزگىلدە تاماراخانىم، ھەلىمەخانىم قاتارلىق داڭلىق ئارتىسلاردىن تەركىب تاپقان سوۋېت ئۆزبېكىستان سەنئەتچىلەر دىلگاتسىيىسى يەكەنگە كېلىپ ئويۇن قويدى، ئەقلىمگە كېلىپ تۇنجى قېتىم كۆرگەن بۇ ھەشەمەتلىك ئويۇن ماڭا بەكمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى - دە، ماڭا شۇنىڭدىن باشلاپ سەنئەت ئورۇقى تۇنجى قېتىم يۇمران قەلبىمدە

بىخ ئۇرۇپ «مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئاشۇلارغا ئوخشاش ئارتىس
بولسام...» دەپ دائىم شېرىن خىيال سۈرىدىغان بولدۇم.
1952 ـ يىلى يازلىق كانىكول مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى چۈش-
تە ئانام مېنى بازارغا بېرىپ ئاچچىقسۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇدى، مەن
ئاچچىقسۇ بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ «ئالتۇن دەرۋازا» ئالدىغا بار-
غاندا، تامغا چاپلاقلىق ئېلانغا كۆزۈم چۈشتى، ئۇنىڭدا «سەنئەت-
نى سۆيىدىغان نامراتلار پەرزەنتلىرىنىڭ يەكەن ۋىلايەتلىك سانا-
يىنەپىسىگە كېلىپ ئارتىسلىككە ئىمتىھان بېرىشىنى قارشى ئالى-
مىز!» دەپ يېزىلغانىكەن، مەن ئېلاننى كۆرۈپ شۇ ئانلا ئۇ-
دۇل سەنئەت ئۆمەك تەرەپكە يۈگۈردۈم، بىراق مەن ئۇ يەرگە يې-
تىپ بارغاندا، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلار ئاللىقاچان كىرىپ كەت-
كەن بولۇپ، ئۆمەكنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىن چېلىك ئېتىلگەنى-
كەن، شۇ ئاندا قورۇنىڭ ئېگىز تېمىغا شاخلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن بىر
تۈپ قاپاق تىرەككە كۆزۈم چۈشتى ـ دە، شۇ هامان ئۇنىڭغا يا-
مىشىپ چىقىپ، قورۇنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتۈم، بۇ چاغدا دەر-
ۋازىۋەن كېلىپ مېنى تۇتۇۋېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى،
مەن ئۇنىڭغا يىغلاپ ـ قاخشاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋىدىم، بەختىمگە
يارىشا ئۆمەك سىياسىي كومىسسارىنىڭ دەرۋازا تەرەپتە بولۇۋاتقان
دەتالاشقا كۆزى چۈشتى بولغاي، دەررۇ يېتىپ كېلىپ، مېنىڭ
نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرگەنلىكىمنى بىر قۇر سۈرۈشتۈرگەندىن
كېيىن مېنى ئىمتىھان سورۇنىغا باشلاپ باردى.
كومىسسىيىلەر قاتارىدىن شىنجاڭ مىللىي سەنئىتىنىڭ يېتۈك
پېشۋاسى، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى مەرهۇم
قاسىمجان قەمبىرىمۇ ئورۇن ئالغانىكەن، مەن سەنئەتكە بول-
غان ئوتتەك ئىشتىياقىم بىلەن ئىزا تارتىش، هودۇقۇش دېگەنلەر-
نىڭ هەممىسىنى ئۇنتۇپ، «يەكەن سەنىمى» قاتارلىق بىر نەچچە
ئۇسۇلنى بىمالال ئويناپ بەردىم. قوشۇمچە ۋائىزلىقنىمۇ دوراپ
بەردىم، ئىمتىھانغا ئاتمىشقا يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشقان ئىكەنمىز،

ئاخىرىدا مەن قاتارلىق ئۈچ ئوقۇغۇچى ئۆتكەنلىكىمىزنى ئېلان قىلدى،
مەن ئۇزۇندىن بېيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن شېرىن خىيالىم-
نىڭ بۇگۈن تۇيۇقسىز ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولۇپ،
قىن - قىنىمغا سىغماستىن سەكرەپ كەتتىم.

مەن ئۆمەكتىن قايتىپ چىققاندا كۆز باغلىنىپ گۇگۇم چۈش-
كەنىدى. ئۆزۈمنىڭ چۈشتىن بۇرۇن ئاچچىقسۇ ئالغىلى چىققان-
لىقىم ئېسىمگە كېلىپ دادامنىڭ مېنى ساۋايدىغان چۇيقىسى كۆز
ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۆينىڭ قېشىغا كېلىپ مەڭدەپ تۇرۇپ قال-
دىم، شۇ ئەسنادا ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ دادام ئۆيدىن
چىقىپ كەلدى - دە، بەختىمگە يارىشا مېنى كۆرمەي شام نامىزى
ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىت تەرەپكە كېتىپ قالدى، مەن پۇرسەتنى
غەنىيمەت بىلىپ ئۆيگە كىردىم ۋە ئانامغا ئارتىسلىككە ئىمتىھان
بەرگەنلىكىمنى ئېيتتىۋىدىم، ئانام چالۋاقاپ:

— مۇنداق گەپنى ھەرگىز ئاغزىڭدىن چىقارما، دادىڭ ئۇقۇپ
قالىدىغان بولسا، پاقالچىقىڭنى چاقىدۇ! — دېدى.

ئانامغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، يىغلاپ - قاقشاپ تۇرۇپ
يالۋۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر كۆڭلى ئېرىپ يۇمشاپ:

— سەن ئۇ يەرگە بېرىپ بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ باق.
ئاڭغىچە مەن داداڭغا گەپ قىلىپ باقاي، ماقۇلغا كېلىپ قالسا
ئارتىس بولارسەن، زادى ئۇنىماي قويسا، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ
ھۈنەر ئۆگىنەرسەن، — دەپ يوتقان - كۆرپە ۋە نان - پان جۈن-
دەپ مېنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

مەن ئائىلەمدىكى بۇ توسقۇنچىلىقنى ئۆمەك رەھبەرلىكىگە ئىن-
كاس قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە ھەربىي سىياسىي كومىس-
سار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ دادام بىلەن ئانامغا سەۋرچانلىق بىلەن ئى-
دىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، دادام گەرچە ئېتقادى كۈچلۈك مۇتە-
ئەسسىپرەك ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ھەر نېمە
قىلىپمۇ روناق تاپالماي نامرات ئۆتكەن ئادەم بولغانلىقىنى، ئۇ-

ڭىڭ ئۈستىگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەكەنگە كەلگەندىن بۇ-
يان يوقسۇزلارنىڭ ھالىغا يېتىپ تۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ
بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياخ-
شى ئادەم ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغانىدى. شۇڭلاش-
قىمۇ ئۇ بۇگۈن ئۆز ئۆيىگە كېلىپ سەممىي چۈشەنچە بېرىۋاتقان
بۇ ھەربىي كومىسسارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن
شۈبھىلەنمەي، مېنى شۇ ھەربىي كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەر-
بىيىلىشىگە تاپشۇردى.
مەن سەنئەت ئۆمەككە يېڭىدىن ئارتىس بولۇپ كىرگەن ئاشۇ
يىللىرى يېزا - قىشلاقلاردا ئۇلۇغ يەرئىسلاھاتى ھەر تىكىتى داغدۇ-
غىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بىز مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى يېزىپ
بەرگەن دراما «دېھقانلار ھاياتى» ۋە باشقا لەپەر، ئۇسسۇل نومۇر-
لىرىنى تەييارلاپ يېزا قىشلاقلارغا ئېلىپ بېرىپ قويىدۇق ھەمدە
ئۆزۈمىز خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قاتارىدا بۇ سىياسىي ھەرىكەتكە
بىۋاستە قاتناشتۇق.
1953 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىملىق ئۆل-
كە بويىچە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى، كۆرەك جەريانىدا پېش-
قەدەم ئارتىسلارنى ئۆزۈمگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۆگەندىم،
مەسىلەن، ئابدۇگۈل، ئەمەت ئۆمەر، يولۋاسخانلاردىن «گۈزەل شىن-
جاڭ»، «ئالمىخان»، «قارا يورغام»، «دوپپىڭىزنىڭ گۈلمەن» دېگەن
لەپەرلەرنى ئۆگەندىم، ئابدىقادىر ھاجىم، ئابلىمىت ئەمەت قاتار-
لىق ئۇسسۇلچىلاردىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسىي مەشقلىرىنى
ئۆگىنىۋالدىم. شۇنىڭدەك يۇقىرىدىكى ئۇستازلارنىڭ ئورۇنداش سەن-
ئىتى جەھەتتىكى ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىك-
لىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم. بۇ مېنىڭ
بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشۈم ئۈچۈن دەسلەپكى ئا-
ساس بولۇپ قالدى.
1955 - يىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ يېتەكچىلىكىدىكى مەركىزىي

مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى مىللىي ئاپتونومىيە رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ھەر قايسى جايلاردا سەييارە ئويۇن قويدى، ئۇلار يەكەنگە يېتىپ بارغاندا، بىزنىڭ ئۆمەك ئۇلارنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس ئويۇن قويۇپ بەرگەندى، شۇ قېتىملىق ئويۇندا مەن «دولان سەنىمى»، «قەشقەر سەنىمى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ۋە «باھار»، «دوپپىڭىزنىڭ گۈلىمەن» دېگەن لەپەرلەرنى ئورۇندىدىم ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئۇستازلاردىن يالغۇز كىشىلىك ھەرىكەتلىك نومۇر «ئىككى يىگىتنىڭ چېلىشىشى»، «ئورمان بوشلۇقىدا»، «تاتارچە ئۇسسۇل» قاتارلىق نومۇرلارنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدىم.

مەركەزدىن كەلگەن سەنئەت ئەھلىلىرى ئېھتىمال مېنىڭ نومۇر ئۆگىنىشتىكى ئاشۇ ئالاھىدىلىكلىرىمنى كۆرۈپ مېنى «ئۆمىدلىك مايسا ئىكەن» دەپ مۆلچەرلىگەن بولۇشى كېرەك، ئۇلار شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مېنى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكىدى.

بېيجىڭ مېنىڭ سەنئەت كەسپىمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ تېخىمۇ يېڭى پەللىگە ئۆرلىشىم ئۈچۈن ياخشى زېمىن بولدى، بېيجىڭدە سەنئەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت بار ئىدى. مەن ئەمدىلىكتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىنى ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىلغار سەنئىتىنى كۆرۈپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نەزەر دائىرەم تېخىمۇ كېڭىيىپ باردى.

1957 - يىلى مەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت دىلگاتسىيىسىنىڭ قاتارىدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك «دۇنيا ياشلار فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ، «راك ئانسامبىلى» قاتارلىق نومۇرلاردا باشلامچى بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىدىم. 1959 - يىلى كۈزدە جۇڭگو مەدەنىيەت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاتارىدا بىر-

ما دۆلىتىگە چىقىپ، ئىككى ئايلىق زىيارەت ئويۇنى قويۇشقا قات-
ناشتىم، بۇ چاغدا «ناغىرا ئۇسسۇلى» ۋە «ئالمىخان»، «باھار»،
«گۈزەل ۋەتەن» قاتارلىق لەپەرلەرنى ئويناپ بىرما خەلقىنىڭ
قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدۇم. 1960 - يىلى 10 - ئايدا
جۇڭگو مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ قاتارىدا ئىككىن-
چى قېتىم موسكۋاغا زىيارەت ئويۇنى قويۇشقا چىقتىم. 1961 - يى-
لى 4 - ئايدا «جۇڭگو سەنئەتكارلىرى» ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قا-
تارىدا شىمالىي ياۋروپادىكى نورۋېگىيە، شۋىتسارىيە، دانىيە،
فىنلاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگە زىيارەت ئويۇنى قويۇشقا چىقتىم.

مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە تۇرغان
يەتتە يىل جەريانىدا مەن سەنئەت قانۇنىيىتىگە دائىر نۇرغۇنلى-
غان ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەپ، سەھنە سەنئىتى ھەققىدە بىر
قەدەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىمگە
ئىگە بولۇپ قالدىم.

ئەمدى مەن بۇ ساھەدە يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشنى مەق-
سەت قىلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش ئۆگىنىشىم تولىمۇ زۆرۈر
ئىدى، شۇڭا مەن رەھبەرلىككە قەتئىي تەلەپ قويۇپ، 1962 - يىلى
قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەلدىم.

مەن مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىش-
لىگەن بەدىئىي ماھارەتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭغا كېلىپ مول
تۇرمۇش خام ئەشيالىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پىششىقلاپ، تاۋلاپ
بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيەمنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش
ئۈچۈن راسا تىرىشىۋاتقىنىمدا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا
بورىنى ھەممىنى نابۇت قىلىۋەتتى!... «چەت ئەلگە باغلانغان جا-
سۇس» ھېسابلىنىپ قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا سازايى قىلىندىم.
سەنئەت ھاياتىمدىكى ئالتە - يەتتە يىللىق ئالتۇن دەۋرىم سۇ-
دەك ئېقىپ كەتتى، لېكىن مەن ئاشۇ مۇدھىش زۇلمەتلىك كۈن-
لەردىمۇ ئاساسىي مەشقنى خۇپىيانە ھالدا ئۈزلۈكسىز داۋاملاش-

تۇرۇپ، بەدەن ھەرىكىتى جەھەتتىكى يۇكسەك ماھارەت بىلەن مىللىي تۇرمۇش تۇسىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا داۋاملىق ئىزدەندىم. 1973 - يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكەلدىم. نابۇت قىلىنغان سەنئەت باھارىنىڭ قايتا كۆكلىشى ئۈچۈن قولايلىق ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

1976 - يىل 8 - ئايدا مەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ قاتارىدا ئافغانىستان، جەنۇبىي يەمەن، شىمالىي يەمەن، سۈرىيە، كۇەيت، ئىراق، پاكىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرگە، 1980 - يىل 8 - ئايدا نىگىرىيە، يۇقىرى ۋولت، توگو، گانا قاتارلىق غەربىي ئافرىقا مەملىكەتلىرىگە ۋە 1982 - يىل 6 - ئايدا تۈركىيە، ماراكەش دۆلەتلىرىگە زىيارەت ئويۇنى قويۇش ئۈچۈن چىقتىم.

1983 - يىل 8 - ئايدا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز تۆت يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق تارىخىي قىسسە «جۇڭگو ئىنقىلابى ناخشىسى» غا قاتنىشىشىم توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش كەلدى. مەن ئۆمىكىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى گۈلباھار سىدىق بىلەن بىللە شۇ ئويۇنغا قاتناشتىم.

نېمە ئۈچۈن مۇھەممەت داۋۇت 32 يىلدىن بېرى سىجىل ھالدا سەھنىدىن چۈشمەي، سەنئەت باھارىنى بىر خىلدىلا ساقلاپ، يېشى 46 گە يەتكەندىمۇ يەنىلا «ئوت يۈرەك شوخ يىگىت» دەپ ئاتالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ سەھنىدىكى چەبدەس، شوخ ۋە يۇمۇرلۇق بەدىئىي سېھرىي كۈچى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە شۇنچىلىك مەھلىيا قىلىۋالدى؟ نېمە ئۈچۈن پەقەت مۇھەممەت داۋۇتلا بىر كېچىلىك شۇنچە كۆپ، قىيىن، مۇرەككەپ نومۇرلارنى تەييارلاپ ئوينىيالىدى؟ ۋاھالەنكى بۇنىڭ ھەممىسى سەنئەت ئۈچۈنلا يارالغان مۇھەممەت داۋۇتتىكى

تەبئىي تالانتنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى ل. ن. تولستوي تالانت دېگەن ئۇقۇمغا «ئۇنىڭ بىر ئۇلۇشى تۇغما بولسا، قالغان توققۇز ئۇلۇشى تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر» — دەپ تەبىر بەرگەن، يولداش مۇھەممەت داۋۇتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسناسىز، دەرۋەقە، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئارتىسلارغا خاس بولغان پەۋقۇلئاددە ئامىل (سەنئەت كېلىتكىسى) شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن «خېمىرتۇرۇچ» بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەت داۋۇتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق داڭلىق ئارتىس بولالىشى جاپالىق مەشىق قىلىپ، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشكە دىققەت قىلىپ كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مۇھەممەت داۋۇت بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن كەسپىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چېنىقىش تەن سالامەتلىكنىڭ ئاساسى، ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنىڭ توپ كاپالىتى، بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئارتىسى بەدەننى قاتتىق چېنىقتۇرمىسا، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان نومۇرلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس...»

ئۇسسۇل كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇشۇنداق چوڭقۇر چۈشەنگەن مۇھەممەت داۋۇت ئوتتۇز يىلدىن بېرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە توخۇ چىللاش بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال ئون - ئون بەش كىلومېتر ئۇزۇنلۇققا يۈگرەيدۇ، ئاندىن بەدەننى سوغۇق سۇدا نەملەنگەن لۆڭگە بىلەن سۈرتىدۇ - دە، رېپېتىتسىيە زالىغا كىرىپ، بىر - ئىككى سائەتكىچە ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلىرىنى بېرىلىپ قاتتىق مەشىق قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئادىتىنى قىش، ياز دېمەي، مەيلى مەملىكەت ئىچى ياكى چەت ئەللەردە ئويۇن قويۇۋاتقان چاغلىرىدا بولسۇن، بىر كۈنمۇ توختىماستىن، مەشىق قىلىشنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

ئۇ بۇ جەرياندا ھەتتا مۇنداقمۇ بىر قىزىق ئىشقا يولۇققان:

1980 - يىلى غەربىي ئافرىقىدىكى نىگېرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىئامى شەھىرىدە زىيارەت ئويۇنى قويغان تۇنجى كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، قىرىق مىنۇتتەك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈپ قايتقاندا ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىنى تونۇيالماي، سوراي دېسە، تىلنى ئۇقماي تىت - تىت بولۇپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆزى باياتىن بېرى ئىشىك ئالدىدىن نەچچە قېتىم ئۆتكەن ھېلىقى بىنانىڭ ئىچىدىن باشقا ئارتىسلارنىڭ ئۈنلۈك توۋلاپ ئاۋاز تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇ ۋە ناتونۇش شەھەردە ئۆزىنىڭ ئىزىقىپ قېلىپ بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالمىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، يولداش مۇھەممەت داۋۇتنىڭ ئارتىسلىك ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بۈگۈنكىدەك ۋايىغا يېتىلىشىدە، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش بىلەن ئۇسسۇل مەشقىنى سىجىل داۋاملاشتۇرۇش ئۇنىڭ بىرىنچى ئەنگۈشتىرى بولغان بولسا، ماھىرلىق بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئىككىنچى ئەنگۈشتىرى بولغان.

مۇھەممەت داۋۇت ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۇسسۇل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى، داڭلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئۇسلۇبلىرىنى بىر - بىرلەپ قوبۇل قىلىپ ھەممىنى ئۆز ئۇسسۇلىغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ نەپىس، كۆركەم بولغان يېڭىچە بىر خىل ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... مەن پۇت ھەرىكىتىدىكى چاققانلىقنى دولان ئۇسسۇللىرىدىن، قول ھەرىكىتىدىكى چاققانلىقنى قەشقەر سەنەملىرىدىن، ھەييارلىق ۋە قىزىقچىلىقنى قۇمۇل، تۇرپانلارنىڭ ‹نازىركوم› ئۇسسۇللىرىدىن قوبۇل قىلدىم، شۇنىڭدەك يەنە ھەرقايسى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇب-

لىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئالدىم، مەسىلەن: قول ھەرىكىتىدىكى مەر-
دانىلىقنى خەيرىنىسا تۆلەندى، ئابدۇقادىر ھاجىدىن، پۇت ھەرى-
كىتىدىكى چاققانلىقنى ئالىم ئابدۇللا، ئابدىكېرىم روزىدىن، بە-
دەننى چىڭ تۇتۇشنى ھاجى راخمان، ئابلىمىت ئەمەتتىن، مىمىكا
جەھەتتىكى ئىپادىلەشنى ئابدۇگۈل، ئەمەت ئۆمەر، يولۋاسخانلار-
دىن، دولان ئۇسسۇلىنى مەكىتلىك دېھقان مامۇت شەيختىن ئۆ-
گىنىپ بۇلارنى ئۆز ئۇسسۇلۇمغا سىڭدۇردۇم، دېمەك، مېنىڭ
ئارتىسلىك كەسپىمدە ئۆسۈپ - يېتىلىپ بۈگۈنكىدەك زور شان -
شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىمنى يۇقىرىدىكى باغۋەنلەرنىڭ مەن ئۈچۈن
يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىدىن
ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن
بۇ قەدىردان ئۇستازلىرىمغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!»

مۇھەممەت داۋۇت «خەلق مەشرەپلىرى»نىمۇ بەركەتلىك
خەزىنە دەپ قاراپ ئىنتايىن چېۋەرلىك بىلەن ئۆگەنگەندىن نۇر-
غۇنلىغان پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە توخ-
تىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەشرەپلەردە ئوخشاش بىر مۇزىكا چېلىن-
غاندا ئوخشاشمىغان خاراكتېرلىك ئادەملەر ئوخشاشمىغان ئۇسلۇب
بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇت ئېلىشى
چاققان بولسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ قول ئېلىشى چىرايلىق، بەزى-
لىرىنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق تەبەسسۇم چىلۋىلىنىپ تۇرسا، يەنە
بەزىلىرىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، چېچەن، نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ
ئامىللارنىڭ ھەممىسى بىز ئارتىسلار ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر.»

مۇھەممەت داۋۇت ئادەتتە كىنو - تىياتىر كۆرگەندىمۇ باش-
قىلارغا ئوخشاش پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى
ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئۆگىنىشىنىڭ بىرخىل تۈرى سۈپىتىدە
دەرس قاتارىدا كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇ چارلىز چاپلىن
رول ئالغانلىكى كىنولارنى تەكرار كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈكسەك ئورۇن-
داش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ داڭلىق شياڭشېڭ-

چىسى خۇباۋلىنىشىمۇ ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ شىيائىشىڭ
ئېيتىشىچە ئۇستاتلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچە ئېيتى-
شىش، ۋائىزلىق نومۇرلىرىنى ئورۇنداشتا پايدىلانغان.

مۇھەممەت داۋۇت يەنە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشكىمۇ ئىنتايىن
تىرىشىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىۋاسىتە تەسىراتى ئۈستى-
دە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئارتىس بولغان ئادەم ھېكايە،
رومان، داستانلارنى كۆپلەپ كۆرگەندە، جەمئىيەتتە بولغان تونۇ-
شىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش بىلىملىرىنى ۋاستىلىك ئۆگىنىپ،
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، رەسىمنى كۆپ كۆرگەندە
سىترولۇق، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ، مۇزىكىنى
كۆپ ئاڭلىغاندا رىتىم تۇيغۇسىنى كۈچەيتكىلى ۋە پىكىر ھېسسى-
ياتىنى قاناتلاندۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇلار بىز ئارتىسلار ئۈچۈن
كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئامىللاردۇر...»

مۇھەممەت داۋۇتنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان تۈنجى
كۈنىلا، ئۇنى بىر «كىتاب مەستانىسى» ئىكەن. دېگەن تۇيغۇغا
كەلدىم، قارىسام ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ بوش يېرى يوق ئىدى، شى-
رەنىڭ ئۈستى، دېرىزە تەكچىلىرىمۇ، كارىۋاتنىڭ بېشىمۇ ھەرخىل
كىتاب - ژۇرناللار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، خاتىرە يېزىپ
قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم كىتاب - ژۇرناللارغا قەغەز قىستۇ-
رۇپ بەلگە قويۇلغان، مەن شۇنىڭغا قاراپ ھېس قىلدىمكى، ئۇ
بېيجىڭدىكى رېپېتىتسىيىدىن سىرتقى بارلىق ۋاقتىنى مانا مۇشۇنداق
قېتىرقىنىپ كىتاب كۆرۈپ جاپالىق ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدى-
كەن. دەرۋەقە، يارامىلىق ئۇستا ئارتىس بولۇش ھەقىقەتەنمۇ مۇش-
كۈل بىر ئىش ئىكەن!

مۇھەممەت داۋۇت ئۆز كەسپىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەچكە
ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزىدە ئارتىسلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئې-
سىل ئەخلاقىي - پەزىلەتلەرنى ئاڭلىق ھالدا يېتىشتۈرۈپ كەلگەن.
مەيلى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقاندا بولسۇن ياكى رەسمىي ئويۇن قويغان-

دا بولسۇن، مەيلى چوڭ شەھەرلەردىكى ھەشەمەتلىك كۇلۇبلاردا بولسۇن ياكى يېزا - قىشلاقلاردا ئويۇن قويغاندا بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاش بولۇپ، قىلچىمۇ مۇھىت - شارائىت ياكى تاماشىبىنلارنى تاللاپ مۇئامىلە قىلمايدۇ.

مۇھەممەت داۋۇتنىڭ تېخىمۇ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئالىي پەزىلىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ھەرقانداق بىر رولغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدۇ، مەسىلەن، 1979 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە ئۇنىڭغا سەھنىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۆزۈن سۇناي چېلىپ تۇرىدىغان بىر قوشۇمچە رول تەقسىم قىلىنغان (ئەسلى بۇ رول باشقا بىرسىگە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كىشى بۇ رولنى كىچىك كۆرۈپ چىققىلى ئۇنىمىغان)، ئۇ مۇشۇ رولغىمۇ ئالاھىدە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خۇددى ھېيت - ئايەم كۈنلىرى مەسچىتنىڭ پەشتاقىدا داپ - ناغرا، سۇناينى قىزغىن تەڭكەش قىلىپ چېلىۋاتقاندەكلا قىياپەتكە كىرىپ ئىنتايىن يۇمۇرلۇق ھەرىكەت قىلىپ، تاماشىبىنلارغا ئاجايىپ چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلىغان. ئۇ ئەنە شۇ كىچىككىنە رولنى ئىجرا قىلىشتىمۇ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەت داۋۇتنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ئۇنىڭ ئويۇن قويۇش ۋاقىتلىرىدىكى جىددىي پەيتلەردە ھەرقانداق ئېغىر كېسەل، قاتتىق ئازابلىنىشلارغىمۇ قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان قەيسىرانە روھىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

1960 - يىلى جۇڭگو مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى موسكۋاغا بېرىپ زىيارەت ئويۇنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇھەممەت داۋۇت «چېلەك بىلەن سۇ توشۇش» ناملىق رۇس ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىدۇ، بۇ ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ، سەھنىنى پىرقىرايدىغان ئىنتايىن قىيىن ھەم ئېغىر ئۇسسۇل بولسىمۇ، مۇھەممەت داۋۇت بۇ ئۇسسۇلنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇ بۇ نو-

مۇرنى بەش، ئالتە ئاينىچە قاتتىق مەشق قىلىپ، راسا پىششىقلاپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان بولغاندىن كېيىن، زىيارەتكە چىقىش ۋاقتى توشقاندا مەركەزدىكى رەھبەرلەر ئۆمەككە كېلىپ ئۇلارنىڭ نومۇرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تەكشۈرىدۇ. دەل شۇ كۈنى مۇھەممەت داۋۇت سەھنىدە ھېلىقى روسچە ئۇسسۇلنى ئويناپ تېزى بىلەن پىرقىراۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت تاختايدىن بورتۇپ چىققان بىر تال مىخقا پۇتلىشىپ كېتىپ، قاتتىق يىقىلىپ چۈشىدۇدە، سول پۇتىنىڭ ھوشقى چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، پۇتىنى گىپىسكە ئېلىپ تېڭىۋېتىدۇ، ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن زىيارەتكە چىقىش ۋاقتى توشۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا مۇھەممەت داۋۇت قەتئىيلىك بىلەن سوۋېتكە چوقۇم چىقىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەھبەرلىك ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئىككى نەپەر ئارتىس ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشتۇرۇپ ساماليوتقا چىقىرىدۇ، موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن جۇڭگو كونسۇلخانىسىدا يېتىپ تۇرۇپ كېسەلنى داۋالىتىدۇ. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئويۇن قويۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىدۇ. تۇنجى قېتىملىق ئويۇندا ھېلىقى روسچە ئۇسسۇلنى سەھنىدە ئورۇنداپ جۇڭگولۇق ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلىش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى.

مۇھەممەت داۋۇت پۇتىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي، پۇتىدىكى گىپىسنى ئېلىپ تاشلاپ تىياتىرخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن جىددىي ھازىرلىق قىلىدۇ. رەھبەرلىك بۇ چاغدا ئىنتايىن جىددىيلىشىپ تەسادىپىيلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن سەھنە خىزمەت خادىملىرىغا: «ئەگەردە مۇھەممەت داۋۇت سەھنىدە يىقىلىپ چۈشىدىغان بولسا شۇئانلا چىراغنى ئۆچۈرۈپ پەردىنى تېز يېپىۋېتىڭلار!» — دەپ جېكىلەپ ئالدىنئالا ئوقتۇرۇۋېتىدۇ، پەردە ئېچىلىپ شوخ روس مۇزىكىسى چېلىنىش بىلەن تەڭ مۇھەممەت داۋۇت سەھنىگە قويۇن-

ـدەك پىرقىراپ چىقىپ، خۇددى ساق ۋاقتىغا ئوخشاشلا قىلچە
چاندۇرماستىن ئۇسسۇلنى بىمالال ئوينايدۇ. ئەسلى بۇ ئۇسسۇلدا
تىزى بىلەن يىگىرمە قېتىم پىرقىرىغاندا مۇزىكىنىڭ ئاۋاز تىزمى-
سىغا دەل توغرا كېلەتتى، بىراق مۇھەممەت داۋۇت ئون تۆت
قېتىم پىرقىرىغاندىن كېيىن زادى بولالماي قالىدۇ. ئۇ قىلىنىڭ
ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئىنتايىن ھالقىلىق پەيتتە شۇنداق بىر
ئۇستاتلىق قىلغانكى، جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقنى قىزىقچى-
لىق بىلەن يېپىپ، پىرقىراشنىڭ ئورنىغا سەكرەپ ئويناپ قىلچە
چاندۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىيىن نومۇرنى بۇرۇنقىدىنمۇ قى-
زىقارلىق ئويناپ ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن
روس تاماشىبىنلىرى گۈلدۈراس ئالقىشلار ياغدۇرۇپ، مۇھەممەت
داۋۇتنى گۈل دەستىلەر بىلەن كۆمۈپ تاشلايدۇ.

يولداش مۇھەممەت داۋۇتنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرى
ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، 1967 - يىلى ئىيۇندا، جۇڭگو - پاكىس-
تان تاشيولىنى ياساشقا قاتناشقان پاكىستان ئىشچىلىرى قەشقەر
شەھىرىگە دەم ئېلىشقا كەلگەندە، رەھبەرلىك قەشقەر ۋىلايەتلىك
سەنئەت ئۆمىكىنى ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردۇ.
شۇ چاغدا مۇھەممەت داۋۇتنىڭ بوغۇزىغا يامان يارا چىققان بو-
لۇپ، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تېڭىۋېتىل-
گەن، ھەمدە دوختۇر ئۇنىڭغا يارىغا سۇ تەگكۈزمەسلىكنى تاپىلاپ
بىر ھەپتە دەم ئېلىشقا ئىسپراپكا يېزىپ بەرگەنىدى. بىراق پا-
كىستانلىقلارغا قويۇلىدىغان شۇ كۈنى كەچتىكى ئويۇنغا مۇھەممەت
داۋۇتنىڭ چوقۇم قاتنىشىشى زۆرۈر بولىدۇ، شۇڭا ئۇ بوغىزىدىكى
چاپلاقلىق بىنتنى ئېلىۋېتىپ ئۈستىگە گىرىم قىلىپ سەھنىگە چى-
قىۋېرىدۇ، ئۇ قاتتىق ھەرىكەت قىلغانلىقتىن چىلىق - چىلىق
تەرگە چۆمۈلۈپ، ھېلىقى ئوپېراتسىيە قىلىنغان يارىغا ئاچچىق
تەر كىرىپ كېتىپ، يارا تېخىمۇ زورۇقۇپ يامانلاپ كېتىدۇ، لې-
كىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئازاب تارتقانلىقىنى بانا قى-

لىپ ۋايساپ، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرستىشكە ئۇرۇنمايدۇ.
1980 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا مۇھەممەت داۋۇت شىنجاڭ تاخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن غەربىي ئافرىقا ئەللىرىگە زىيارەت ئويۇنى قويۇشقا چىققاندا قاقاس، چۆل - جەزىرىلىكتە ئاپتوموبىل بىلەن يەتتە، سەككىز سائەتلەپ يول يۈرۈپ سەرتان ئىسسىقتا قاتتىق ئۇسساپ كېتىدۇ. قايناقسۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە سوغۇق سۇ ئىچىدۇ - دە، بۇنىڭغا ماسلىشالماي شۇئانلا قىزىپ، ئىسسىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇ يەرگە چىققان ئارتىسلارنىڭ سانى بەكمۇ چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەت داۋۇت شۇ كۈنى كەچتىكى ئويۇنغا قاتناشمىسا، ئادەم زادى يېتىشمەيدۇ، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇ ۋەتەننىڭ ئىززەت - ئابرويىنى جېنىدىنمۇ ئەۋزەل بىلىپ، ئىسسىتمىسىنىڭ شۇنچە ئۆرلەپ كەتكەنلىكىگە پىسەنت قىلماستىن سەھنىگە چىقىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ۋەتەن ئۈچۈن زور شان - شەرەپلەرنى قازىنىدۇ.
بۈيۈك فرانسۇز يازغۇچىسى بالزاك «تىنىمسىز ئىشلەش سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىدۇر» دەپ ئېيتقان، مۇھەممەت داۋۇتنىڭ 32 يىللىق سەنئەت ھاياتى بالزاكنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ تامامەن چىن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
مەھەممەت داۋۇت كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش جەھەتتە ۋايىغا يەتكەن داڭلىق ئارتىس بولۇپ، باشتىن - ئاخىر تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە كۆپ قېتىم مۇكاپات، تەقدىرلەشلەرگە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ باشقىلار ئىجاد قىلىپ بەرگەن تەييار نومۇرلارنىلا ئورۇنداپ، قالغان چاغدا ئويناپ كۆلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولۇشنى خالىمايدۇ.
شىنجاڭدا ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ ئۇسسۇلى بىلەن يالغۇز

كىشىلىك ئۇسسۇلى ناھايىتى راۋاجلانغان. ھەتتا 50 - يىللاردا يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل — «ئۆزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» دۇنيا فېستىۋالىغا قاتنىشىپ ئالتۇن ئوردېنغا ئېرىشكەن، بىراق خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بىرەر ئەرلەر ئۇسسۇلىمۇ دۇنيا سەھنىسىگە چىقمىغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەھەممەت داۋۇت بەكمۇ بىئارام بولدۇ - دە، ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدىكى مۇشۇ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستەك شەكىللەندى. ئۇ 1962 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى بولغان يولداش سالامەتنىڭ ياردىمى بىلەن بىر نەچچە ئايلىق تۇرمۇش ئۆگىنىش ئارقىلىق تۇنجى قېتىملىق كوللېكتىپ ئەرلەر ئۇسسۇلى «شاد يىگىتلەر» نىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، رېپېتىتسىيە جەريانىدا ئەمەلىي سىناق ئېلىپ باردى، ئاندىن پېشقەدەم ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ۋە بۇ ئۇسسۇلغا قاتناشقۇچى ئارتىسلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى كەمچىلىك پېئىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، تەكرار پىششىقلاش ئارقىلىق ئاخىر «شاد يىگىتلەر» ئۇسسۇلىنى كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى، ئۇنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىجادىيىتى 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالىنىپ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مەھەممەت داۋۇت مۇشۇ بىر ئۇسسۇلنى قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن 1962 - يىلى ئۆمەرجان بىلەن بىرلىشىپ «پوچتالىيون» ناملىق تاجىكچە ئۇسسۇلنى، 1964-

يىلى تۇرلىسا تۇراق بىلەن بىرلىشىپ «قەشقەر قىزى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە خەيردىنسا تۆلەندى، سالامەتلەر بىلەن بىرلىشىپ «توي ئۇسسۇلى» ناملىق كوللېكتىپ نومۇرنى، 1965 - يىلى سالامەت بىلەن بىرلىشىپ «جىبغاكجۇنگە مەشقاللا!» ناملىق ئەرلەر كوللېكتىپ ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلغان، يەنە شۇ يىلى ئابلىمىت توختى، سالامەتلەر بىلەن بىرلىشىپ «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» ناملىق ئۇيغۇر جەڭچىسى قادىر ھېزىمنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىچىك تىپتىكى ئۇسۇللۇق تىياتىرنى ئىجاد قىلىپ باش رولىنى ئۆزى ئوينىغان. 1971 - يىلى ئۇ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا «ۋەتەننى قوغدايلى» ناملىق ئىپىك ئەرلەر كوللېكتىپ ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلغان، 1972 - يىلى ئۇ سالامەت، دۈجىچۈەنلەر بىلەن بىرلىشىپ «پامىردىكى بۈركۈت» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى ئىجاد قىلغان. شۇ يىلى ئۇ يەنە ئۆز ئالدىغا «پامىر مىنبىگىلىرى» ناملىق تاجىكچە ئەرلەر ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزى باش رولنى ئوينىغان، بۇ نومۇر 1972 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر نومۇرلار قاتارىدا باھالىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كېيىنچە مەزكۇر نومۇر شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ دائىملىق نومۇرىغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن مەملىكەتلەردە ئوينىلىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1976 - يىلى ئۇ يەنە سالامەت بىلەن بىرلىشىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ئالدىنقى سەپتە دۈشمەن تازىلاش» ناملىق كىچىك تىپتىكى ئىپىك ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلغان. 1983 - يىلى ئۇ سالامەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ «مۇقام يۇرتىدىكى شادلىق» ناملىق چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆگىتىپ قويغان. بۇ نومۇر شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپ

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۇ يەنە شۇ مەزگىلدە توختاسىن، سالامەتلەر بىلەن بىرلىشىپ «تۆي ئۇسسۇلى» ناملىق قىرغىزچە يىرىك ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىپ ئۇنى قىزىلسۇ سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆگىتىپ قويغان.

يولداش مەھەممەت داۋۇت ئوتتۇز نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتىدا مۇشۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان، ھەمدە جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان.

بىز يولداش مەھەممەت داۋۇتنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ «ئوت يۈرەك شوخ يىگىت»كە خاس بولغان سەنئەت باھارىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئىتىنى دۇنيا سەھنىسىدە نامايان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە ۋە سەنئەتنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ پەرۋاز قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز!

# تالانتلىق ئۇسسۇلچى رەيھانگۈل ئابلىز

## ئارمان

1979 - يىلىنىڭ باھار مەزگىلى ئىدى.

پايتەختنىڭ ئاۋات مەركىزىگە جايلاشقان كۆركەم كۇلۇبنىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جۇلالىق دۇخاۋا پەردىسى دەبدەبە بىلەن ئېچىلدى. مىڭلىغان تاماشىبىنلار سەھنىگە تەقەززالىق بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. يېقىملىق، جۇشقۇن، شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چېكىسىگە قىزىلگۈل قىستىغان چەبدەس سۇمباتلىق ئۇيغۇر قىزى قارلىغاچتەك قانات قېقىپ، تولۇپ - تاشقان ئىپتىخار ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن «يۈرەك شادلىقى» ناملىق ئۇسسۇلنى ئويناشقا باشلىدى. ئۇسسۇل تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن چاغدا كەڭ تاماشىبىنلار، ئۇسسۇل كۆرىكىگە ئىشتىراك قىلىۋاتقان، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتاتتى، بارىكاللا ئوقۇيتتى... شۇ ئاندا مېنىڭ ئالدىمدىكى رەتتە ئولتۇرغان بىر پېشقەدەم خەنزۇ شائىرى يېنىدىكى دوستىغا قاراپ «قالتىس ئويناىدىكەن، قالتىس ئويناىدىكەن! ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق يۈرەك شادلىقى بوپتۇ!» دېدى ۋە قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق يالقۇنلۇق ئىككى مىسرانى يازدى:

«سەھنىدە سوقسا يۈرەكنىڭ شادلىقى جۇشقۇنلىنىپ،
پەستە كۈلدى بارچە دىللار زوق بىلەن خەندان ئۇرۇپ.

بۇ يالغۇز پېشقەدەم شائىرنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئو-

بۈن ئەھلىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىمىز رەيھانگۈلنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇسسۇل ماھارىتى ۋە تالانتىغا ئوقۇغان ئورتاق مەدھىيەسى ئىدى.

يۇقىرىقى قەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مەندە كۈچلۈك مىللىي ئىپتىخارلىق ھىسلىرىنى قوزغىدى.

رەيھانگۈل ئابلىز ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەدىمكى دىيار قەشقەر شەھىرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ گۈزەل دۇنياغا مەشھۇر ئاۋات شەھەر ۋە بۇ شەھەردىكى ناخشا - ئۇسسۇلغا ئاشنا ئەمگەكچان، باتۇر، خۇش ئاۋاز مېھماندوست خەلق ئاممىسىنىڭ مەزمۇنغا باي مەنىۋى ھاياتى ئۇنىڭ سەبىي دىلىغا سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ئارزۇ - ھەۋەس ۋە ئىشتىياقىنىڭ ئۆچمەس گۈلخانىنى ياققانىدى. قويۇق مىللىي تۈس ۋە مىللىي سەنئەت پائالىيىتى سەنئەتكارلارنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق. مەھەللە - كويلاردا قىزىغان توي - تۆكۈن ۋە ناخشا ئۇسسۇللارغا، ھېيتگاھ ئالدىدىكى ئاممىۋى سەنئەت ئورۇنلىرىغا، سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى رېپېتىتسىيىلەرگە قاتتىق مەھلىيا بولغان كىچىككىنە رەيھانگۈل سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ھارغىنىنى بىلمەي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. ھويلا ئىچىدە توك ئۆچسە ئاي يورۇقىدا ئوينايتتى.

«نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ، شۇنىڭغا يېتىسەن» دېگەندەك، ئاخىر ئۇنىڭ بالىلىق ئۈمىدى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇسسۇلدىكى تالانتىنى نەزەردە تۇتۇپ، سابىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى ئۇنى بالا ئارتىسلىققا قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئون بىر ياشقا قەدەم قويغانىدى. ئىككىنچى يىلى ئۆمەك رەھبەرلىكى ئۇنىڭ بەكمۇ كىچىكلىكى ۋە سىستېمىلىق تەربىيىلىنىشى لازىملىقـ



نى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەردى.

باغۋەنلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىشى نەتىجىسىدە بۇ غۇنچە ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلىرىدىلا بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ۋە مىللىي پۇراقىغا ئىگە «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» «شوخ قىز»، «داپ ئۇسسۇلى» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇردى.

1966 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن تەييارلانغان «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» ناملىق ئۇسسۇللۇق ئوپېرادا ئۇ باش قەھرىمان ۋۇچىڭخۇانىڭ ئوبرازىنى غەلىبىلىك يارىتىپ، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى ۋە ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتەلەيدىغان كەڭرى مەيدان - ئۆمەك قوينىغا قايتىپ كەلدى.

بىراق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنى ئەلگە شېرىن مېۋىلەرنى بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ياش نوتىنىڭ ئارزۇلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنىڭ بىھۇدە زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى سىيرىلغان رەيھانگۈل «ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ بىر كۈنلۈك مەشقىنى توختىتىپ قويۇشى بىر قەدەم چېكىنگەنگە باراۋەر» دەپ قاراپ، سەھنىگە چىقالمىسا، ياتىقىدا مەشق قىلدى. كۈندۈزى مەشق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا مەشق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما سەھنىگە چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئويلىسا تىت - تىت بولاتتى، ئازابلىناتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىللىق باھارى يېتىپ كېلىشى بىلەن غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلغان رەيھانگۈل ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ، بەدىئىي يېتەكچىلەر ۋە رېژىسسورلارنىڭ ئەمەلىي ياردىمى ۋە كەڭ سەپداشلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى بوشلۇقنى

تولدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ چوڭ شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئانا بولۇپ قال ـ غانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ئاجىز بولۇشىغا قارىماي، تۈننى تاڭغا ئۇلاپ جاپالىق ئىزدىنىپ ۋە مەشىق قىلىپ، ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە رېژىسسورى مەرھۇم ھاجى راخمان، ھەمدە سالامەت ئالىم، زەينەپ سىدىق، ۋاڭ شياۋيۈن قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قاش تېشى»، «يۈرەك شادلىقى»، «قارلەيلىسى» «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «يىپەك يولىدا ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش»، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»، «لالە»، «ئەن ـ جۈرلۈك باغدا» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەـ قىيەتلىك ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ قايناق ھېسسىياتلىق، شوخ ـ تېتىك، نازاكەتلىك ئۇسسۇللىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ـ نىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1979 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئۇ ئوينىغان ئۆزبېك ئۇسسۇلى «يۈرەك شاد ـ لىقى» ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى» ئورۇنلاش بويىچە «شەرەپ» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە شۇ ئۇسسۇل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇس ـ سۇل مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1980 ـ يىلى ۋە 1982 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گانا، نىگېرىيە، يۇقىرى ۋولت، توگو، فرانسىيە، شىۋىتسىيە، ماراكەش، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەت يۈزىسىدىن ئويۇن قويغىلى چىقىپ ۋە ماھارەت كۆرسىتىپ باي ۋە گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى چەت ئەللىك دوستلارغا تونۇتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ داڭدار ئۇس ـ سۇللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ئېلىمىز خەلقى بىلەن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىر ئۇ يەنە يېڭىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئاتۇش» ئۇسسۇلى، ئۇيغۇرچە ئىجادىي ئۇسسۇل «تارىم گۈلى»، قەدىمكى كۇسەن ئۇسسۇلى «يامغۇر قىز»، قازاقچە ئۇسسۇل «يايلاقتىكى ئايال مۇئەللىم»، دەيزۇ ئۇسسۇلى «سۇ» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى تەييارلىدى. بۇنىڭدىن باشقا چەت ئەلگە چىققاندا ئۆگەنگەن پاكىستان، ھىندىستان، ئىسپانىيە ۋە سېنگال ئۇسسۇللىرىنى تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئون نەچچە نومۇردىن تەركىب تاپقان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكىنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇسسۇل كېچىلىكىنى ئالدى بىلەن قاراماي، مايتاغ، شىخو، ساۋەن رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن سەممىي ھال سورىدى ۋە پىكىر ئالدى. رەيھانگۈلنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكىدىكى نومۇرلار تېمىسىنىڭ كەڭلىكى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقى، شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇندىكى بىر قانچە مىللەتنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئوينىيالىغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى ۋە تەسىرلەندۇردى. قاراماي، مايتاغلاردا جەڭ قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچىلىرى رەيھانگۈلنىڭ ئۇسسۇل كېچىلىكىنى كۆرۈپ، مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئولاردا ئوبزور ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ «رەيھانگۈل نېفىتلىكىمىزگە خۇش پۇراق چاچتى، سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا ئۈلگە ياراتتى» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

1984 ـ يىلى يېڭى يىلدا رەيھانگۈل ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاخىرقى ئۈچ مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى. ئويۇندىن كېيىن رەيھانگۈلنىڭ سەنئەت مەكتىپىدىكى ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى، ھەرقايسى ئۆمەكتىكى سەپداشلىرى ۋە ئۆز ئۆمىكىدىكى يولداشلىرى سەھنىگە چىقىپ رەيھانگۈلنى يېڭى غەلىبىسى بىلەن قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى، جاسارىتى ۋە

غەيرىتىگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى. رەيھانگۈلگە ساۋاق بەرگەن بەزى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ شادلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى.

رەيھانگۈل ئابلىز ئۇسسۇل ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچى بولۇپلا قالماستىن، خەلققە تونۇشلۇق كىنو چولپانلىرىدىن بىرى.

1983 - يىلى ئۇ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستودىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «ئارتىس بولمايدىغان قىز» ناملىق ھېكايە فىلىمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى ۋە رېژىسسورى ئامىنەنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك تالانتىنى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بۇ فىلىم مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «شەرەپ» مۇكاپاتىغا مۇۋەپپەق بولدى. رەيھانگۈل تەكلىپ بويىچە بېيجىڭدىكى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مۇكاپاتلاندى. شۇنداقلا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان كىنو مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئۇ بۇ فىلىمدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى.

«ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىمى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1985 - يىللىق خەلقئارا كىنو بايرىمىدا مۇنەۋۋەر فىلىم بولۇپ باھالىنىپ، تەقدىرلىنىشكە ئېرىشتى. بۇ «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستودىيىسىنىڭ ھېكايە فىلىم ئىشلەپ تۇنجى قېتىم خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشىشى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ھېكايە فىلىملىرىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن كىنو بايرىمىدا تۇنجى رەت مۇكاپاتلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1984 - يىلى ئۇ يەنە «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستودىيىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە «نۇرنىسا» ناملىق ھېكايە فىلىمگە قاتنىشىپ، ئېرى تەرىپىدىن خورلانغان ئاددىي ئۇيغۇر دېھقان ئايالى

نۇرنىسانىڭ ئوبرازىنى ئىشىنەرلىك، تەبئىي ۋە تەسىرلىك يارىتىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

«ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىمىدىكى ئامىنە قانداقلا بولسۇن ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ ئوبرازى بولغاچقا، رەيھانگۈلگە بۇ رولنى ئورۇنداش ئانچە زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمىگەنىدى. بىراق ئىككىنچى فىلىمدىكى ئېرى تەرىپىدىن ھامىلدار ھالەتتە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان دىلى سۇنۇق ئاددىي يېزا ئايالى — نۇرنىسانىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۇنىڭغا ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ بۇ رولغا تەيىنلەنگەندە بەزى يېقىن سەپداشلىرى ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئۇنى بۇ رولدىن يالتىيىشقا دەۋەت قىلدى. ھەتتا رېژىسسورلارمۇ ئۇنى بۇ رولنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن پۈتۈن قەلبىنى سەنئەتكە بېغىشلىغان، كەسپچانلىقى ئۈتتەك قىزغىن رەيھانگۈل قىلچە تېڭىرقىماي، كەسكىن ھالدا: «ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن كېلىدىغان رولنىلا ئويناپ، باشقىسىنى ئوينىيالمايدىغان ئارتىسنىمۇ ئارتىس دېگىلى بولامدۇ؟ قىيىن رولدىن قاچقان ئارتىس كەسپىي سەۋىيىسىنى قانداقمۇ ئۆستۈرەلەيدۇ؟ باشقا ئىستوديىدىكى ئارتىسلار ئۆزى كۆرمەك تۈگۈل چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان سىشى تەيخۇدەك تارىخىي شەخسىيلەرنىڭ رولىنى ئوينىغان يەردە مەن ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى بىر ئۇيغۇر يېزا ئايالىنىڭ رولىنى ئوينىيالمامدىكەنمەن؟ ...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولۇق ئىشەنچ، يۈكسەك ئىرادە بىلەن تىرىشىپ، ئىزدىنىپ، قەشقەر يېزىلىرىدا قىسقا مۇددەت تۇرمۇش ئۆگىنىپ، كىنو سىنارىيىسىنى قايتا - قايتا تەھلىل قىلىپ، ئوبرازنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىپ، ۋاپادار، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئانا — نۇرنىسانىڭ ئوبرازىغا بارغانسېرى مۇھەببەت باغلاپ، كۆپ باش قاتۇرۇش، كۆپ ئويلىنىش، كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق بۇ رولنى ئاخىرى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

1985 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەييارلانغان «تەڭرىتاغ شادلىقى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلدا ئايال باش قەھرىمان گۈلباھارنىڭ رولىنى نەتىجىلىك ئورۇنداپ چىقتى. شۇ يىلى بۇ چوڭ ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستودىيىسى ۋە 1 - ئاۋغۇست كىنو ئىستودىيىسى تەرىپىدىن سەھنە بەدىئىي فىلمى قىلىپ ئىشلەندى. ئۇ بۇ قېتىممۇ گۈلباھارنىڭ ئېكراندىكى ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شەرەپ» مۇكاپاتى بىلەن تەقدىرلەندى.

ئۇ كىنو ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى تۈپەيلىدىن 1985 - يىلى مايدا مەشھۇر كىنو ئارتىسى، كىنو رېژىسسورى يولداش سۇن داۋلىن يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو كىنو چولپانلىرى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە كىنو ئارتىسلىق ۋە ئۇسسۇل ئارتىسلىق قوش سالاھىيەت بىلەن سىنگاپور، شياڭگاڭ قاتارلىق يەرلەرگە زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇشقا چىقتى.

1986 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە چىقتى. مەيلى سىنگاپور ياكى ئەرەب خەلىپىلىكىدە بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ياخشى پەزىلىتى بىلەن شۇ ئەللەردىكى دوست ئەرەبلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

1985 - يىلدىن باشلاپ ئۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى سىناق تەرىقىسىدە تەييارلاپ ئىشلەۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «كۈسەن بەزمىسى» دە ئايال باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ كەلمەكتە.

رەيھانگۈل ئۆزىنىڭ يىللاردىن بۇيان كەسپىي جەھەتتە تىرىشىپلا قالماي، ئۆمەكتىكى ياش تەلەپكارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قىزغىن ياردەم بەردى. بوش ۋاقىتلىرىدا كەسىپكە دائىر ماتېرى-

يالالارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئۇسسۇلچىلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىم ـ تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن سەپداشلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردىمى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ سەھنە ھاياتى، كىنوچىلىق سەنئىتى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بىر نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلدى.

رەيھانگۈل پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا سادىقلىقى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈشى، خىزمەتكە ئوتتەك قىزغىنلىقى، كەسپىي جەھەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيەسى، يولداشلارغا باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىقى بىلەن خىزمەت ئورنىدىكى ھەر مىللەت سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى ۋە بىر نەچچە قېتىم ئۆمەك بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، 1983 ـ يىلىدىن بېرى ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تاماشىبىنلاردىن ۋە سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن سەكسەن پارچىغا يېقىن تەشەككۈر خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

رەيھانگۈل كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سەنئەت ساھەسىدە ئېرىشكەن بۇ ئازغىنە نەتىجىلىرىم ئالدى بىلەن پارتىيەمىزنىڭ تەربىيەسى ۋە غەمخورلۇقىغا، ئۇستاز ۋە يولداشلارنىڭ ماڭا

بەرگەن ياردەمى، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە مەنسۇپ. شان - شەرەپكە ئېرىشىش قىيىن، لېكىن ئۇنى داۋاملىق ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. تالانتلىق ئارتىس بولۇش تەس، بىراق ھەم تالانتلىق، ھەم پەزىلەتلىك ئارتىس بولۇش ئۇنىڭدىنمۇ تەس. مەن بۇندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن تالانتلىق ھەم پەزىلەتلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن.»

# ئۇسسۇل سەنئىتىگە پەرۋانە قىز

## تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىرىدىن

ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ ئاجايىپ يارقىن، گۈزەل، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن ھەشەمەتلىك ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىنىڭ كەڭ زالىدا كونسېرت داۋام قىلىۋاتاتتى. زال ئىچى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان. ھەر بىر نومۇر قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئاياغلاشماقتا. جۇلالىنىپ تۇرغان قىزىل دۇخاۋا پەردە يەنە قىيا ئېچىلدى. پەردە ئالدىدا ئېلانچىلىك قىز. ئۇ خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن: «نۆۋەتتىكى نومۇرىمىزدا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ‹بۇلاق بويىدا› ئۇسسۇلنى گۈلباھار سىدىق ئورۇندايدۇ» دېگەندە، قىزغىن ئالقىش ياڭراپ كەتتى. مەن بۇ كۈچلۈك، قاتتىق چېلىنىۋاتقان چاۋاكتىن بىر ئاز ھەيران بولۇپ يان - يېنىمغا قاراپ باقتىم. ھەممىنىڭ يۈزلىرىدە شادىيانە كۈلكە... زال ئاستا قاراڭغۇلاشتى، مۇزىكا باشلىنىپ، پەردە كەڭ ئېچىلدى. كۆركەم، جانلىق مەنزىرە ۋە دېكوراتسىيىلەر بىلەن جاھازلانغان رەڭدار سەھنىدە ئاپئاق لىباستا ئورالغان، قولىدا قاپاق تۇتقان، يۈزلىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان گۈزەل ئۇيغۇر قىزى پەيدا بولدى. ئۇ يېقىملىق ياڭراۋاتقان كۈيگە تەڭكەش قىلىپ، نەپىس، جەزبىدار ھەرىكەتلىرى بىلەن باراقسان بۇلاق بويىدا تەرەننۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر روھىغا تولۇپ - تاشقان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن شەھەردىن تېخىچە ئۆگىنىپ قايتىدىغان يىگىتىنى كۈتۈۋاتقان دېھقان قىزىنىڭ خۇش

پىئىيل، ئەمگەكچان، يارقىن ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ زوقىنى قوزغىۋەتتى. زالدا بىردىنلا ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بۇ گۈزەل، نەپىس ھەرىكىتىگە، ئۇسسۇل مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى يۈكسەك ماھارىتىگە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياغراپ كەتتى. مەنمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىۋېتىپ، يېنىمدا ئولتۇرغان ھەمراھىمنىڭ يۈزىگە كۈلۈپ قارىدىم.

— قانداق، ياخشى ئوينامدىكەن، — دېدى مېنىڭ باھايىمنى بىلمەك بولۇپ ھەمراھىم.

— ھە، بەك ياخشى ئوينايدىكەن. بايا ئېلانچىك بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى گۈلباھار دېدىما؟

— شۇنداق. ئىسمى گۈلباھار، دادىسىنىڭ ئىسمى سىدىق. شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى تۈگەتكەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. كۆردۈڭمۇ، ئۇسسۇل دېگەننى قالتىس ئوينايدۇ، يېقىندا ئۇ ئامېرىكىغىمۇ چىقىپ كەلدى دېگىنە!...

— ئامېرىكىغىمۇ چىقىپ كەلدى؟ قالتىسقۇ؟ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تازا تونۇتۇپتۇ - دە، يارايدۇ، تېخىمۇ بەرىكە تاپسۇن!

بۇ، مېنىڭلا تەبرىكىم، ئۈمىدىم ئەمەس، زالدا ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان ھەممە تاماشىبىننىڭ ئارزۇسى ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئارزۇسىنى قىزغىن ئالقىشلار بىلەن بىلدۈرۈۋاتاتتى...

ھەمراھىم بىلەن ئويۇندىن بىللە قايتىپ كېلىۋاتقاندىمۇ بۈگۈنكى كونسېرتتىكى يېڭىلىقلار، ئارتۇقچىلىقلار، خۇسۇسەن گۈلباھارنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇسسۇل ئويناشتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ماڭدۇق. مېنىڭ ھەمراھىم ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدە ئىشلىگەچكىمۇ، گۈلباھار ھەققىدە ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى خېلى كۆپ ئىكەن. ھەمراھىمنىڭ گۈلباھارنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىكى مۇۋەپپەق-



پەيتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى ئۈنچىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلمەي زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭلۈمگە تىزىپ كېلىۋاتىمەن:

1957 - يىلى، مارت ئېيى. ئىللىق قۇياش ئۆزىنىڭ هاياتبەخش نۇرلىرىنى تۆكۈپ، تەبىئەتنى قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغاتقان، كىشىلەر باهارنىڭ ئارامبەخش هاۋاسىدىن قەلبى سۆيۈنۈشكە تولۇپ، يېڭى ئىش - ئەمگەكنىڭ ئۈمىدلىرىگە بۆلەنگەن چاغلار. بۇ ئاجايىپ گۈزەل پەسىل سىدىق يۈسۈپنىڭ ئائىلىسىگە يەنە بىر خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى: 24 - مارت كۈنى سەهەردە ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئاتا ئۆز ئايالى بىلەن بىللە مەسلىهەتلىشىپ، ئائىلىسىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن باهارغا تەهسىن ئېيتىپ يېڭى تۇغۇلغان قىزىغا گۈلباهار دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئىسىم ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ هەممىسىگە يېقىپ چۈشتى:

— مەرهابا، گۈلباهار! پەسلىڭىزمۇ، ئىسمىڭىزمۇ باهار بوپتۇ. ئۆمرىڭىزمۇ باهار بولسۇن! ئارزۇلىرىڭىز باهار گۈللىرىدەك ئېچىلىپ پۇراق چاچسۇن!

بۇ قىزغىن تىلەكلەر گۈلباهارنىڭ غايە ۋە ئىستەككە تولغان هاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلىدى. جۇشقۇن، يېڭى هايات ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇرمۇشتا تەلەپچان، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان روھ بىلەن ياشاشقا، باللىقىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تەلپۈندۈردى. شۇڭا گۈلباهار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا تەنهەرىكەت ئويناشنى، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۇسسۇللارغا چۈشۈپ كۆردى. ئۇنىڭ بۇ جەهەتتىكى قىزىقىشىنى بايقىغان ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى شۇ چاغدا مەكتەپتە تەشكىللەنگەن تەشۋىقات دۈيىگە قاتناشتۇردى. بۇ تەشۋىقات دۈيى مەكتەپ ئىچى - سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا گۈلباهار بەزىدە كوللېكتىپ،

بەزىدە يالغۇز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ دەسلەپكى مەدەنىي مەشغۇلاتلار، ئىلھاملاندۇرۇشلار گۈلباھارنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىسسىيىسىنىڭ توخسۇنغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. گۈلباھار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەنئەت مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇش توغرىسىدا ئاتا - ئانىسىغا مەسلىھەت سالدى. بىراق ئاتىسۇ، ئانىسۇ ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى قىزىنى يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمەيتتى. مۇھىمى «ئارتىس بولۇشنىڭ ئىستىقبالى يوق، ئارتىس بولسا بەرىبىر بىزگە ئوخشاش تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، چەت-ياقىلاردا قاڭغىر - قاقشاپ يۈرىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بۇ، گۈلباھارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى سولچىل سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن سەرگۈزەشتىسىگە ئاساسەن چىقارغان يەكۈنى، قىياسى ئىدى. بۇ قىياسقا ئاساسلانغاندا گۈلباھار ئۆزى خالىغان ئوقۇشىدىن، كەسپىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ پىكرىگە قارىماي بىرنەچچە دوستى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىسسىيىسى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتى. گۈلباھار جاۋاب كۈتۈپ يۈردى، ئاتا - ئانىسى بولسا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز... گۈلباھارنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا گۈلباھارنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇقتۇرۇشتىن گۈلباھارنىڭ كۆڭلى ئۆچۈرما بولغان قۇشتەك يايراپ كەتتى. بىراق ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ سەنئەت مەكتىپىگە قانداق ياراپ قالغانلىقىدىن ھەيران

بولدى. ئاخىر ئۇلار قىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇشىغا قوشۇلدى.

مەكتەپ ھاياتى قىزغىن، كۆڭۈللۈك. ئۇ بۇنىڭغا ئاسانلا ئۆگىنىپ كەتتى، خىيالى ئوقۇشقا مەركەزلەشتى. بۇ گۈلباھارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇسسۇل كەسپىنى ئىگىلەش توغرىسىدىكى ئىنتىلىشىنى قاناتلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاساسىي پەنلەرنى، جۈملىدىن كەسپكە ئائىت دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدى، ئوقۇغانلىرىنى ئۇستازلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەشق قىلىپ تۇردى، بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇ ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ قۇربان قىلدى. ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلەش يولىدىكى ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى، قاتتىق تەربىيىلىنىشى ئوقۇش نەتىجىلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئاساس ھازىرلاپ بەردى. «ئۇسسۇل سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، — دەيدۇ گۈلباھار، — ئوقۇتقۇچىلىرىم زەينەپ سابىت، تۇران، رەنا، زەينەپ سەئىدىۋا، سەلىمە، خەلچەم ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى ۋە ئۆگەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈشكە، ئۆگەنگەن نەزەرىيىلىرىمنى ئەمەلىي چېنىقىش ۋە مەشق بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ مېنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈش، ئۇسسۇل مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەش توغرىسىدىكى كىتابىي بىلىملىرىمنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى.» شۇنداق، گۈلباھار مەكتەپ قويىندا بىر تەرەپتىن ئاساسىي زېھنىنى ئۇسسۇل نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، كۆڭۈل ئۇپۇقىنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن پۇت، قول، بەدەن تاۋلاش ھەرىكىتىنى جاپاغا چىداپ، داۋاملىق مەشق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى مەكتەپنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرۈشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. گۈلباھار 1974 -

يىلى سەنئەت مەكتىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم
قىلىندى. بۇ چوڭ سەنئەت كوللېكتىپى ئۇنى ئۆز قوينىدا تەربىيە-
لەپ، پەرۋىش قىلىپ، كەسپىي جەھەتتىن تېخىمۇ پىشىپ يېتى-
لىشىگە، ئىگىلىگەن ئۇسسۇللىرىنى، سەھنىلەردە دادىل ئويناپ
كۆرسىتىشىگە ھەممە ئىمكانىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇندىن
كېيىن ئۇ ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە جۈرئەت قى-
لىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ، تالانتىنى جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.
بۇنى ئۇ دەسلەپتە كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا، كېيىنچە يەككە ئۇسسۇل-
لارغا چۈشكەندە ئىپادىلىدى. يېتەرسىزلىكلىرى بولسا ئۇستازلىرى-
نىڭ ۋە كەسپداشلىرىنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، مەشىق قىلىپ تو-
لۇقلىدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ دەسلەپ-
كى سەھنىگە چىققان چاغلىرىدا، بولۇپمۇ سەھنىگە چىقىش ئال-
دىدا بىر ئاز ھودۇقۇپ، جىددىيلىشىپمۇ قالدى. كېيىن بۇ كەيپى-
ياتلار ئۇنىڭدا كۆرۈلمەيدىغان بولدى. چۈنكى قايتا ـ قايتا
مەشىق قىلىش، تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەش، ئۆزىگە ئىشەنچ تۇر-
غۇزۇش ئۇنىڭ جۈرئەتلىك، سالماقلىق، شوخ، تېتىك بولۇش
خاراكتېرىنى يېتىلدۇرگەنىدى. بۇ تەلەپكە يېتىشتە ئۇنى ئاز جا-
پا تارتتى دەمسىز؟ ئۇ مۇستەقىل، ئىجادىي ئىش كۆرۈش، ئۇس-
سۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناش ئۈچۈن، كېچىلەپ، ھەتتا دەم
ئېلىش، بايراملاردىن ۋاز كېچىپ ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش-
نى قاتتىق داۋاملاشتۇردى. ھاجى راخمان، ئىبراھىمجان، زەينەپ
سىدىققا ئوخشاش ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ ياردىمىنى قىزغىن قو-
بۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئۈلگىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، بەل-
كى ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، بېيىتىشقا ھەرىكەت قىل-
دى. كۆڭلىدە يۇقىرىقىدەك ئۇسسۇلچىلاردىن بىرى بولۇپ قېلىشنى
ئارزۇ قىلدى. ئارزۇ ئۇنى تىرىشىپ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش-
قا، ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. بۇ ئىلھام كۈچى بىلەن

ئۇ توغرا ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئىنچىكە ئىپادىلەش كۈچىدىن ئىبارەت ئاساسىي ماھارەتنى ئۆگىنماقچى بولغان ئۇسسۇللارغا ئىرىشىپ تەتبىقلاپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ نەتىجىلىرىنى ئۇ ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىگە سەپىيارە ئويۇن قويۇشقا بارغاندا نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى.

گۈلباھار بۇ سەپىيارە ئويۇن قويۇش داۋامىدا «پادىچى قىز» غا ئوخشاش ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ نەتىجە قازانغان بولسا، 1979 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە «بولاق بويىدا» دېگەن ئۇسسۇلنى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى. گۈلباھارنىڭ بۇنداق زور سەنئەت كۆرىكىدە مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بۇ ئۇسسۇلدىكى سىيۇژىتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى قىزغىن ھېسسىيات ۋە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە، بولۇپمۇ ئۇسسۇل سەنئىتىمىزدىكى ئەنئەنىلەرنى بالېت ئۇسسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەدەن ھەرىكەتلىرىنى مۇزىكا رىتىمىغا ئازادە ماسلاشتۇرۇپ، ھېس-تۇيغۇ ۋە كەيپىياتلارنى يۈز مۇسكۇللىرى ھەرىكىتى بىلەن چوڭقۇر ئىپادە ئەتكەنلىكىدە. گۈلباھار ئۇسسۇل مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى ئەنە شۇنداق ئىجادىي بېيىتىپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ۋە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن بارغانچە ئۆرلەش يولى تاپتى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز سەھنىلىرىدىلا ئەمەس، مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىكى سەھنىلەردە، ھەتتا چەت ئەل سەھنىلىرىدىمۇ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىشى ۋە تەبرىكلىرىگە سازاۋەر بولۇپ تۇردى. بۇ ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق

ئاخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە پاكىستان، سۈرىيە، ئافغا-
نىستان، جەنۇبىي يەمەن، شىمالىي يەمەن، ئىراق، كۇۋەيتكە
ئوخشاش دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوينىغان «قار لەيلىسى»، «پادىچى
قىز» ئۇسسۇللىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. گۈلباھارنىڭ ئۇسسۇل
ئويناشتىكى ئەستە قالارلىق ماھارىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شادلىق
ئۇرغۇپ تۇرغان جەلپكار سىماسى، گۈزەل مىمىكىسى، مۇزىكىغا
زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن شوخ، نەپىس ھەرىكەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ
تاماشىبىن قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇراتتى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن گۈلباھار بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز
بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سەنئەت كۆرىكلىرىدە ئالدىنقى قاتاردىن
ئورۇن ئېلىپ كەلدى، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان
ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرىدىمۇ ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، خەلقىمىز
ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەل-
گىلىك تۆھپىلەر قوشتى. 1980 - يىلى دالىيەن شەھىرىدىكى يەك-
كە تۈرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقى-
سىدە ئۇنىڭ ھاجى راخمان ئىشلىگەن «پىلە باققۇچى قىز» دې-
گەن يالغۇز كىشىلىك داپ ئۇسسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇن-
داپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولغانلىقى يۇقىرىقى گې-
پىمىزنىڭ يەنە بىر مىسالى.

گۈلباھار مۇكاپات ۋە ئالقىشلار ئالدىدا ئېسەنكىرىمىدى،
مەغرۇرلانمىدى، بەلكى ئۆزىنى تېخىمۇ تەمكىن تۇتۇپ داۋاملىق
ئالغا بېسىشنى، خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى مۇھىم بۇر-
چى دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشنى كۈچەي-
تىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنداپ،
رەھبەرلىكنىڭ ماختىشىغا ۋە ئىشەنچىگە ئىگە بولدى. گۈلباھار
نەگىلا بارسۇن تاماشىبىنلارنىڭ ھۆرمەت ھەم ئالقىشىغا ئېرى-
شىپ تۇردى. 1981 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلى-
كىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگو - ئامېرىكا خەلق ئاۋىئاتسىيە

يولىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئامېرىكىغا باردى. ئۇ بىر كۈن داۋام قىلغان بۇ ئۇنتۇلماس سەپىرىدە گۈلباھار نيۇيورك، ۋاشىنگتون، سانفرانسىسكوغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدى، بۇ جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن دوستلۇق پائالىيىتى ۋە كۆتۈۋېلىشلەردە ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ، ئامېرىكا تاماشىبىنلىرىنىڭ زور قىزىقىشىغا ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولدى. ئاددىي بىر ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئۇيغۇر سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ تېخى قەدىمى يېتىپ باقمىغان ئامېرىكا شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنى ئامېرىكىلىق دوستلارغا تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇشى ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق، ئىپتىخارلىنارلىق ئىش. بۇ ئىشنىڭ خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇ جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق ئالاقىسىدا ۋە تاماشىبىنلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. كېيىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى گۈلباھار سىدىقنىڭ ئورۇندىشى بىلەن يەنە باشقا مەملىكەت سەھنىلىرىدىمۇ جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

1981 - يىلى 7 - ئايدا ياپونىيىدە ئىككىنچى قېتىملىق يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى بولدى. بۇ سەنئەت بايرىمىغىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللانغان ياش ئۇسسۇلچىمىز گۈلباھار قاتناشتى. ئۇ بۇ يەردە ۋاڭ شياۋيۇن قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ئىشلىگەن «يىپەك يولىدىكى شەپەق» ناملىق ئۇسسۇلنى نەتىجىلىك ئورۇنداپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھەم بۇ سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىشقا كەلگەن رومىنىيە، ئىراق، پاكىستان، ساھىبخان دۆلەت سەنئەتچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ياپونىيە گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر بېرىلىپ تۇردى، تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلدى.

گۈلباھار شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن 2-قېتىم ئامېرىكىغا چىقىپ، بۇ يەردىكى بىر قانچە چوڭ شەھەردە قويۇلغان كونسېرتلاردا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ، تاماشىبىنلارنىڭ يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ قېتىم گۈلباھار «پىلە باققۇچى قىز» ئۇسسۇلىنى ئويناپ، ئاددىي يېزا قىزىنىڭ شوخ، تېتىك خاراكتېرى ئارقىلىق ئەمگەكچان، گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يارقىن تىپىنى نەپىس ۋە قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەرەننۇم قىلىۋاتقاندا زالغا لىق تولغان تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ قىزغىن ئالقىشلارنى ياڭراتتى، گۈلباھارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا دەستە-دەستە رەڭدار گۈللەرنى سوۋغا قىلدى. فرانسىيىدىن كەلگەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوپېراتورلىرى ئۇنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرىنى سۈرەتكە ئېلىۋالدى. ئامېرىكا مۇخبىرلىرىمۇ ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى، تەرجىمىھالىنى، ئۇسسۇل ئوينىشىدىكى جەزىبىدار ماھارىتىنى «نيۇيورك تايمىس» قا ئوخشاش چوڭ گېزىتلەردە تونۇشتۇردى. ئامېرىكىلىق دوستلار ھەرقايسى چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا گۈلباھارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ: «ئۇيغۇر قىزلىرى نېمە دېگەن گۈزەل. ئۇسسۇلى، مۇزىكىسى تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن. سىز بىزگە گۈزەل سىياقىڭىز، جەزىبىدار ھەرىكىتىڭىز، نەپىس ئۇسسۇلىڭىز بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، خاراكتېرىنى روشەن تونۇتۇپ قويدىڭىز. سىزگە رەھمەت، سىز بىزنىڭ سالىمىمىزنى ئۇيغۇر خەلقىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دەپ دوستانە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشتى، ئۇنىڭغا خاتىرە دەپتەرلىرىنى سۇنۇپ، ئىمزا قالدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى. ئۇلار ئامېرىكىدىكى ئويۇن قويۇش ۋە زىيارەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ كولۇمبىيىگە باردى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بۇ مەملىكەت تاماشىبىنلىرىمۇ جۇڭگو سەنئەتچىلىرىنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە، جۈملىدىن تالانتلىق ئۇسسۇلچى گۈلباھارنىڭ دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇس-

سۇللىرىغا، ئۇسسۇل ئويناشتىكى چىۋەرلىكىگە قايىل بولۇپ، سەھ-
نىدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالدى، ھاياجان ۋە خۇشاللىقىنى
كۆلدۈراس ئالقىشلار بىلەن ئىپادە ئېتىپ تۇردى. جۇڭگو مىللىي
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىككى ئاي داۋام قىلغان بۇ دوس-
تانە سەپىرى ئامېرىكا، كولومبىيە تاماشىبىنلىرىدا قانداق چوڭ-
قۇر تەسىرات قالدۇرغان بولسا، بۇ ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ
دوستانە كۆتۈۋېلىشى، مېھماندوستلۇقىمۇ گۈلباھاردا شۇنداق ئۇن-
تۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. كېيىن مەملىكىتىمىزدىن فرانسىيىگە
ئويۇن قويۇشقا چىققان بىپىجىڭلىق بىر ئارتىس قىز فرانسىيە-
دە تېلېۋىزوردىن ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ئوينىغان ئۇسسۇلىنى كۆرگەن-
لىكىنى بىلدۈرۈپ، گۈلباھارغا مەمنۇنىيەت بىلەن خەت يازدى.

گۈلباھار 1986 - يىلى جۇڭگو شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى
بىلەن ئىككىنچى قېتىم پاكىستانغا باردى. ئۇ پاكىستانلىق تاما-
شىبىنلار ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىش،
جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى پاكىستان خەلقىگە يەتكۈزۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ نۆۋەتتىكى دوستانە سەپەرمۇ، جۈم-
لىدىن گۈلباھارنىڭ ئۇسسۇللىرىمۇ پاكىستان خەلقىدە ياخشى
تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى، ئالقىشلارغا كۆمۈلۈپ تۇردى.

گۈلباھار باھار قارلىغىچىدەك ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىگە
جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسسىق كۆڭلىنى
دوستلۇق ھارارىتىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئۆزىمۇ ھەرقايسى مەملى-
كەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشلىرىدىن چوڭقۇر تەسىراتلار-
غا ئىگە بولدى. شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن خوش. چۈنكى ئۇ پارتىيە
ۋە خەلقنىڭ غەمخورلۇقىدا ئازراق بولسىمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ
جاھاندا تونۇلۇشىغا يول ئاچتى. «بۇ يول تېخىمۇ كېڭىيىدۇ،
ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەنئىتى-
مىز تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىتىدۇ» دەيدۇ ئىشەنچ بىلەن
گۈلباھار.

ئۇسسۇل سەنئىتىگە چەكسىز مېھرى باغلىغان، يۇقىرى ما-
ھارەتنى ئىگىلەش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشۋاتقان گۈلباھار ھا-
زىرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، ئۆگىنىشىنى، مەشقىنى ئىخلاس بى-
لەن داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى: «تېخىمۇ تىرىشىپ
ئىزدىنىپ، ئۇسسۇل كەسپىدە ھەم ماھارىتىدە يۈكسەك پەللىنى
ئىگىلەش، ئۇسسۇلچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش؛ خەلقىنىڭ ئۈمىد -
ئارزۇسىنى ئاقلاش...».
مانا شۇنداق زور غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن گۈلباھار تەشكىل
تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى شەرەپ بىلەن ئورۇنداپ كەلدى. خەلق
ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇش بىلىمىنى ۋە نەزەر دائىرىسى-
نى كېڭەيتتى. ماھارىتىنى بېيىتتى. قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈل ئىش-
لارغا دۇچ كەلسە زارلانمىدى، ئۇتتۇق قازانسا كېرىلمىدى، نام -
ئاتاق قوغلاشمىدى، بەلكى سەنئەتچىلەرگە خاس گۈزەللىكنى،
چىنلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقىرى ئەخلاق - پەزىلىتىنى
نامايان قىلدى، نەگە ئېھتىياجلىق، نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا
شۇ ئىشنى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى ئەرەب
ئەللىرىگە ئويۇن قويغىلى چىققاندا گۈلباھار ئۆزىگە تېگىشلىك
كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇندىغاندىن باشقا ئېلانچىلىق ۋەزىپىسى-
نىمۇ قوشۇمچە ئۈستەپ، ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.
ئويۇن قويۇش ئۈچۈن چوڭ شەھەرلەرگە، چەت ئەللەرگە قانداق
قىزغىنلىق بىلەن بارغان بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايون-
لىرىغا، ھەتتا چەت - ياقا يېزىلىرىغا، ئىشچىلار، دېھقانلار ئارى-
سىغا شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن بېرىپ، ھەر خىل ئۇسسۇللارنى
ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناپ، كەڭ ئاممىنى، تاماشىبىنلارنى رازى
قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەمىمىي ئالقىشلىرىغا ئىگە بولۇپ تۇردى.
گۈلباھار ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، تەشكىل تاپشۇرغان
ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونى-
مىزدا ئىشلەنگەن «غېرىب - سەنەم» فىلىمىدا باش ئۇسسۇلچى

قىز رولىنى ئېلىپ ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىجرا قىلدى. 1984 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز بەش يىللىقىغا ئاتاپ ئىجاد قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل — «جۇڭگو ئىنقىلابى ناخشىسى» دا مەملىكىتىمىزدە ياشايدىغان 56 مىللەتنىڭ ئۆم - ئىناقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كۆرۈنۈشلەردىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى مەھەممەت داۋۇت بىلەن بىرلىكتە ئورۇنداپ، سەنئەت خۇمار تاماشىبىنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى. گۈلباھارنىڭ بۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى تەييارلاشتىكى خىزمەتلىرى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يۇقىرى باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

گۈلباھار 1980 - يىلى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى.

گۈلباھارنىڭ ئېسىدىن كەتمەيدىغان چوڭ بىر خۇشاللىق شۇكى، ئۇ 1987 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. كوممۇنىست گۈلباھار ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىجاندىل ئىشلىمەكتە، تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. گۈلباھارنىڭ سەنئىتىمىزگە قوشقان كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرىنى، ئۇنىڭ يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدارىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ھېسابقا ئېلىپ، تەشكىل يېقىندا ئۇنىڭغا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئارتىس دەپ نام بەردى. گۈلباھار ھازىر ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى يۇقىرى بالداققا پەرۋاز قىلىش يولىدا تىنىمسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن يېقىندا گۈلباھار سىدىق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم،

قىزغىن سۆھبەتتە بولدۇم. سۆھبەتتە مەن ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىڭىزنى بىرنەچچە قېتىم كۆردۇم. كۆرگەنچە خۇش بولدۇم. بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتىڭىزدىن، ئۇسسۇلغا جان كىرگۈزگەن نەپىس ھەرىكەتلىرىڭىزدىن، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى ئىمىكىڭىزدىن، سەھنىگە ياراشقان گۈزەل سىياقىڭىزدىن قايىل بولدۇم. مەن سىزگە سالامەتلىك ۋە بەخت تىلەيمەن. مۇمكىن بولسا مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭىز ھەم ئويلىرىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئاڭلاپ باققۇم كېلىدۇ دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن سىز ئېيتقانچىلىك ماھارەتكە تېخى يەتكىنىم يوق تۆھپەممۇ ئاز. بىراق غايەم يۈكسەك، ئىرادەم چىڭ. مەن بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ۋە ئىزدىنىپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھەر تەرەپلىمىلىك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە يارىشا يېڭى، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش يولىدا داۋاملىق تىرىشىمەن!» دېدى.

# تىرىشچان ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى

## تۇرسۇنئاي يۈنۈس

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە، روشەن ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇسسۇل شەكلىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەملىكى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانماقتا. بىزنىڭ ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىمىز ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىمىز ئوتتۇز بەش يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بالېت بىلەن مىللىي ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە.

ماھىر ئۇسسۇل ئارتىسى، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ئابلىمىت توختى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان مول مەزمۇنلۇق سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن داڭ چىقاردى ھەم قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، تالانتلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، ئۇسسۇل رېژىسسورى بولۇپ قالدى.

يولداش ئابلىمىت توختى 1936 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بولۇپ، ساز چېلىنسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتەتتى، ئابلىمىتنىڭ كىچىكىدىنلا سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىنى كۆرگەن دادىسى توختىئاخۇن ئۇنى ئاتۇشتىن ئالايىتەن قەشقەرگە ئاپىرىپ ئويۇن كۆرسەتتى. كېيىن دادىسى ئابلىمىتكە بىر دانە چاققان دۇتار ئېلىپ بەرگەندى.

توختىئاخۇن ئوغلىنىڭ سەنئەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغانلىقىدىن چەكسىز شادلىنىپ، ئۇنى سەنئەتچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئابلىمىت ئۆز ئارزۇسى بويىچە 1952 - يىلى يازلىق تەتىلدە يېزىدىكى ئويۇن - تاماشىدىن ۋاز كېچىپ قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆگىنىشكە كەلدى.

قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باغ ئىچىدىكى رېپېتىتسىيە زالىدا ئارتىسلار ئويۇن تەييارلاۋاتاتتى. ئارتىسلارنىڭ خىلمۇ خىل نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى شوخ، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئۇنىڭ يۇمران قەلبىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالدى. ئۇ بۇنداق رەڭمۇرەڭ سەنئەت نومۇرلىرىدىن ئۇزاقىچە كۆز ئۈزەلمەي قالدى.

شۇندىن كېيىن ئۇنىڭدا ماھىر ئۇسسۇلچى بولۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. خۇددى كونىلارنىڭ «تىلىسەڭ تاپارسەن، تىرىشساڭ ئورارسەن» دېگىنىدەك ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ 1955 - يىلى ئۆزى ئارزۇ قىلغان سەنئەت بېغى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ سەنئەتكە تەشنا يۈرىكى سەنئەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈنلىرى ھەقىقەتەن بەختىيار ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى قەمبەر خانىم ئۇسسۇل سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار قاتارىدا ئابلىمىتنىمۇ خۇددى باغۋەن ياش كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلغانىدەك كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. ئابلىمىت بىر تەرەپتىن ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن ئۇسسۇل نەزەرىيىسىنى ئاڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەزمۇنغا باي ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە زوق بىلەن كۆز تىكەتتى.

بولۇپمۇ ئۇستازىنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتا ھەرىكەتنى چوڭ ۋە مەردانە ئېلىش لازىملىقى، ئىچكى ھېسسىيات بىلەن قىياپەتنى قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ۋە ئىچكى ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى مۇھىملىقى ھەققىدىكى نەپىسلىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىرمۇ بىر خاتىرە قالدۇ-



راتتى ۋە قەمبەرخانىمنىڭ دېگىنى بويىچە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنەتتى.

قەمبەرخانىم خىزمەت ئىبھتىياجى تۈپەيلىدىن ئوغۇللارغا ئەرلەرچە ئۇسسۇلنى ئۆزى ئۆگىتەتتى. ئۇ ئوغۇللارغا ئۇسسۇل ئۆگەتكەندە ھەمىشە «يىگىتلەر ئۇسسۇل ئوينىغاندا كۆكرىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەددىنى چاققان، يەڭگىل ئېلىپ، قولنى كەڭ ئېچىپ يىراققا نەزەر سېلىپ مەردانىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا ئۆزىنى خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتتەك ھېس قىلىشى لازىم» دەيتتى. ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزىنى ئابلىمىت توختى ئۇسسۇل ئۆگىنىشتە دەستۇر قىلدى.

ئۇسسۇل تىلى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى بىردىنبىر ۋاستىسى، گەۋدىلىك ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ جېنى. ھەرىكەت بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئابلىمىت توختى ئۇسسۇلنى مەشىق قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس گەۋدىلىككە، باي ھېسسىياتقا، چوڭقۇر غايىۋى ئوي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى مۇكەممەل ئىگىلەش ئۈچۈن باشقا ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلدى. ئۇنىڭ مەشىقتىكى چىدامچانلىقى، ھەرىكەتنى قېتىرقىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشى، بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسسۇلغا تېز ماسلىشىشى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. ئۇنىڭ مونچاق-مونچاق تەر ئاققۇزۇپ بالېت ھەرىكەتلىرىنى سائەتلەپ ئۆگىنىشى، تىرىشچانلىقى، روھى ئوقۇغۇچىلارنى-ساۋاقداشلىرىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئىنتايىن ئىجتىھاتلىق ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىن باشقا قازاقچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، رۇسچە، چاۋشيەنچە، ئىسپانچە ئۇسسۇللارنىمۇ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە پىششىق ئۆگىنىۋالدى. ئۇ چاۋشيەنچە باللار ئۇسسۇلىنى ۋە ئىككى كىشىلىك ئاتۇش ئۇسسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ئۈرۈمچىدىكى بىرقانچە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رېژىسسورلىرى، ئاتاقلىق سەنئەتكارلار شىنجاڭ شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى دوكلات ئويۇنىنى كۆرۈشكە قاتناشتى. ئۇلار ئابلىمىت توختىنىڭ تالانتىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەردى. ئابلىمىت توختى ئوقۇش پۈتتۈر-گەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ ئوقۇغان بىلىملىرىنى ئىشلىتىدىغان ۋە ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان زېمىن ئۇنىڭ-غا قۇچاق ئاچتى.

ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ توي پەدىسى-دىكى يىگىتلەر ئۇسسۇلى بىلەن باشلاندى. گەرچە ئۇسسۇل يېرىم مىنۇتلا داۋام قىلغان بولسىمۇ خۇددى بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش-نىڭ شولىسىنى كۆرگىلى بولىدىغاندەك ئابلىمىت توختى بۇ ئۇسسۇل-دا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىنى چىۋەرلىك بىلەن نامايان قىلدى.

ئۇ قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىسى ھەم ئۇس-سۇل يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇسسۇل كەسپىنى قېتىر-قىنىپ ئىشلىدى. ئۇ «قەشقەر سەنىمى»، «جۇلا ئانسامبىلى»، «ساما ئۇسسۇلى»، ئۆزى ئىشلىگەن قىرغىزچە ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «يايلاقتىكى مۇھەببەت» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئارقا-ئارقىدىن ئورۇنداپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلدى. قىر-غىزچە بۇ ئۇسسۇلدا قىرغىز ياشلىرىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ يايلاقتا بولغان ھەقىقىي سۆيگۈسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ نومۇر قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە «ئىجادىيەت مۇكاپاتى» ۋە «ئورۇنلاش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى كۆرەكتىكى نەتىجىلىرى ئۇنىڭغا ئىلھام بېغىشلاپ، ئۇنىڭ تىرىشىپ ئىجاد قىلىشىغا، خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ خىلمۇ خىل تۈرلىرىنى ئېچىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى رەڭمۇرەڭ خەلق تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئابلىمىت توختى توي - تۆكۈن، مەشرەپ ۋە باغ سەيلىلىرى قاتارلىق سورۇنلاردا ئوينىلىۋاتقان خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، قىياپەتلىرىنى ۋە ھەرخىل تەمپىلارغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىۋاتقان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆگە- نىۋالاتتى - دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن بىرلەش- تۈرۈپ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى بېيىتىپ باراتتى.

1964 - يىلى ئابلىمىت توختى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىگە بەدىئىي يېتەكچى بولۇپ بېيجىڭغا باردى. ئۇ ئۆزىدىن بۇيان توپلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئۇ قويۇلىدىغان ئويۇن- نىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى ئارتىس- لارغا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى- نىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەتتى، كۆرەكتىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇلۇغ ۋە- تىنىمىزنىڭ گۈزەل شەھەرلىرىنى، بىپايان تاغ - دەريالىرىنى، سا- نائەت رايونلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدى- كى ھەر مىللەت خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ بېيىتتى.

يولداش ئابلىمىت توختى خەلقتىن ئىبارەت تۈگىمەس - پۈت- مەس سەنئەت بۇلىقىدىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئە- نىۋى مىللىي ئۇسسۇللارنى رەتلەش، قېزىش ۋە خاتىرىلەش ئار- قىلىق ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە ئاساس ھازىرلاپلا قالماستىن بەلكى ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ زېمىن ھازىرلىدى. ئۇ يەنە ئۇسسۇل تېخنىكىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي ئۇسسۇل بىلەن بالېتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزى بالېت ئۇسسۇلىغا دائىر ئاساسىي
مەشقلەرنى ئېلىپ باردى ھەم رەتلىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مەخسۇس كەسپىي تەر-
بىيە ئالغان ۋە مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان ئىق-
تىدارلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى كەمچىل ئىدى. ئابلىمىت توختى بۇ
بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇسسۇلچىلارغا مىللىي ئۇسسۇل ئاساسىي
مەشقى ۋە بالېت ئۇسسۇل ئاساسىي مەشقىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگى-
تىپ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ چاققان، يېنىك، چەبدەس، ماھىر بولۇشى-
غا يېتەكچىلىك قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن سۈپىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن سەھ-
نىدە ئۆز ئۇسسۇل ماھارىتىنى نامايان قىلسا، بىر تەرەپتىن
ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈندى. 1965 -
يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلان-
غان چوڭ تىپتىكى ناخشىلىق ئۇسسۇل «ياشىسۇن خەلق گۇڭشې-
سى» نىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە قاتنىشىپ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى
ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى ھەم بىر
كىشىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئابلىمىت توختىمۇ
باشقا سەنئەتچىلەر قاتارىدا چەتكە قېقىلىپ، كۈنسايىن چوڭقۇر-
لىشىۋاتقان ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىر مەھەل توختاپ قالدى.
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئابلىمىت توختى
قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سې-
لىپ، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان تەشنالى-
قىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىيەت سېپىگە ئاتلاندى.

ئۇ كېيىنكى ئۆزگىرىۋاتقان جانلىق تۇرمۇشنى، يېڭى دەۋر
كىشىلىرىنىڭ روھىي - قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇسسۇل
نومۇرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپ ئاممىغا يۈز كۆرۈش-
تۈردى. ئۇ ئىشلىگەن «دولان دەرياسى» يېزا ياشلىرىنىڭ تولۇپ -

تاشقان غەيرەت - شىجائىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاشۇنداق ئۇسسۇللارنىڭ بىرى. يولداش ئابلىمىت توختى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنى ئىسلاھ قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىش توغرىسىدا ئىزدىنىپ، جاپالىق تىرىشىش ئارقىسىدا «ساما ئۇسسۇلى» نى سەھنىلەشتۈردى. «ساما ئۇسسۇلى» ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە، ئويناش دائىرىسى كەڭ ئۇسسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يېرى پەقەت ئۇنىڭدا بىرقانچە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ بولغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قايغۇ-ئەلەملىك، جۇشقۇنلۇق، ئىخلاسمەنلىك ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشىدە. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى مەشھۇر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا نەچچە يۈزلىگەن ئاپئاق ساقاللىق بوۋايدىن تارتىپ ياش - ئۆسمۈرلەرگىچە ناغرا - سۇناينىڭ رىتىملىق ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ چۆرىدەپ «ساما ئۇسسۇلى» ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسسۇلچىلار قوشۇنى گويا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ساما ئۇسسۇلىدا مانا شۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەپ بەردى.

يولداش ئابلىمىت توختى خەلق ئارىسىدىكى مۇشۇنداق ئۇسسۇللارنىڭ نازۇك، ئۆزگىرىشچان، باي شەكىللىرىنى رەتلەپ ۋە پىششىقلاپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلق ئاممىسى ئالقىشلىغۇدەك دەرىجىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىشلەپ چىقتى. بىز تۆۋەندە ئۇ ئىشلىگەن ۋەكىللىك ئىككى ئۇسسۇلنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە كېلىۋاتقان ئادارگۈل ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن ئىشلىگەن «بەخت ئىزدەش» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ بۇ ئۇسسۇلدا كىشىلەرنىڭ زۇلمەتلىك ئۆت-

مۇش جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، يېڭى، بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «ئۇنىڭ ئارزۇسى» ناملىق تاجىكچە ئۇسسۇلنى ئابلىمىت توختى ئۈچ ئاي قاتتىق ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈردى. ئۇسسۇلدا بىر پادىچى يىگىتنىڭ ئۆز يۇرتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ئىلمىي تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىچىلىق رايونىدا غايەت چوڭ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئىجادىيەت ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۆگىنىش جەريانىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. دېمەك، ئابلىمىت توختى ئاشۇنداق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق جەمئىيىتىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان نۇرغۇنلىغان ساغلام، مەزمۇنى يېڭى نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۇ نومۇرلارنى قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ ھەم ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ئۇ يەنە «توقۇمىچى قىزلار ناخشىسى»، «جۇزۇڭلىنى ئەسلەيمىز»، «قەشقەردە باھار»، «خاماندا شادلىق»، «بۇ زېمىن بىزنىڭ» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىپ، مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆرۈنەرلىك ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ «قەشقەر ساماسى»، «قەشقەردە باھار»، «توقۇمىچى قىزلار ناخشىسى»، «ئۇنىڭ ئارزۇسى»، «باھار ئەلچىسى»، «چارۋىگاھ مەشرىپى»، «كېپىنەك» قاتارلىق ئىجادىي ئۇسسۇللىرى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۆزى ۋىلايەتلىك كۆرەكلەردە ئۇدا بىر نەچچە قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنى جاھان سەھنىسىدە جەۋلان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستەكنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىشتىن بارا-

بارا ۋەقەلىكى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرلارنى ئىشلەشكە قەدەم قويدى. ئۇ 1984 - يىلى يېرىم يىل قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، تارىخىي دراما «ئاماننىسا»نىڭ ئالتىنچى پەردە ئىككىنچى كۆرۈنۈشى — «تەنتەنە»نى سەھنىلەشتۈردى. بۇ پەردىدە مەلىكە ئامانىساخېنىمنىڭ قىدىرخان يەركەندى ۋە ئۆمەر سازەندىلەرنىڭ تولۇقلاپ رەتلەپ چىققان پەنجىگاھ مۇقامىنى سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن ئويۇشتۇرغان بەزمە ئولتۇرۇشى مەزمۇن قىلىنغان.

يولداش ئابلىمىت توختى بۇ تىياتىردىكى ھەربىر پېرسوناژغا ئۆزىگە خاس مۇۋاپىق ھەرىكەت بېرىپ، ئويۇننىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. بۇ ئۇسسۇللۇق بەزمە ئولتۇرۇشىدا بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدىغان ساما، شادىيانە، سەنەم، دولان، نازىركوم قاتارلىق خەلق ئۇسسۇللىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ھەممىدە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

يولداش ئابلىمىت توختى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىق تويىغا تەييارلانغان «تەڭرىتاغ شادلىقى» چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان خەلق تۇرمۇشىنىڭ باياشاد بولۇپ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بازار كۆرۈنۈشىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشتىكى ئۇسسۇل نومۇرلىرى تاماشىبىنلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. بولۇپمۇ بىر توپ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئوينىغان «ئۆتۈك ئۇسسۇلى» چەبدەس، شوخ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى، جۇشقۇن تۇرمۇشىنى يۇقىرى سەۋىيىدە بىلەن ئىپادىلەپ بەردى. تاماشىبىنلار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. يولداش ئابلىمىت توختىنىڭ بۇ ئىجادىي مېھنىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يۇقىرى باھا بەردى، كېيىن «ئۆتۈك ئۇسسۇلى» ئايرىم ئەرلەر ئۇسسۇلى بولۇپ سەھنىلەردە ئوينالدى.

يولداش ئابلىمىت توختى يالغۇز ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ سەھنە تۇرمۇشى، ھەربىر يەردە ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى دراما ئىجادىيىتىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ مەمتىلى زۇنۇن يازغان «رابىيە سەئىدىن» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ياردەم بەردى. بۇ ئويۇن ئۈزۈلدۈرمەي كۆپ قېتىم ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ھەم تېلېۋىزىيىگە ئېلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلدى. ئۇ يەنە ھاجى ئەخمەت بىلەن بىرلىشىپ، «سەلەي چاققان» دراممىسىنى يېزىپ ۋە سەھنىلەشتۈرۈپ قەشقەر سەھنىلىرىدە تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ 1986 ـ، 1987 ـ يىللىرى دەۋرىنىڭ تەلىپى، تاماشىبىنلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە قانداق ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىپ، يېڭىچە ئۇسسۇل ئىجاد قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئۇ مەملىكەتلىك ئۇسسۇل كۆرىكىگە قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تازا يۈكسىلىپ كېتەلمەسلىكىدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن يېڭى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئويلاپ، يېڭى ئىجادىيەت قەدىمىگە يۈزلەنمەكتە. ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقى ۋە ئەككىنچى قېتىملىق سەنئەت بايرىمى ئۈچۈن يېڭى ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش جېڭىگە ئاتلاندى. مۇ قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن بىر كېچىلىك ئۆزگىچە ئىجادىي ئۇسسۇللارنى تەييارلاش پىلانىنى تۈزدى.

يولداش ئابلىمىت توختى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. بىز ئۇسسۇل ئارتىسى، ئىقتىدارلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى ئابلىمىت توختىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى تىلەيمىز.

# سەنئەت مائارىپىدىكى تۆھپىكار

## ئابباس ياقۇپ

ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، ۋەتىنىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە شەرەپ كەلتۈرگەن ئاتاقلىق، ماھىر سەنئەتچىلەرنى ۋە ئىجادكار ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز. مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىلغار ئوقۇتقۇچى يولداش زەينەپ سەئىدى ئەنە شۇنداق ماھىر سەنئەتچى ۋە ئۇستازلارنىڭ بىرى.

زەينەپ سەئىدى 1938 - يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا قىزىقاتتى. زەينەپنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسسۇلغا بەكمۇ لايىقلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەبىئىي تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنى 1952 - يىلى بالا ئارتىس قىلىپ ئۆمەككە قوبۇل قىلدى. ئۆمەكتىكى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۇ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلىرى ۋە ھېسسىيات ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. 1953 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرىكىدە ئەمدىلا سەھنە ھاياتىنى باشلىغان زەينەپ «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى ناھايىتى ياخشى ئورۇنداپ، سەھنە بېغىدا ئېچىلىۋاتقان بىر غۇنچە سۈپىتىدە پۈتۈن سەنئەتچىلەر

ۋە كۆرەك قاتناشچىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

1955 - يىلى زەينەپ سەئىدى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا يۆتكەپ كېلىندى ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى — ھاجى راخمان، زەينەپ سىددىق، ئىبراھىمجان ... قاتارلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ سەھنە ماھارىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلدىن باشقا يەنە ئۆزبېكچە، موڭغۇلچە، قازاقچە، قىرغىزچە، تاجىكچە ئۇسسۇللارنىڭ ئاساسىي ماھارىتى ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىدى. ئەنە شۇ يىللاردا ئۇ «جانان» قاتارلىق ئۆزبېكچە ئۇسسۇللارنى ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كىشىلەر قەلبىدە ئىنتايىن يېقىملىق تەسىر قالدۇردى.

زەينەپ سەئىدى 1956 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ سەنئەت دىلىگاتسىيىسى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش رېسپوبلىكىسىغا بېرىپ، ھەرقايسى رېسپوبلىكىلارنىڭ سەھنىلىرىدە «قەشقەر سەنىمى»، «جۇلا ئانسامبىلى»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى» ۋە «چاي تېرىش ئۇسسۇلى» ... قاتارلىق ئۇسسۇللارنى باشلامچىلىق بىللەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ چاغدا ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان گېزىتلىرى «قەشقەر قىزى سەھنىمىزدە»، «ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى» دېگەن تېمىلاردا ئارقا - ئارقىدىن مەخسۇس خەۋەر ئېلان قىلىپ، ئۇسسۇلىنىڭ نەپىس، شوخ، كۆركەملىكى ۋە زەينەپنىڭ سەھنىدىكى ئاجايىپ گۈزەل ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئويۇن قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزبېكچە، تۈركمەنچە، تاجىكچە ئۇسسۇللارنى ئەينەن ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

يولداش زەينەپ سەئىدى 1962 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى



ئاتاقلىق ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەر خانىمنىڭ تەكلىپىگە ۋە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، سابىق شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە يۆتكەلدى. شۇنىدىن تارتىپ بۇ تالانتلىق ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلاندى.

ئۇ مىللىي ئۇسسۇل دەرسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئوقۇتۇشتا ئەستايىدىل، سەۋرچان بولدى. دەرستە ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتا ھەرىكەتلىرىنى زېرىكمەي تۈزەتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى. مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىپ تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكىنىڭ رىتىمى ۋە داپ تاكتىكىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى. مۇزىكا بولمىسا ئاغزىدا بىر ... ئىككى ... دەپ ساناپ تۇرۇپ دەرس ئۆتتى. كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنى توپلاش - رەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. دەرسلىك دەققىدە كۆپ ئىزدەندى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلىرىنى رەتلەش ۋە ئۇنىڭغا يېڭى شەكىل كىرگۈزۈش ئاساسىدا مۇزىكىغا ئويىنىلىدىغان ھەرىكەت بىرىكمىسىدىن ئون سەككىز يۈرۈش مەشق ھەرىكىتى، داپقا ئويىنىلىدىغان ھەرىكەت بىرىكمىسىدىن يىگىرمە يەتتە يۈرۈش مەشق ھەرىكىتى تۈزۈپ مىللىي ئۇسسۇل دەرسلىكىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلىرىدىن تۆت يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئۆلچەملىك ھەرىكەت كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئېلىپ پايدىلىنىش قوللانمىسى قىلدى.

ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئوقۇتۇش بىلەن ئىجادىيەتنى بىرلەشتۈردى. ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ،

بالىلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىچىك تىپتىكى ئۇسسۇللارنى رەتلەپ ۋە ئىجاد قىلىپ ھەرقايسى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، پىراكتىكا سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

زەينەپ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە كەچكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنى رەتلەش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش ئاساسىدا دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىللىي شەكىلدىكى يېڭى - يېڭى ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، بىرقانچە ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆگەتتى. زەينەپ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە بىر يېرىم يىل ۋاقىتتىلا «تەنتەنە»، «تەگرىتاغدا باھار»، «كارۋان ناخشىسى»، «كۈسەن»، «گۈلىستان»، «قوڭغۇراق ساداسى»، «ۋالىبول مۇنبىرىدە»، «ئانارگۈل»، «ئۈچرىشىش»، «مەكتەپتە باھار» ... قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردىن ئون نەچچىنى سەھنىلەشتۈرۈپ چىقتى. بۇ جەريانىدا سەھنە كىيىمى، گىرىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلدى. بۇ نومۇرلار ئىچىدىن: «پىئونېرلار ئېتىزدا» دېگەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئىتتىپاق ئەزالىرى سەنئەت كېچىلىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك لەۋھە بىلەن تەقدىرلەندى. ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «مەكتەپتە باھار» 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت سىنىپلىرىنىڭ ئۇسسۇل كۆرىكىدە مېھرىگۈل، مەريەملەرنىڭ ئورۇنلىشىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بىر كىشىلىك ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «قوڭغۇراق ساداسى» 1986 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇسسۇل چولپانلىرى ئويۇن كېچىلىكىدە مېھرىگۈل ئەمەتنىڭ ئورۇن-

دىشىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بىر كىشىلىك ئۇسسۇل «گۈلىستان» 1986 - يىلى ۋۇخەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باھار بايرىمى سەنئەت كېچىلىكىدە مېھرىگۈل بىلەن مەمتىلىنىڭ ئورۇندىشىدا ماددىي مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زەينەپ ئىجادىي ھالدا يېڭىلاپ راۋاجلاندۇرغان «ئاتۇش ئۇسسۇلى» ئاۋمىن جۇڭتيەن ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 1988 - يىل 2 - ئايدا ئاۋمىندا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ كۆتۈرۈۋالدى يېڭى باھار ھۆسنىنى» پائالىيىتىدە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن بارغان ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەرىپىدىن ئوينىلىپ، ئاۋمىندىكى قېرىنداشلار ۋە ھەرقايسى ئەللەر كىشىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

زەينەپ سەئىدى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان 26 يىلدىن بۇيان تولۇق سەككىز قارار سىنىپقا ھەپتىسىگە سەككىز سائەتتىن مىللىي ئۇسسۇل دەرسى ئۆتۈپ، 120 نەپەردىن ئارتۇق سەككىز مىللەت قىز ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئەت قوشۇنىغا يېڭى كۈچ قوشتى. ئۇ تەربىيىلەپ چىققان رەيھان ئابلىز، خۇشى سېبى (خەنزۇ)، مۇقەددەس قاتارلىقلار ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاتاقلىق ۋە تالانتلىق ئارتىسلىرىدىن بولۇپ قالدى.

زەينەپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېنە قېرىنداش مەكتەپ ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەكلىپى ۋە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 1965 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - دىۋىزىيىسىنىڭ سەنئەت دۆيى، فۇكاڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە سەنئەت سىنىپى، ئىچكى موڭغۇل سەنئەت مەكتىپى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق مەركەزدىكى سەنئەت ئۆمەك ۋە سەنئەت شۆيۈەنلىرى ... قا-

تارلىق جايلارغا بېرىپ، مىللىي ئۇسسۇلدىن فۇداۋ قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇ فۇداۋ قىلىشقا بارغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ ئۆمەك ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ئالاھىدە رەھمىتىگە ئىگە بولدى.

ئۇنىڭ سەنئەت مائارىپىغا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. 1982 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا ئاچقان ئۇسسۇل ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 1981 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە مەدەنىيەت نازارىتى سىستېمىسى بويىچە ئىككى قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى ۋە تېلېۋىزوردا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى.

گەرچە ھازىر زەينەپنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىسىمۇ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك يولدىكى غەيرىتى قىلچە بوشاشقىنى يوق. ئۇ 1988 - يىلى 8 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئۇسسۇل ئوقۇتۇشى بويىچە لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسىگە جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە.

ئۇ مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# پەرۋاز قىلىۋاتقان باھار قارلىغىچى

## تۇرغان شاۋۇدۇن

نۇرنىسا ئىسمايىل 1939 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن 1955 - يىل 8 - ئايغىچە غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا ھەر قايسى مىللەت ۋە چەت ئەللەرنىڭ زامانىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشقا تىرىشقان. شۇڭا ئۇ سەھنە ھاياتىغا قەدەم قويغاندا ئۆزىنىڭ شۇ مۇددىئاسىغا ئاساسەن ھەر بىر ئاددىي ھەرىكىتىنىمۇ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ، جاپالىق مەشق ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئىجادىي ئىنتىلىش ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنى سەھنىگە يېڭى قىياپەت يېڭى شەكىل بىلەن ئېلىپ چىقىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئۇسسۇلچىلىرىمىز يوق دېيەرلىك بولغان، ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولمىغان شۇ شارائىتتا مەخسۇس ئۇسسۇل كەسپىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان بۇ ئۇسسۇلچىنىڭ ئەنە شۇنداق يېڭى قىياپەت بىلەن سەھنىگە چىقىشى تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن، ھەمدە ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن زوقلانغان بۇ ياش ئۇسسۇلچىغا ئاپىرىن ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ - كۆرۈپ

قانمىغان. ئۇ شۇ يىللاردا قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولغان «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى». «تارىم قىزى» «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «دولان مۇقاملىرىدىن ‹جولا› ئۇسسۇلى»، «قەشقەر سەنىمى»، «دولان سەنىمى»، «باغ سەيلىسى»، «جانان چىنىدە بىيىجىك چىبى»، «كەشتە تىكىش» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناش بىلەن بىللە خەنزۇچە «چاي ئۇسسۇلى» «قىلىچ ئۇسسۇلى»، «زاڭزۇ ئۇسسۇلى»، «چاۋشيەنزۇ ئۇسسۇلى»، موڭغۇلچە «ئوردوس ئۇسسۇلى» «تەيزۇ ئۇسسۇلى» قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئۇسسۇللىرى ۋە مىسىر، پاكىستان، نېپال، ھىندىستان قاتارلىق چەت ئەل ئۇسسۇللىرىنى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئويناپ جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ تەيزۇ خەلقىنىڭ «توز ئۇسسۇلى» نى ئوينىغاندا ئاتاقلىق تەيزۇ ئۇسسۇلچىسى دۇمبىلەن ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭ ماھارىتىدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى ئېيتقان. «نېپال ئۇسسۇلى» نى ئوينىغاندا گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى مەرھۇم لۇرۇيچىڭ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، «بۇ ئۇسسۇلنى نېپال قىزلىرىدىنمۇ ياخشى ئويناپسىز، رەھمەت سىزگە. ‹نېپال› قىزى» دەپ ماختىغان.

ئۇ 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغا قەدەر شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، كۆپ قېتىم ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان. ئويۇن قويۇش سانى ۋە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ نامى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تونۇلۇشقا باشلىغان، «خەلق گېزىتى»، «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى». «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» ۋە شياڭگاڭدىكى بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇنى سۈرىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، «ئۇسسۇل پەرىسى»، «ئۇسسۇل مەلىكىسى» دېگەن ناملار بىلەن مەدھىيىلەپ، ماقالىلەر ئېلان قىلغان. گۇاڭجۇدا ئۇ ئوينىغان «تارىم قىزى» دېگەن ئۇسسۇلنى كۆرگەن ھەيكەلتاراشلار ئۇنىڭغا تەقلىت



قىلىپ ھەيكەل ياساپ، «تارىم قىزى» دېگەن تېمىدا «خەلق گېزىـ
تى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

1966 - يىلى ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قوزغىلىپ بىپايان زېمىن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ ياشلىق باھارى چېچەكلەپ خۇش پۇراق چاچقان سەھنە ئاتالمىش «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، باھار قۇياشى قايتا نۇر چېچىشى بىلەن بىپايان زېمىن ئۆز ھاياتىي كۈچىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. سەھنىدىن چېكىندۈرۈلۈپ، ئەرزىيەت چەككەن سەنئەت ئەھلىلىرى باھار قارلىغىچىدەك قايتا جەۋلان قىلدى. ئەپسۇسكى، ئەرزىيەت ئىچىدە ئۆتكەن رەھىمسىز يىللار ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئوتتۇرا ياشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويلاندى. ئۇ پەرۋاز قىلىشى كېرەك ئىدى. پەرۋاز قىلىشتىكى مەقسەت سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشۇش. ئۇ ئويلىنا، ئويلىنا، كۆز ئالدى بىردىن يورۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ياشلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى.

شۇندىن بۇيان ئۇ ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆز ئىدارىسىدىكى ياش ئۇسسۇلچىلارنى يېتەكلەش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىزچىل تۈردە تۆۋەنگە چۈشۈپ ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش، دەرس ئۆتۈش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدى. 1972 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئالتە ئاي، 1973 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بىر

ئاي، يەنە شۇ يىلى شاڭخەي باليېت تىياتىرىدا بىر ئاي 1977 ـ يىلى گۇچىڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ ئۈچ ئاي، 1986 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدە بىر يېرىم ئاي ئۇسسۇل كەسپى بويىچە دەرس ئۆتۈپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

بۇ جەرياندا ئۇ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، «باغۋەن قىزلار» «مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ دوستلۇقى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى» (مەرھۇم ھاجى راخمان بىلەن بىللە ئىشلىگەن)، «سىرلىق تاغقا ساياھەت» (قەمبەرنىسا ئەخەت بىلەن بىللە ئىشلىگەن)، «پوچتالىيون قىز»، «نورۇز كېچىسى»، «ئايدىڭ كېچە»، «قىز ئارزۇسى»، «مۇئەللىمگە گۈل تەقدىم قىلىش» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆمەكنىڭ ئورۇندىشىغا تەقدىم قىلدى. بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ئىچىدە «مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ دوستلۇقى» ناملىق ئۇسسۇل 1972 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشچىلار سەنئەت كۆرىكىدە «مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل» بولۇپ باھالاندى. «ئەتلەس ئۇسسۇلى» شاڭخەي باليېت تىياتىرىنىڭ ئۆگىنىپ ئورۇندىشى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھنىلەردە ئومۇملىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. «مۇئەللىمگە گۈل تەقدىم قىلىش» ناملىق ئۇسسۇل 1986 ـ يىلى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نۇرنىسا ئىسمايىل بۇ جەرياندا يەنە «يايلاقتىكى بۆركۈت» ناملىق كىنودا باش قەھرىمان ئامىنەنىڭ رولىنى، «غېرىب ـ سەنەم» كىنو فىلىمىدە غېرىبنىڭ ئانىسى مېھرىبانىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز

يىللىقىغا تەقدىم قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ» ئەسىرىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ «ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن»لىك گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى.

نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ سەنئەت سېپىدە ئېرىشكەن بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىنى خۇشال قىلمىسۇن؟! ئۇ خەلقىمىزنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ يەنىلا سەنئەت گۈلزارىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان قارلىغاچ. بىز ئۇنىڭ تېخىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى تىلەيمىز.

# ئۇسسۇل بەيگىسىدىكى تۇلپار، كۆپكە ماھىر رېژىسسور

م. بارى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئەت ئىجادىيەتچىسى، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق ئۇسسۇل سەنئەت رېژىسسورى يولداش كۈرەش رەجەپ ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مول سەنئەت مېۋىلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا ھۇزۇر بەخش ئەتكەن ياش تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.

1987 ـ يىل 8 ـ سىنتەبىر كەچ ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئۇ، ئۇسسۇل سەنئەت رېژىسسورلۇق كەسپى بويىچە بىلىم سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يىلدىن يىلغا ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا لايىق قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۈكسەك دەۋر روھىغا ئىگە تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ نەپىس يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، رايونىمىزنىڭ ئۇسسۇل ۋە ئۇسسۇل سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ مول تۆھپە قوشۇشقا پۇختا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل سەنئەت رېژىسسورلۇق كەسپىگە ئىككى يىللىق ئوقۇشقا بېرىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىكەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتە يەنە بىر قېتىم تەربىيىلىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.



مەشھۇر ئالىم گاۋسچى «بىلىم ئادەمنىڭ قېنىدەك قىممەتلىك، قان كەم بولسا، تەن ئاجىزلايدۇ، بىلىم كەم بولسا، مېڭە قۇرۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى.

دېمەك ھەر قانداق كەسىپ ئىگىسى بىلىمنى ئۆزى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق زۆرۈر، ئېھتىياجلىق، ئۇ، خۇددى تومۇردىكى قاندەك كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلاپ ھارماي - تالماي جاپالىق ئىزدىنىپ ئۆگەنسىلا، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، تالانتى ۋە كەسپىي ماھارىتى پەقەت جاپالىق ئۆگىنىش ۋە كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىقلا يېتىلىدۇ.

مەيلى قايسى پەن، قايسى كەسىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىنى ئۆز كەسپىدە بىرەر نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، شۇ پەن ۋە شۇ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى پىششىق، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز كەسپىدە نەتىجە ياراتقىلى، جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگىلى ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ.

كۈرەش رەجەپ 1953 - يىلى ئاتۇشتا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا دائىم كىنو، تىياتىر ۋە باشقا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاپىرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ھەۋەس قوزغالغان. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سەنئەتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئائىلە ۋە مەكتەپتىكى بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك لەپەر ئويناشنى مەشىق قىلغان. مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە قىلچە تارتىنماستىن لەپەر ئويناپ، قىزىقچىلىق قىلىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

كۈرەش ئۆزىنىڭ ئارزۇسى، سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى بو-

يەنچە 1964 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپتە كەسپىي ۋە نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن بوش ۋاقىتلىرىدا بەدەن ھەرىكىتى ۋە ئۇسسۇل ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق جاپاغا چىداپ مەشىق قىلدى. 1970 - يىلى مەكتەپنى تاماملاپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. گەرچە ئۇ ئۇسسۇل سەنئەت كەسپى بويىچە خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولسىمۇ، ئۆمەككە كەلگەندىن كېيىن ئۆگىنىشنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى. بولۇپمۇ ئۇ پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل سەنئەت رېژىسسورى قەمبەرخان، ھاجى راخمان قاتارلىق يولداشلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرالاردا ئاساسلىق روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى.

كۆرەش سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، كونىلىقنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئوينىلىپ كېلىۋاتقان «تاغ ئۇسسۇلى»، «ساما ئۇسسۇلى»، «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ۋە «پېرە ئۇسسۇلى» بىر مەزگىل بىزنىڭ سەھنىلىرىمىزدىن يوقاپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىگە كەلگەندە، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلالماستىن: «ئۇ بىزنىڭ ئۇسسۇلىمىز ئەمەس» دېيىشتى. كۆرەش بۇنىڭغا قارىتا: «بۇرۇن يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللىرىمىزنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، باشقا ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى زامانىۋىلاش-

قان سەۋىيىگە كۆتۈرۈش بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىز» دەپ قا-
راپ «قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن
پايدىلىنىپ، يېڭىنى يارىتىش»نى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز
ئىجادىيىتىدە مۇۋاپىق پايدىلىنىپ نەتىجە قازاندى.

يولداش كۇرەش پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل سەنئەت
رېژىسسورلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇپ زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىش
لازىملىقى توغرىسىدا ئىزدەندى ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەن-
ئەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى خۇلاسىگە
كەلدى: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە
بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرى ئۇلۇغ، لېكىن ئۇ شۇ دەۋرنىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى، ھازىرقى زامان ئۇسسۇللىرى
قانداق شەكىللىنىدۇ، ئۇلار نىمىلەردىن ئىبارەت دېگەن سوئاللار
قويۇلغاندا بىز جاۋاب بېرەلمىدۇق. چۈنكى بىز بۇرۇن پۈتۈنلەي
بۇرۇنقىغا تەقلىد قىلىپ ياكى دوراپ ئوينىدۇق، تەرەققىيات
بولمىدى. ھازىرقى تەرەققىياتىڭلار قېنى؟ دېسە كۆرسىتىپ بېرەل-
مىدۇق. ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل لۇشيەن تۈپەيلىدىن ئۇسسۇل
سەنئىتى تەرەققىي تاپالمىدى، ئۇسسۇل سەنئەت نەزەرىيىسى
جەھەتتىمۇ ھېچقانداق نەرسە قالمىدى» بۇ خۇلاسىگە ئاساسەن
كۇرەش ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
نىڭ بىردىنبىر يولى — جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ئىكەنلىكى-
نى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، 1975 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي بالېت
ئۆمىكىگە بېرىپ بىر يىل مەخسۇس بالېت ئۇسسۇلىنى ئۆگەندى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە بوش ۋاقىتلاردا بېيجىڭدىكى بەزى سەنئەت
ئۆمەكلىرىگە بېرىپ پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلاردىن خەنزۇ ئۇسسۇلى،
موڭغۇل ئۇسسۇلى ۋە چاۋشيەن ئۇسسۇللىرىنى نەزەرىيە جەھەتتى-
كى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇسسۇل سەنئەت كەسپى ۋە
نەزەرىيە جەھەتتە بىر قەدەر پۇختا ئاساس ياراتتى. بولۇپمۇ

بالېت ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇسسۇلنىڭ تىلى بولغان ئادەم بەدىنىنى بالېتتىن ئىبارەت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئارقىلىق تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

بالېتنىڭ ئىلغارلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

كۆرەش ئۇسسۇلنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان بالېت ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل رېژىسسورى ھاجى راخمان بىلەن بىرلىشىپ، بالېت ئۇسسۇلىدىن پايدىلىنىپ «شىنجاڭ ياخشى»، «تاجىك مىنبىگىلىرى»، «پىلە باققۇچى قىز»، «باھار ئۇسسۇلى» قاتارلىق كوللېكتىپ ۋە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى، بۇ ئۇسسۇللارنىڭ بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا، سەھنىگە چىقىش بىلەنلا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. يەنە ئۇلار ئىجاد قىلغان «مېنىڭ راۋابىم» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل 1980 - يىلى دالىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئورۇنداشتا بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىجادىيەتتە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ: «مەن تېخى ھازىرقى زامان ئىلغار ئۇسسۇل سەۋىيىسىگە يېتەلمىدىم» دەپ قاراپ، ئالغا بېسىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1983 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل كۆرەكلىرىدە شىنجاڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئارقىدا قالغانىدى. بۇ چاغدا «مەدەنىيەت گېزىتى» تەرىپىدىن «شىنجاڭ، ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نامدىن چەتنەپ، قالاق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى» دەپ تەنقىد

قىلىندى. بۇ ئىش يولداش كۆرەشكە قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى بەزى توسالغۇلارنى تەھلىل قىلىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىدە كونىلىققا ئېسىلىۋېلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قاراش خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى، نۇرغۇن ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ھازىرقى يۈنىلىشىنى توغرا تونۇپ يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1986 - يىلى ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەت فاكۇلتېتىدا بىر يىللىق ئۆگىنىشكە باردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشى مەخسۇس ئىجادىيەت ئۈستىدىلا بولدى. يولداش كۆرەش شۇ قېتىملىق ئۆگىنىشتىن كېيىن، ھەرقانداق ئىجادىيەتتە ئىدىيىنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە توغرا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاساسىي ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان، كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، دۇنيادىكى ھەرقانداق يېڭى شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز خەلقى ۋە ئۆز مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ھازىرقى زامان ئۇسسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. ئەنە شۇنداق يېتەكچى ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا «ئۆزۈلمەس مىلودىيە» ناملىق ئەرلەر كوللېكتىپ ئۇسسۇلىنى ۋە «ئىز» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئەرلەر ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلدى.

«ئۆزۈلمەس مىلودىيە» ئۇسسۇلى تاشۋاي مۇزىكىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى روھىي ھالىتى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولسا، «ئىز» دا

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە كۆرەش قىلىۋاتقان، يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىزدىنىۋاتقان ۋە باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ياشلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتى، غەيرەت - جاسارىتى ئىپادىلەنگەن.

يولداش كۈرەش ئىجاد قىلغان بۇ ئىككى ئۇسسۇل 1987 - يىل 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغدا كۈز» ناملىق سەنئەت بايرىمىدا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى — يولداش ۋاڭ مىڭ بۇ نومۇرلارنى كۆرگەندىن كېيىن (باشقا نومۇرلارمۇ بار): «شىنجاڭ ئۇسسۇلىدا بىر ئىزدا توختاپ قالدى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، سىلەرنىڭ بىر كېچىلىك نومۇرۇڭلارنى كۆرگەندىن كېيىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىڭ، ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

يولداش كۈرەش سەنئەت بايرىمىغا ئاتاپ يەنە «ئوقۇغۇچىلار ئۇسسۇلى» ، «كاسىپلار شادلىقى» ، «تەڭرىتاغ شادلىقى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ۋە «ئارامى جان» ناملىق لەپەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

دېمەك، يولداش كۈرەش ئۇسسۇل سەنئىتىدە نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن پېشقەدەم سەنئەتچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن بەلكى، بىر نەچچە قېتىم ئىچكىرىدىكى مەخسۇس كەسپىي مەكتەپ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ، بىلىمىنى تولۇقلاپ، ئۇسسۇل سەنئەت ئىجادىيىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ مىللىي ئۇسسۇل بىلەن بالېتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل سەنئەت تېخنىكىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا

جان كىرگۈزدى. ئۇ سەھنىدە ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇندىغان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەملىكى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ جۇشقۇن ھەم يېقىملىقى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، يۈرەك تارىنى تىترەتتى.

شۇڭا ئۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە جۇملىدىن مەملىكەتنىڭ بىر قانچە ئۆلكە، شەھەرلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك سەھنىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 1976 - يىلى ئافغانىستان، پاكىستان، ئىراق، سۈرىيە، كۇۋەيت، جەنۇبىي يەمەن قاتارلىق يەتتە دۆلەتكە، 1982 - يىلى تۈركىيە، فرانسىيە، ماراكەش، شىۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە 1986 - يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بىلەن بىللە بارغاندا ئۇسسۇل ماھارىتىني كۆرسىتىپ، خەلقئارا دوستلارنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

دەۋرنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، زامان تېزلىپارلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. بىلىم ئۈچۈن ئىنتىلگەن كىشى چوقۇم نەتىجە قازىنماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

داڭلىق ياش ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل سەنئەت رېژىسسورى يولداش كۈرەش خۇددى بەيگىدىكى تۇلپارغا ئوخشاش قىيىن ئۆتكەللەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن شان - شەرەپلەرنى كەلتۈردى. بىز ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئەت ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېخىمۇ مول تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## قايغۇلۇق ئەسلىمە

سەلەي قاسىم

1959 ـ يىلى كۈز. كاتتايلاق يېزىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەن. «بازار بېشى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يەرگە ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ ئادەم يىغىلىپ باقمىغانىدى. «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى بازار بېشىدا ئويۇن قويىدىكەن» دېگەن خەۋەر بىر پەستىلا يىراق كاتتايلاق يېزىسىغا پۇر كەتكەنىدى. كىشىلەر ھارۋا يوللىرىغا پاتماي، چىغىر يوللارغا يىپتەك تىزىلىپ ئالدىراپ كېلىشەتتى. تېخى ئويۇن باشلانماي تۇرۇپلا كىشىلەر مەيداندا سەپراس بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردىكى بىر قىز پەردىنىڭ تېگىنى قايرىپ مارىلىدى ۋە قىلچە ھېيىقمايلا گىرىم قىلىۋاتقان ئارتىسلارنىڭ يېنىغا باردى. ئارتىسلارنىڭ بۇ قىزغا قاراپ مەسلىكى كەلدى. بىرى سورىدى:

— ئاپئاق قىز ئىسمىڭىز نېمە؟

— نۇسرەت.

— كىمنىڭ قىزى سىز؟

— ئەمەت شاڭجاڭنىڭ.

قىزنىڭ چاقماقتەك جاۋابى ئارتىسلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. سەھنىگە ئىككى مەڭزى قىپقىزىل كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان غوللۇق بىر ئادەم ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇ:

— ھەي شەيتان، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەن — دە؟... دەپ قىزنىڭ قولىدىن تۇتتى.



— بۇ بالا ئارتىس بولۇشقا تولىمۇ قىزىقىدۇ. بۇ شەيتاننىڭ چۈشۈرگىدە دورىمايدىغان ئادەمى يوق، — دېدى ئېگىكىنى ئوينىتىپ كۈلۈپ.

ئۆمەكنىڭ نەيچىسى:

— قېنى نۇسرەتقىز، بىزگە بىرەرنى دوراپ بېرەلەمسىز؟ دېدى.

نۇسرەت قەددىنى رۇسلاپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن گازىر ئالدى. سول قولىدىكى گازىرنى ئوڭ قولى بىلەن بىر - بىرلەپ ئېلىپ، يىراقتىن ئاغزىغا ئېتىپ بىرىنىمۇ زايە كەتكۈزمەي كاپىلدىتىپ تۇتۇپ، قاراسلىدىتىپ چېقىپ، قاش كۆزلىرىنى سۈزۈپ، تىكىسلاپ دەسسەپ سەھنىنى ئايلاندى. ئارتىسلار كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى، نۇسرەت ئاتۇشتىكى بىر هازازۇل ئايالنى ئۆز ئەينى دورىغانىدى.

ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى. نۇسرەتنىڭ زىلۋا بويى، شەھلا كۆزلىرى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلاتتى. رەھبەرلىك «ئۇنى ئۆمەككە قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىسەك قابىلىيەتلىك ئارتىس بولىدىكەن» دەپ قارىدى.

قىشتا ناھىيىدە يېزىلار ئارا سەنئەت كۆرىكى بولدى. نۇسرەت كاتتايلاق سەنئەت دۈينىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە كۆرەككە قاتناشتى. ئۇ قىسقا كومېدىيە، شوخ لەپەر نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ چىقىپ ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. كۆرەكنىڭ ئاخىرىدا نۇسرەت قىزىل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىكىگە تاللاندى. ئۇنىڭ سەنئەت هاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

بىر قېتىم ئەتە ئويۇن قويىمىز، دېگەن كۈنى گۈلجاھان دېگەن ئۇسسۇلچى ئاغرىپ قېلىپ، ئاتۇش ئۇسسۇلىنى نۇسرەت ئوينايدىغان بولدى. نۇسرەت بۇ ئۇسسۇلنى ئۇزۇندىن بۇيان مەشق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مۇزىكىنىڭ ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ ئاتۇش ئۇسسۇلىنى ئىنتايىن لەرزان ۋە نەپىس ئوينىدى، رەھبەر-

لەر، ئارتىسلار ئۇسسۇل ئوينىاپ بولغاندىن كېيىن نۇسرەتنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

نۇسرەت قىسقا - قىسقا كومېدىيە، لەپەر يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دراملاردا ئاساسلىق روللارغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تاشتى.

1966 - يىلى بىر مەھەل ئاتۇش ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ئەمدىلا قانات چىقىرىپ ئۇسسۇل كۆكىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان نۇسرەت جىن - شەيتان قىلىپ قويۇلدى. 1970 - يىلى ئون نەچچە پېشقەدەم ئارتىسنىڭ كەسپى ئالماشتۇرۇلۇپ ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىۋېتىلدى. شۇ قاتاردا نۇسرەتنىمۇ ئورمانچىلىق پونكىتىغا زاپخوز قىلىپ قويدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي نۇسرەت ئۆمەككە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ 1975 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەييارلىغان ئۇسسۇل نومۇرلىرى خەلق تىياتىرىدا ئوينىلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى لەرزىگە كەلتۈردى. نۇسرەت تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل «پامىردا باھار» نىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. نۇسرەتتە بۇنچىلىك ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى، بىر يىلدەك جاپالىق ئىشلەپ بۇ ئۇسسۇلنى غەلىبىلىك ھالدا سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. 1976 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە بۇ تىياتىر بىرىنچى باھالىنىپ، ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىندى. بۇ ئويۇن ئۈرۈمچىدە ئوينىلىپ ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نۇسرەت ھەسسىلەپ قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «پاختىكار قىز»، «ئەنجۈرلۈك باغدا»، «يايلاقتا ئېچىلغان دوستلۇق گۈلى»، «بىر جۈپ

قىزىلگۈل»، «قىز قەلبى»، «قىز كۆچۈرۈش» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندى. 1980 - يىللىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كۆرىكىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللانغان ئالتە نومۇر ئىچىدە نۇسرەت ئىجاد قىلغان «بىر جۈپ قىزىلگۈل»، «قىز قەلبى»، «پاختىكار قىز»دىن ئىبارەت ئۈچ نومۇر تاللىنىپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

نۇسرەت راستىنلا بىر تالانتلىق ئۇسسۇلچى قابىلىيەتلىك رېژىسسور، ھارماس ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى بولۇپ يېتىشكەندى.

ئۇ 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەشھۇر ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ھاجى راخمان بىلەن بېيجىڭگە ئۆگىنىش، زىيارەت ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شۇنىڭدەك چەت ئەللەردىن كەلگەن ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشتى. نۇسرەت ئۆزىنىڭ بۇنداق كاتتا سورۇنلاردا بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ پارتىيە ۋە تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش ئىرادىسى ئۇرغۇپ، تاشتى.

ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ بېرىۋاتقاندا كېسىلى قوزغىلىپ ھالسىزلىنىپ يىقىلدى ۋە بىر مەزگىل بېيجىڭدە داۋالاندى. ياش تۇرۇپلا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئويلاپ روھىي جەھەتتىن ئازابلاندا. راك كېسىلى ئۇنى يىقىتقانىدى. ئۇ 4 - ئايدا ئاتۇشقا قايتىپ كەلدى. ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نۇسرەتنىڭ كېسىلىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال كىشى بەلگىلەپ ئۇنى ئايروپىلان بىلەن شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەن دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتى. لېكىن نۇسرەتنىڭ كېسىلى

بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئاخىر ئاتۇشقا قايتۇرۇپ كېلىندى.
1980 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇنىڭ بولاقتەك بىر جۈپ
كۆزلىرى مەڭگۈ يۇمۇلدى. مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ ھايات
ۋاقتىدىكى ئارزۇسى بويىچە يۇرتى چۈشۈرگىگە ئېلىپ بېرىلىپ
دەپنە قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ داڭلىق ئۇستۇنچى
ئەمزى نۇسرەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

# سەنئەت گۈلزارىدىكى خۇش پۇراق چوغلۇق

ھەبىبۇللا ئوسمان

شىنجاڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولۇپ، بۇ دىياردىن سانسىزلىغان ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار يېتىشىپ چىققان. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى ھۆرىيەت مەھەممەت ئەنە شۇنداق كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچىلاردىن بىرى.

ھۆرىيەت 1945 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 1958 - يىلى قەشقەر پەيزاۋات ناھىيىسىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. كىچىكىدىن تارتىپلا سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغاچقا تېخى بىخ ھالىتىدىكى سەنئەت ئىقتىدارى ئارقىلىق، ساۋاقداشلىرى جۈملىدىن يۇرت - مەھەللە ئارىسىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەنىدى. ئۇ 1959 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا دۆلەتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىگە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ تاللىنىپ ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ھۆرىيەت ئەنە شۇ سەنئەت پائالىيىتىدىن كېيىنلا ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەركەزدىكى سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تاللىنىپ تۇنجى نۆۋەت ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭگە

باردى ھەممە ئۇ كۆرسەتكەن سەنئەت نۇمۇرلىرى قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئۇ، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بۇ ئۇمىدلىك ياش نوتىنى ئۇسسۇل ئارتىسلىكىگە تاللاپ ئېلىپ قالدى. دېمەك ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى 1959 ـ يىلى سىنتەبىردىن باشلانغانىدى. ئۇ تا ھازىرغا قەدەر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنى مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا بېغىشلاپ كەلمەكتە.

ھۆرىيەت ئۆمەككە يېڭى كەلگەندىن باشلاپ ئۆمەكنىڭ پېشقەدەم ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدىن بولغان مەرھۇم ھاجى راخمان، زەينەپ سىدىق، ئىبراھىمجان قاتارلىقلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، جاپالىق ئىزدىنىپ ئۆگەندى ۋە مەشىق قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۆسۈپ يېتىلىشىدە سەنئەت يېتەكچىسى، پېشقەدەم ئۇسسۇل رېژىسسورى زەينەپ سىدىقنىڭ ياردىمى ۋە غەمخورلۇقى مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ئۇسسۇل كەسپىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە كەسپىي ئەخلاق جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلگەچكە، 1961 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ھەرقايسى سورۇن ۋە سەھنىلەردە يالغۇز كىشىلىك ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇللارنى ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللارنى ئورۇنداپ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ ئۇستازى زەينەپ سىدىق ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئورۇنداپ خەلقىمىزگە تونۇتقان «ئىككى كىشىلىك ناغرا ئۇسسۇلى» ۋە «چىنە ئۇسسۇلى» نى ئۆگىتىپ سەھنىدىكى ئورنىنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى. ھۆرىيەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي ئۇسسۇللىرىدىن «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «سەيلە ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار-



ھەمۇئۆزى مۇستەقىل ئويناشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىبراھىمجاندىن ئۆگەنگەن «جانان» ناملىق ئۇسسۇلدا باش ئۇسسۇلچى بولۇپ ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ يوقىرىقى نومۇرلار بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن ئىزچىل تۈردە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئانارخان»، «مەكىت سەنىمى»، «ئىككى كىشىلىك ناغرا ئۇسسۇلى»، «مۇناجات»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟»، «دولان سەنىمى»، «تەزە مەرغۇلى»، «سىم خاراج»، «رومال»... قاتارلىق يالغۇزكىشىلىك كلاسسىك ۋە ئىجادىي ئۇسسۇللارنىمۇ يۈكسەك نەپىس ماھارەت بىلەن ھەرقايسى سەھنىلەردە ئورۇنداپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئۇ يالغۇز مىللىي ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. داۋاملىق تىرىشىپ مەشق قىلىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە، لىزۇچە، دەيزۇچە ئۇسسۇللارنىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەينەن ئورۇنداپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ چەت ئەل ئۇسسۇللىرىدىن پاكىستان، نېپال ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆزگىچە پۇراق بىلەن ئورۇنداش ئىقتىدارىغا ئىگە.

يولداش ھۆرىيەت ئوينىغان ئۇسسۇللار رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈللەرگە ئوخشايدۇ. مىللىيلىك ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى. شۇڭا يولداش ھۆرىيەت ئورۇندىغان كلاسسىك ئۇسسۇللار ياكى يېقىنقى زامان مىللىي ئۇسسۇللىرى بولسۇن، شوخ، تېتىك، نەپىس، لەرزان رىتىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىچكى ھېسسىيات، قىياپەت، جىلۋىدارلىق ئورگانىك ھالدا زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ئۆزگىچە مىللىي پۇراق گەۋدىلىنىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تاماشىبىنلارغا ئىستېتىك زوق، روھىي لەززەت بېغىشلىيالايدۇ. يەنە بىرى، ئورۇندىغان ئۇسسۇللاردا دەۋر روھى ئىپادىلەنگەندىن باشقا قويۇق زامانىۋى تۈسمۇ جىلۋە قىلىپ

تۆرىدۆ، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 -
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر
بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىش-
لىرىمىزنىڭ تەرەققىيات نىشانى زامانىۋىلىشىش، مەملىكەتكە ۋە
دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت. ئۇسسۇل ساھەسىدىمۇ شۇنداق
ئەلۋەتتە. ھۆرىيەت بۇ جەھەتتە ئۆز بۇرچىنى ئاگاھلىق ھالدا
تونۇپ يېتىپ، خەلقىمىزنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتى-
ياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، چەت
ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا دادىل ئىز-
دەندى، ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ
قىلدى.

ھۆرىيەت سەنئەت ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى قېرىنداش سەن-
ئەت ئۆمەكلىرىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى تەشكىللەش، يېتەكچى-
لىك قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرگىمۇ بېغىشلىدى، ئۇ 1979 - يىلى
تەكلىپ بويىچە قاراماي سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ، ئۆمەكتىكى
ئۇسسۇلچىلارغا بىر يېرىم ئاي ئەتراپىدا دەرس ئۆتۈپ ۋە يېتەك-
چىلىك قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقتىن قاراماي
شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى رىغبەتلەندۈ-
رۈشىگە ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت
كۆرىكىدە ئۇ ئىجاد قىلىپ ئىشچىلارغا ئۆگەتكەن «مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل بىرىنچى دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە ئۆمەككە تەشەككۈر خېتى ئەۋەتىلدى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان فۇكاڭ ناھىيىلىك

سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرۇشنىڭ يېتەكچىلىك خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ، ئىككى ئاي جاپالىق كۈرەش قىلىپ ئۆمەككە ئارتىس تاللاش، تەشكىللەش، ئاساسىي مەشىق قىلدۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداپ ناھىيە رەھبەرلىكى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ماختىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئىشتىن سىرتقى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئويۇشتۇرغان قېرىنداش ئۆمەكلەرنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىغا تەكلىپ بىلەن ئالتە ئاي دەرس ئۆتتى ھەم فۇداۋ قىلدى.

ئۇ، مەيلى سەھنىلەردە ئۆزى ئوينىسۇن، ياكى باشقىلارغا ئۇسسۇل ماھارىتى ۋە ئۇسسۇل ئۆگەتسۇن، سەنئەت تۈرلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزئارا ماسلىشىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. چۈنكى ئۇسسۇل نومۇرلىرىدا دېكوراتسىيە مۇزىكا، ھېسسىيات - مەركىزىي ئىدىيىنى دەۋر قىلغان ھالدا ياخشى ماسلىشىشى شەرت. ئۇسسۇلنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇش-بولماسلىقى ھېسسىيات ۋە مۇزىكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولغاندىلا ئوينالغان نومۇرلارنىڭ نەتىجىسى روشەن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ھۆرىيەت بۇ نۇقتىلارنى بىرمۇنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. مەيلى ئۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «تەڭرىتاغ شادلىقى»غا قاتنىشىدىغان ئارتىسلارغا يېتەكچىلىك قىلغاندا بولسۇن، شۇنداقلا قىزى دىلنارغا ئۆگەتكەن مىللىي ئۇسسۇل ۋە چەتئەل ئۇسسۇللىرىدا بولسۇن، بۇ مۇھىم ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ ماسلاشتۇردى.

ھۆرىيەت 1986 - يىلى 9 - ئايدا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە گۇاڭشى ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ جۇڭگو - ۋېتنام چېگرىسىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىۋاتقان لاۋشەن ئالدىنقى قاراۋۇللۇق سېپىدىكى جەڭچىلەردىن سەممىي ھال سوراپ، ئون يەتتە مەيدان

ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. ئۇ، بۇ سەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ پىدا-
كارانە ئىش - ئىزلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ يەنە بىر قېتىملىق
چوڭقۇر تەربىيە ۋە تەسىراتقا چۆمدى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە ۋەزىپى-
دىن باش تارتمىدى، نومۇر تالاشمىدى. راھەت، نام، ئاتاق،
ئابروي قوغلاشمىدى. ئىتتىپاقلىقتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەمتەر
ۋە ئېھتىياتچان بولدى. شۇڭا ئويۇن قويۇش داۋامىدا بىرقانچە
قېتىم ئۆمەك تەرىپىدىن «خىزمەت ئىلغارى» دېگەن شەرەپلىك
نامغا ئېرىشتى.

ھۆرىيەت يىگىرمە سەككىز يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ،
كەسپىي مەشغۇلات، چېنىقىش، رېپېتىسىيە قىلىشنى بىر كۈن، بىرەر
سائەتمۇ قولدىن بەرمىدى.

ئۇسسۇل سېپىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق
ئۇسسۇلچى ھۆرىيەت «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇر-
نىلى ۋە «ۋېنخۇيباۋ» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئالاھىدە
تونۇشتۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنىدا ھۆرىيەتمۇ باشقى-
لارغا ئوخشاش بىر مەزگىل ھەرخىل بېسىم ۋە چەتكە قېقىلىشقا،
تۆھمەتلەرگە ئۇچراپ سەھنە ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. قارا
بۇلۇتلار تارقاپ باھار گۈلدۈرمامىسى قايتا ياڭرىغاندىن كېيىنلا
يېڭىباشتىن جەڭگىۋار سەپكە ئاتلىنىپ ئۆزگىچە ماھارىتى بىلەن
سەنئەت گۈلزارىدىكى خۇشپۇراق گۈلگە ئايلاندى. سەنئەت ماي-
سىلىرىنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۇستازى بولۇپ پېشقەدەملەرنى ئۈلگە
قىلىپ، ياش نوتىلارنى چېچەكلىتىپ مېۋىگە كىرگۈزدى.

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ
ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئون ئالتە
ياشلىق قىزى دىلنارنى ئەنە شۇ مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ بىرى دېيىشكە
بولىدۇ.

ئۇ باشقا شاگىرتلىرىغا كۆيۈنگىنىدەك قىزى دىلنارغىمۇ ئالاھىدە

كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى تالانتلىق ئۇسسۇلچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈردى.

دىلنار ھازىر ئېلىمىز ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە يۇقىرى سەنئەت تالانتى ئارقىلىق ۋەتەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرمەكتە.

ھۆرىيەت ھازىر مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىز ئۇنىڭ ئۇسسۇل سەھنىسىدە تېخىمۇ پەرۋاز قىلىپ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇسسۇلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا

## تۇرغان شاۋۇدۇن

ئۇسسۇل قەلب ھېسسىياتىنى ھەرىكەت گۈزەللىكى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغان سەنئەت.

ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي شارائىتى جەريانىدا يېتىلدۈرگەن تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك خۇسۇسىيىتى، مىجەز - خۇلقى، ئېتىقادى، پىكىر - ھېسسىياتلىرى شەكىللەندۈرگەن.

شۇنداق ئىكەن، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ياشاش شارائىتى، ئېتىقاد ۋە پىكىر - ھېسسىياتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئەنئەنىۋى شەكلى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

ئەنە شۇ ئاساستا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ھەرىكەت ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇسسۇلىمىزدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن ھوزۇرلانغۇچىلار ئۇسسۇل تەرەققىياتىمىز جەريانىدا ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولغان ئۇسسۇلچى، تەتقىقاتچى ۋە ئۇسسۇل يېتەكچىلىرىمىزدىن پەخىرلەنمەي قالمايدۇ.

مەدەنىيەت نازارىتى ئۇسسۇل تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لەتىپە قۇربان ھازىرقى زامان ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ



تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈچ قوشۇپ كېلىۋاتقان تەتقىقات-
چى، ئىجادىيەتچى ۋە ئۇسسۇل يېتەكچىلىرىمىزنىڭ بىرى.

لەتىپە قۇربان 1938 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە-
سىدە تۇغۇلغان. ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ئاتا - ئانىسى-
نىڭ تەسىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى-
دىلا مەكتەپ سەھنىلىرىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز تالانتىنى نا-
مايان قىلىشقا باشلىغان. 1951 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ،
تەشۋىقات ئەترىتىدە، 1952 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بىڭتۈەن
سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇسسۇلچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ
1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە مەركىزىي ئۇسسۇل مەكتىپىدە بى-
لىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇ پۇرسەت ئۇنىڭ ئۇس-
سۇلچىلىقىنى ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتىن چۈشىنىشىگە ئا-
ساس يارىتىپ، ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا يېتەكلىگەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئىپادىلەش
ئىقتىدارىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپلا قالماي، چەت ئەل
ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەرتىپ-
كە سېلىش، ئۆستۈرۈش، سىلىقلاش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. كۆپ
ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. شۇ مەزگىللەر-
دە خەلق چوڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر كۆڭۈللۈك كېچىدە،
ئۇ ئوينىغان ئۇسسۇل جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە
تارتتى. ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندىن كېيىن جۇئېنلەي زۇڭلى ئۇ-
نىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ:

— ياخشى ئۆگىنىپسىز، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە
قويماسلىق ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىڭ، — دېدى.

جۇزۇڭلىنىڭ چەكسىز قىزغىنلىق، چوڭقۇر غەمخورلۇققا تول-
غان بۇ سۆزلىرى لەتىپە قۇربانىنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىل-
گىرىلىشىگە چوڭ مەدەت بولدى. ئۇ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش

ئاساسدا ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. ئۇ مەكتەپتىن ئۆمەككە قايتىپ كېلىپ، ئانچە بەك ئۇزۇن بولمىغان يىللار ئىچىدە قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلىپ، كەينى - كەينىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىققان «ئازاد بولغان ئۇيغۇر قىزى»، «دوپپا تىكىش»، «بايرام»، «بۇلاق»، «پاختىكار قىزلار» قاتارلىق ئونغا يېقىن ئۇسسۇلنىڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىشى ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇردى. ئەپسۇسكى، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ قارا قۇيۇنلىرى ئۇنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنى بېسىپ چۈشتى. ئىلھام بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېتىلدى. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، ئون يىلغا يېقىن ھاياتى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتتى. 1973 - يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىندى. ئۇ قايتا باشلانغان بۇ سەھنە ھاياتىنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، 1975 - يىلدىن 1982 - يىلغا قەدەر ئوپېرا ئۆمىكى تەييارلىغان «كۆرەش يولى»، «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن - مال ئالان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئىشلەپ چىقتى. 1982 - يىلى ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەدەنىيەت نازارىتى ئۇسسۇل تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۇسسۇل تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتى. ئۇ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنگە چۈشۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن 130 نى توپلاپ، رەتكە سېلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاتالغۇسىنى ئىشلەپ چىقتى. يولداش ھېيىت مېھرۇللا بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نازىركوم ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساما ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «دولان ئۇسسۇلى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمىز»، «دولان ئۇسسۇلى ھەققىدە» ۋە ئۆزى يالغۇز «ئۇسسۇل سەنئىتىدە دەۋر روھى بولۇشى لازىم» قاتارلىق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەتقىقات ماقالىلى-

چىلى يېزىپ ئېلان قىلدى.

لەتىپە قۇربان يەنە شۇ جەرياندا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ،
تۇرپان، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلىق سەنئەت
سىنىپى ۋە مەكتەپلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن كۆپ قېتىم تۆۋ-
ەنگە چۈشۈپ، ئۇسسۇل نەزەرىيىسى، ئۇسسۇل مەشقى ۋە ئەنئە-
نىۋى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا دەرس ئۆتۈش بىلەن بىر-
گە ئۇسسۇللىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۇسسۇل ئىجاد قىلىپ بې-
رىش، ئۆگىتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.

ھەر بىر كىشى ئۆز ھاياتىدا ئاز بولمىغان جاپالىق
ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ھەر بىر جاپالىق ئۆتكەل
گەرچە ئوخشاش بولمىغان نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشسىمۇ، لېكىن
ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، توغرا يۆنى-
لىشكە ئىگە بولۇشىغا يول ئاچىدۇ. لەتىپە قۇرباننىڭ ئۇسسۇل
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۆۋەنگە چۈ-
شۈپ، يۇقىرىقى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى بولۇپمۇ ئۇنىڭ
ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئەنئەنىۋى
ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭىچە ئۇسسۇل ئى-
جاد قىلىش ئۈچۈن تىنىما تاللاشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى.
ئۇسسۇل مەلۇم تېمىنى ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلەر بىلەن گەۋدى-
لەندۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق كىشىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلىيالى-
سىمۇ، لېكىن ھەممىلا ۋەقەلىكنى ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادە قى-
لىشقا ئىنتىلىشمۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە تۇرمۇشنى كىشىگە دائىم چېلىقىپ تۇرىدى-
غان، كىچىك، لېكىن ماھىيەتلىك ھادىسىلەر ئارقىلىق گۈزەللىك-
نى ئىپادە قىلىشنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن كۆتكەن مەقسەت-
كە يەتكىلى بولىدۇ.

لەتىپە قۇرباننىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە
ئىجاد قىلىپ بەرگەن «ئۈزۈمزارلىقتىكى شادلىق» ناملىق ئۇسسۇ-

لىنى ئۇنىڭ تېما تاللاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر باغۋەن ئۇيغۇر قىزنىڭ بىر ھىندى قىزى بىلەن يەنە بىر نېگىر قىزىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشچان، مېھماندوست، شوخ، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۈچ دۆلەت، ئۈچ مىللەتتىن بولغان ئۈچ قىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى تولۇق جارى قىلىپ ئۇسسۇلنىڭ جەزىبىدارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

لەتىپە قۇربان بۇ ئۇسسۇلنى ئىشلەشتە قەدىمىي شەھەر — ئۈزۈمزار تۇرپاننىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالغانلىق ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلانغان. شۇڭا بۇ ئۇسسۇل قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇسلۇب جەھەتتىن زامانىۋىلىققا ئىگە بولغان.

لەتىپە قۇربان ئۆز ئىجادىيىتىدە يەنە زامانىۋىلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۇسسۇل رىتىمىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئەجىر قىلماقتا. ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىمىز گەرچە شوخ، جۇشقۇن، لەرزان ۋە سالماق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەينى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى، ھەر بىر دەۋر ئۆزىگە خاس ئۇسسۇل يارىتىشى كېرەك. ھەر بىر دەۋرنىڭ قەدىمى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇسسۇل رىتىملىرىدىمۇ ئوخشاشلىق بولمايدۇ. لەتىپە قۇربان بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن تۇرپان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بولغان «نازىركوم» نى يېڭىچە ھەرىكەتلەر بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى «تۇرپان نازىركومچىلىرى» دېگەن تېمىدا قايتا ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئەنئەنىۋى شەكىلگىمۇ، زامانىۋى تۈسكىمۇ ئىگە بولغان بۇ ئۇسسۇل تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لەتىپە قۇربان ھازىرغا قەدەر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئەللىككە يېقىن ئۇسسۇل ئىشلەپ چىقتى. بۇ ئۇسسۇللارنى ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئۇسسۇل گۈلشەنىدىكى كۆيۈمچان باغۋەن

ھەبىبە ئابدۇللا

شىنجاڭ قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر ناخـ
شا - ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپ كەلدى. چۈنـ
كى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناخشا - ئۇسسۇل ئومۇملاشقان ھەمـ
دە ئۇيغۇر خەلقى نەپىس، لەرزان، جۇشقۇن، گۈزەل ۋە تەسىرلىك
ئۇسسۇللىرى بىلەن قوشنا دۆلەت ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنـ
ئىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. لېكىن شۇنداق بولـ
سىمۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل سەنئەـ
تى تېخى بىر مائارىپ سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەنىدى.
ئۇ چاغدا ئۇسسۇل ماھىرلىرى مەيلى ھەشەمەتلىك ئوردىلاردا ياـ
كى خەلق ئارىسىدا بولسۇن، ئۆز شاگىرتلىرىنى مەلۇم ئۇسسۇلـ
لۇق نومۇر (كونسېرت) نى مەشق قىلدۇرۇش بويىچە تەربىيىلەيتـ
تى. ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۆپى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا
ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يارىتىپ بەرگەن ئۇسسۇل ئۆگىنىش پۇرـ
سەتلىرىگە تايىنىپ، ئۇسسۇل ئۆگىنىۋالاتتى.

بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىدا ئۇسـ
سۇل ئۆگىنىش مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلگەن. پەقەت ئاـ
زادلىقتىن كېيىنلا ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىي
باھارىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك يېڭى ئۇسسۇل مائارىپ سىستېمىسىغا
مۇيەسسەر بولدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدىكى ئاتاقلىق ناماـ
يەندە قەمبەرخانىمنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى بىرىنچى ئەۋلاد

شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان پېشقەدەم سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى رەنا مەخسۇتنىڭ ئوتتۇز ئۈچ يىللىق ھاياتى مانا مۇشۇ ئۇس - سۇل مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا، ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئوقۇ- تۇشىنىڭ يېڭى مۇقەددىمىسىنى ئېچىشقا بېغىشلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەجرى - نى كۆزدە تۇتۇپ، 1987 - يىلى ئۇنىڭغا ئۇسسۇل سەنئىتى بويىـ چە دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى بەردى.

* *

رەنا مەخسۇت قەدىمكى سەنئەت ئاستانىسى بولغان كۇسەندە (كۇچا) ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. يالغۇز رەنا كىچىك چېغىدىلا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسىنى ئۈرۈمچىدە ئالدى، 1951 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە غەربىي شىمال سەنئەت شۆبىسى بىلەن شىنـ جاڭ شۆبىسى سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئۇسسۇل كەسپى بويىچە تەربىيىلەندى ۋە ئۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە تاماملاپ، شىنجاڭ شۆبىسى ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى.

رەنا مەخسۇت غەربىي شىمال سەنئەت شۆبىسى ۋە شىنـ جاڭ شۆبىسى سەنئەت فاكۇلتېتىدا ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسلىرى، جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەـ زەرىيىسى قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەردىن باشقا مەخسۇس ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەرسلىكلىرىنى ئوقۇدى. ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەر - خانىمدا يارقىن ئىپادىسىنى تاپقان ئۇيغۇر خەلق ئوسسۇللىرىنىڭ تاللانغان نومۇرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. قەمبەرخانىم رەـ نانى ئەڭ ياخشى شاگىرتلىرىدىن ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېـ تىلىشىگە ئىزچىل خەيرىخاھلىق قىلدى.

رەنا مەخسۇت 1955 - يىلى جۇڭگو ياشلار ۋە ستودېنتلار



ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ۋارشاۋادا ئېچىلغان 5 - نۆۋەتلىك
دۇنيا ياشلىرى ۋە ستۇدېنتلىرى فېستىۋالىغا قاتناشتى. فېستىۋال
ئاخىرلاشقاندا قايتىدىن تەشكىللەنگەن ئون بىر كىشىلىك جۇڭ-
گو ئېكىسكۇرسىيە ۋە ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە دانىيە،
ئىسلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە باردى ۋە موسكۋا، ۋارشاۋا، كو-
پېنھاگېن، رېكياۋىك سەھنىلىرىدە مەشھۇر ئۇيغۇر ئۇسسۇلى — يال-
غۇز كىشىلىك داپ ئۇسسۇلى «تىنچلىق» نى ئويناپ تاماشىبىن-
لارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە، خەلققە شۆھرەت
ئېلىپ كەلدى.

رەنا مەخسۇت شىنجاڭ شۆيۈەنى تەرىپىدىن 1955 - يى-
لى بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، 1957 -
يىلغىچە بۇ مەكتەپنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىدە ئۇس-
سۇل سەنئىتى ئۆگەندى. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم
ئۇسسۇل سەنئىتى مەركىزىگە بېرىپ تەلىم ئېلىشى ئىدى. رەنا
بۇ ئىنستىتۇتتا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئوقۇدى. ئۇ مەكتەپتە مەم-
لىكەت بويىچە تونۇلغان ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور شۆي
شۇيىڭ، ئاتاقلىق بالېت مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور جاڭشۇي ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقى بالېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئېلىنا ۋە تامارالارنى
ئۇستاز تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەندى.

رەنا مەخسۇت ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئاسا-
سىي كەسپىي دەرسلىرى بولغان «بالېت ئۇسسۇلى»، «جۇڭگو كلاس-
سىك ئۇسسۇلى»، «جۇڭگو مىللەتلەر ئۇسسۇلى»، «چەت ئەللەر-
نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرلىك مىللىي ئۇسسۇللىرى»، «ئۇسسۇل
سەنئىتى تارىخى»، «ئۇسسۇل مېتودىكىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى
ئوقۇدى. ئۇ كەسپىنى قىزغىن سۆيدى. پروفېسسور شۆي شۇيىڭ
يېقىندا رەنا مەخسۇتقا دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بېرىش بويىچە ياز-
غان باھالاش قەغىزىدە ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئۆگىنىش ئەھ-
ۋالىنى تىلغا ئېلىپ: «رەنا ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تامام-

لىغان ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى، ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنى شۇنداق تېز ۋە نەپىس ئىگىلىگەچكە، بىز ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازىمەن ئىدۇق ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن نەزەر تاشلىغانىدۇق» دەپ يازغان. رەنا شۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دەي ئەيلەننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان مەشھۇر ھىندىستان ئۇسسۇلچىسىغا ئۇسسۇل ئۆگەتكەنىدى.

رەنا مەخسۇت ئوقۇشنى تاماملاپ، يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن تاشقىرى 1959-يىلى ئەينى يىللاردىكى بەدىئىي ھېكايە فىلىم «بوستانلىقتا تەنتەنە» كىنوسىدا ئاساسلىق رولغا چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى.

*

بۇ ئىككى قېتىملىق سىستېمىلىق ئوقۇش رەنا مەخسۇتنىڭ سەنئەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇسسۇل مائارىپى چۈشەنچىلىرى، ئۇسسۇل سەنئىتى بىلىمى ۋە ماھارىتىگە ئاساس سالغان مەنبە بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن جۇڭگو ۋە چەتئەل ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ باي خەزىنىگە ئىگە گۈزەل ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى، ئەمما تېخىچە كونسېرتنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش ئۇسسۇلىدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئۇسسۇل مائارىپى قېلىپىغا چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنى تاماملىغان قازاق ئۇسسۇلى ئوقۇتقۇچىسى سەلىمە ئوراز بىلەن بىللە، پېشقەدەم ئۇستازى قەمبەرخانىمنىڭ قىزغىن قوللىشى، يول كۆرسىتىشى ۋە باشقا ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىنىڭ زامانىۋى مېتودىكىسى ۋە

دەرسلىك قوللانمىلىرىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئۇسسۇل
كونسېرتلىرى ئاساسىدىكى ئوقۇتۇشى ئورنىغا خۇددى ياۋروپا با-
لېتلىرى ۋە جۇڭگو زامانىۋى ئۇسسۇللىرى ئوقۇتۇشىدەك ئۇسسۇل-
لۇق ھەرىكەتنى ئاساس قىلىپ، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتنىڭ ئېلېمېن-
تار «گرامماتىكىسى» ۋە «ئارىفمېتىكىسى» نى دەسلەپتە تەك-
لىپ قىلىدىغان مۇشكۇل، ئەمما يېڭىلىق خاراكتېرلىك خىزمەت ئىدى.
رەنا مەخسۇت ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم مە-
كىت، مارالبېشى، خوتەن، كېرىيە، قەشقەر ئاۋات، كۈچا قاتار-
لىق جايلارغا چۈشۈپ خەيرىنىسا تۆلەندى، ھاشىخان قاتارلىق
پېشقەدەم سەنئەتچىلەردىن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھە-
رىكەت شەكىللىرىنى ئۆگەندى. شۇ ئاساسدا ئاددىي ھەرىكەتلەر،
ئاساسىي ھەرىكەتلەر ۋە قوشما ھەرىكەتلەرگە سىمۋوللۇق ئاتا-
غۇ - نام بېكىتىپ، ھەر قايسى يىللىق ئەرلەر ۋە قىزلار ئۇس-
سۇلى دەرسلىكىگە ئاساس تۇپلىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قاتنىشىشى
ۋە قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن بىر يۈرۈش «ئۇسسۇل ئوقۇتۇش پروگ-
راممىسى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇل دەرسلىكى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىن
مەشىق دەرسلىكى» مەيدانغا كەلدى ۋە داۋاملىق تولۇقلاندى.
بىز شىنجاڭدا ئۇسسۇل مائارىپى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا يېڭى-
لىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك بۇ قەدەمنى
ئەستىن چىقىرالمايمىز.

*

رەنا مەخسۇت ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئوقۇتۇش سېپى-
نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۇسسۇل سەنئىتى كەسپىي ئالا-
ھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتەك مۇشكۇل ۋەزىپە-
نى ئۈستىگە ئېلىپ، شەۋىرغانلىق قىش پەسلىدىمۇ، ئوتتەك
ئىسسىق تومۇز مەزگىلىدىمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى

ۋە جەنۇبىغە، كوئېنلۇن ۋە پامىر تېغى ئېتەكلىرىگە، يىراق ناھىيە ۋە يېزا مەكتەپلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىگە لاياقەتلىك، ئۇسسۇل كەسپىي ئىقتىدارى بار ھەر مىللەت خەلق پەرزەنتلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلدى. ئۇ 50 - يىللاردا ئەر ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرى بولمىغان شارائىتتا قىزلار ئۇسسۇلى بىلەن بىللە ئوغۇللار ئۇسسۇلى دەرسلىكىنى ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەربىيىلىگەن ئون ئىككى قارار ئوقۇغۇچى مەكتەپ تۈگەتتى ۋە ئۇلار شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك سەنئەتنىڭ ئاساسىي تايانچىلىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن: ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئابلىمىت توختى، خەلچەم سىدىق، گۈلباھار، ئىنايەت، رەيھان ئابلىز، ئاتىكەم، ھەبىبە قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق سۆيىدىغان ھازىرقى ئۇسسۇل مائارىپچىلىرى ۋە ئۇسسۇل ماھىرلىرىدىن بولۇپ تونۇلدى.

لېكىن رەنا مەخسۇتنىڭ ئۇسسۇل مائارىپىغا بېغىشلانغان ئوتتەك قەلبى «سول» ئىدىيىۋى خاھىش ئۈستۈنلۈك ئالغان زامانلاردا تەكرار كەمسىتىلدى، زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇ بىر زامان «دازىباۋ» ۋە تەقىپ ئوبيېكتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق ئۆمرى ئېغىر سىياسىي بېسىم ئاستىدا ئۆتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارلاق نۇرى ئۇنىڭغىمۇ ھەقىقىي ئىجادىيەت ۋە كۆڭۈل ئازادلىكى بېغىشلىدى. بۇ رەنا مەخسۇتنىڭ، شۇنىڭدەك ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان زىيالىيلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن تارىخىي پاجىئەنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىدى.

*

رەنا مەخسۇت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۇسسۇل سەنئىتى تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈردى. قاينام - تاشقىنلىق سەنئەت باھارى، سەنئەت تەتقىقاتىغا ئىلھام بېغىشلىغانىدى.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «ئۇسسۇل خەۋىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا «ئۇسسۇل گۈزەللىكى - ھەرىكەت بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ئۈچ ئاساسىي ئىستېتىك كاتېگورىيە»، «ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھېسسىيات تىلى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئامىللىرى توغرىسىدا»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى ۋە زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە قاراشلىرىم»، «ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى غايەت زور ئىلمىي كەشپىيات — تۇراقلىق ئۇسسۇل ئۇستىسى توغرىسىدا»، «ئۇسسۇل سەنئەتچىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ۋە ماھارەت تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا» قاتارلىق بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

ئۇ 1987 - يىل ئاۋغۇست ئېيىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ياپونىيە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئۆمىكىگە «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى»، «كلاسسىك كۇسەن ئۇسسۇلى ۋە ھازىرقى كۇچاخەلق ئۇسسۇلى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىلمىي ئۇنۋان باھالاشقا سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالىلىرىگە بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى شۈي شۇيىڭ ۋە بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، رەنانىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرى - پروفېسسور لۈي يىسىڭ يۇقىرى باھا بەرگەن. پروفېسسور لۈي يىسىڭ ئۆز باھا قەغىزىدە: «رەنا مەخسۇت ئۇسسۇل سەنئىتىدە كۆرۈلىدىغان ئامىل ۋە ئاڭلىنىدىغان ئامىل مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ماكان خاراكتېرلىك ۋە زامان خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن ۋە روشەنلەشتۈرگەن. ئۇ بىر قاتار نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان» دەپ كۆرسەتكەن.

رەنا مەخسۇت يېقىندا «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا بەدىئىي گۈزەللىك» ناملىق كىتابىنى يېزىپ تاماملىدى. ئۇ ھازىر تولۇقلانغان «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى» دەرسلىكىنى ئىشلىمەكتە.

# شەرەپ ئۇنىڭغا مەنسۇپ

## ئابدۇۋايىت نىياز

ئوقۇتقۇچى قايسى مىللەت، قايسى ماكاندىن بولسۇن ئۇلۇغ ئىنسان بولۇشقا مۇناسىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مىننەتسىز مېھنەت بىلەن باشقىلارغا بىلىم بېرىشتەك ئەجىرلىك ھاياتى، تارىختا ئۇلۇغ ئاتالغان ھەرقانداق مەشھۇر شەخسنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇنىڭ كېيىنكى ئالىيجانابلىق شان - شۆھرىتىگە ئۇل بولۇپ سىڭىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مۇقەددەس ئۇستازى بولغان ئوقۇتقۇچىنى ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيدۇ.

1986 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇز يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، چوڭ بىر رەڭلىك سۈرەت دىققىتىمنى جەلپ قىلدى. سۈرەتتە شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى تۇراننىڭ بىر خىل سەنئەت فورمىسىدا كىيىنگەن بىر توپ ئوقۇغۇچىغا ئۇسسۇلنىڭ نازۇك، نەپىس ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. چۈشەندۈرگۈچى قىز چاقماقتەك سۆزلەپ، تۇران مۇئەللىمنىڭ يىگىرمە توققۇز يىلدىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سانسىزلىغان ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى، ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەنلىكىدەك شەرەپلىك ئىشلىرىنى قىزغىن چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەن شۇندىن ئېتىبارەن تۇراننى بىرنەچچە قېتىم زىيارەت قىلدىم. بىر قېتىم مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغاندا ئۇ: «باليېت ئاساسىي مەشىق دەرسى ھازىر بېيجىڭ ئۇسسۇل مەكتىپىدە ئۆتۈلۈۋات-



قان بالېت ئاساسىي مەشقىنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى، بۇ ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم ئۆتكەل. شۇڭا مەن مەكتىپىمىزدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئون بەش قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بالېت ئاساسىي مەشىق ھەرىكىتىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى پۇختا ئىگىلەتتىم.» دېدى.

— سىزنىڭ چەت ئەل كلاسسىك ئۇسسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۆھپىڭىز زور ئىكەن، — دېدىمەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلچىلىق ھەققىدىكى تونۇشىنى چوڭقۇرراق بىلىشكە قىزىقىپ.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى، جەلپكارلىقى ۋە نەپىسلىكى ھەققىدىكى تېمىغا يۆتكەلگەندە، ئۇ ماڭا قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇسسۇل بىر خىل ئوبرازلىق ئاڭ، ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئۇنى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگۈچى ھەرىكەت ئارقىلىق يارىتىلغان لىرىك شېئىر، يالقۇنلۇق داستان دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنى نوقۇل ھالدا قول، پۇتنى كۆتۈرۈپ، مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ پىرقىراپلا ئوينايدىغان قۇرۇق، ھېسسىياتسىز، مەزمۇنسىز ھەرىكەت دېيىشكە بولمايدۇ. قەدىمدىن بۇيان ئۆز سەنئىتىنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن مۇزىكا رىتىمىغا قول، پۇت، باش، كۆز ھەرىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىق - قايغۇسىنى، مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىقتىكى بۇ ئالاھىدە ماھارىتىمىز ۋە سەنئىتىمىز ھازىرمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنيا خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئالقىشقا ئېرىشمەكتە.

تۇران مامۇت 1952 - يىلى ئون بىر يېشىدا كۇچادىن «بالا ئۇسسۇلچى» بولۇپ تاللىنىپ، ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان، ئىككى يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا ئۇسسۇلغا ھې-

رىسمەن بولغاچقا، بىرلىپ ئۆگىنىپ، تېز ئارىدا ئۇسسۇلدىكى تالانتى، ماھارىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى رەھبەرلىكى ئۇنىڭدا ئۈمىد بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى بېيجىڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئارزۇسىغا يەتكەن بۇ ياش قىزچاق ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بېيجىڭ ئۇسسۇل مەكتەپىنىڭ چەت ئەل سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ، ئىككىنچى يىلى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى يېتەكچىلىكىدىكى ئۆمەك تەركىبىدە پولشا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىدۇ. تۇران ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى دائىم ئەسلەيدۇ، شۇ چاغدا تۇراننى باشلاپ بارغان ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: «ئۇسسۇلچى قىزچاق، سىز ئون نەچچە ياشتىلا سىرتقى دۆلەتكە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭىز، بۇ سىزنىڭ ھەر مىللەت ئۇسسۇلنى يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭىز ئۈچۈن زور ئىلھام» دەپ ئۇنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

تۇران مامۇت مەركەزدىكى باشلىقلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆگىنىشتىكى تىل بىلمەسلىك ۋە تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگو كلاسسىك ئۇسسۇلى، جۇڭگو ھەر مىللەت ئۇسسۇللىرى، بالېت ۋە چەت ئەل ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى مەركىزىي كومىتېتىكى رەھبەرلەرگە دوكلات تەرىقىسىدە ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىدىن گرۇزىيىنىڭ «دېڭىز قاراقچىسى»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاققۇ» چاۋشيەن خەلقىنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇلى «سۈبھى تاڭ» قاتارلىقلارنى ئويناپ كۆرسەتكەندە، جۇ ئىنلەي زۇڭلى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇلدىكى ماھارىتىنى ئالاھىدە ماختىغان ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنداق قىلىپ تۇران مامۇت بالېت ۋە چەت ئەل ئۇسسۇلىنى ئاساس قىلغان ئالتە يىللىق ئۇسسۇل سىنىپىنى بەش يىلدا غەلبىلىك تاماملاپ، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق

قىلىدۇ. يېڭى قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئۇسسۇل نەزەرىيىسىنى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن تۇراندەك ئوقۇتقۇچىغا تەشنا ئىدى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشەنگەن تۇران بەزىلەرنىڭ: «يېڭى قۇرۇلغان، تېخى شارائىتى ياخشى بولمىغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ جاپا تارتقۇچە، سەھنىدە ئۇسسۇل چولپىنى بولۇپ ئەلگە تونۇلغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ» دېگەن سۆزلىرىگە جاۋابەن: «مەن پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئۇسسۇل سەنئىتىنى خېلى مۇكەممەل ئىگىلىدىم. سەنئەت مەكتىپى ماڭا ئېھتىياجلىق ئىكەن، مەن شەرتسىز ئوقۇتقۇچى بولىمەن. ياشلىق باھارىمنى پارتىيىگە، خەلققە شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلايمەن» دەيدۇ. ئۇ شۇنداق كۈچلۈك ئىرادە بىلەن قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى بويىچە، ھەر مىللەت خەلق ئۇسسۇللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ بالېت دەرس پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا جاپاغا چىداپ ئۆگىتىدۇ.

ئۇ ئاساسىي ماھارەت مەشق دەرسىنىڭ ئۇسسۇلچىلىقتىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسسۇلچىلىقتىكى تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ كەلمەكتىكى، ئۇسسۇلدا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلەر، دەسلەپتە ئاساسىي بالېت ماھارەت مەشق دەرسىنى ياخشى ئىگىلىگەنلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئىمارەتنىڭ ئۇزۇن يىللار مەزمۇت تۇرالىشى — ئۇنىڭ ئۇلىنىڭ مۇستەھكەم قۇرۇلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش بىر مەسىلە. ئاساسىي ماھارەت مەشق دەرسى ئارقىلىق بىر ياخشى ئۇسسۇلچىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل فىگۇرىنى، بەل، پۇتنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى، مۇرە، سۆڭەچ ۋە ھەر بىر ئۈگىلەرنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان لايىقچانلىقىنى، بە-

دەننى بېلىنىڭ قىلىپ سەكرەش ۋە تېز پىرقىراشتەك ماھارەتلەرنى ئاشۇرغىلى، شۇنداقلا ئۇسسۇلچىدا ئۇسسۇللۇق ھېسسىيات، نەپىس قىياپەتنى ياراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا بالېت ئاساسىي مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، دەۋرگە لايىق تالانتلىق ئۇسسۇلچى بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پېشقەدەم ئۇسسۇل پېشۋالىرىدىن قەمبەرخانىم، مەرىيەم ناسىر ۋە ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچىلاردىن خەلچەم سىدىق، رەيھان ئابلىز قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنى ياخشى ئىسپاتلايدۇ.»

كومپارتىيە ئەزاسى تۇران مامۇتنىڭ ئۇسسۇل تەرەققىياتىغا سىڭدۈرگەن ئەجرى ئاز ئەمەس. 1982 - يىلى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە، سانجى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۈرۈمچىدە چەت ئەل خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلغانىدى، بۇ كۇرسقا تۇران دەرس ئۆتتى. ئۇ، بۇ كۇرسقا قاتناشقان ئەللىك نەچچە رېژىسسور ۋە ئۇسسۇلچىغا پولشا، ۋېنگرىيە، ئىسپانىيە، رۇمىنىيە خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ شۇ يىلى يەنە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئىشلىگەن مەشھۇر ئوپېرا «قار - شۇۋىرغاندىكى مودەن»گە سەنئەتلىك ئۇسسۇل ئىشلەپ بەردى. 1984 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكىدە ئۇ خەلچەم سىدىققا مەخسۇس ئۆگەتكەن ئىسپانچە ئۇسسۇل ھەرمىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ يەنە 1985 - يىلى «4 - ماي» ياشلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلىگەن «ياشلار ئۇسسۇلى» ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى. تۇران مامۇتمۇ ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ جاپالىق ئەجرىگە لايىق شۇ يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونى بويىچە «نەمۇنىچى مائارىپچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ھازىر تۇران مۇئەللىم قىرىق ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ،

يەنىلا ئوقۇغۇچىلارغا چەت ئەل بالېتىدىن ئاساسىي ماھارەت مەشىق دەرسى ۋە چەت ئەلچە كلاسسىك خەلق ئۇسسۇللىرىدىن دەرس بېرىپ كەلمەكتە. ئۇ بۇ يىل خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى بارلىق ئارتىسلارغا چەت ئەل خەلق كلاسسىك ئۇسسۇللىرىدىن دەرس ئۆتۈپ بەردى.

ھازىر بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقىلىپ، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى، ئارتىس، رېژىسسور بولۇپ ئىشلىمەكتە. رەيھان ئابلىز، خەلچەم سىدىق قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا سەھنىلىرىدىمۇ ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ۋەتەن، مىللەتكە ئۆچمەس شان - شەرەپلەر كەلتۈردى.

تۇران ھازىر مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتى ھەم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، سەنئەت شۆيۈەن ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، يېقىندا ئىسلاھات ئارقىلىق ئاساسىي ماھارەت مەشىق دەرسىگە يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بىر يۈرۈش ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسىي ماھارەت مەشىق سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش مەزمۇن قىلىنغان دەسلەپكى مۇھاكىمە ماقالىسىنى نەشرگە بەردى.

— پارتىيە، خەلق ماڭا يۇقىرى باھا، شان - شەرەپ بەردى، — دېدى ئۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، — لېكىن مېنىڭ ئىشلىگەنلىرىم ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس.

مەن تۇران مۇئەللىمنىڭ كەمتەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ: «سىزنىڭ كۆپلىگەن ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشتە سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىز ئاز ئەمەس، شۇڭا بىزنىڭ ئۇسسۇل مۇنبىرىمىزدە قازانغان شان-شەرەپ ئالدى بىلەن سىزدەك نامسىز ئوقۇتقۇچىلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك» دېدىم.

# جاھان سەھنىلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئىزى بار

جېلىل مۇھەممەت

ھۆرمەتلىك كىتابخان،

.................................

ھەر جىلۋەڭدە نازۇ كەرەشمە،
قامىتىڭدىن ئەكس ئېتەر باھار.
شۇنچە نازۇك ھەرىكەتلىرىڭدە،
گۈل، غۇنچىنىڭ لاتاپىتى بار.

.................................

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى،
يىغىلغانمۇ زىلۋا بەدەنگە!؟
ماھىر ئىكەن ھەيران قالغۇدەك،
ئۇيغۇر قىزى ئۇسسۇل دېگەنگە.

دېگەن يارقىن مىسرالارنى ئوقۇغىنىڭىزدا شائىر ئۆز شېئىرىدا «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»، «گۈل ئىشقىدا»، «مېنىڭ بېغىم»، «قويچى قىز»، «ئاتۇش»، «باغۋەن»، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «تەنتەنە»، «ئۆزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «ئەللەيبالام» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئاجايىپ ماھارەت، يۈكسەك تالانت بىلەن ئورۇنداپ، بۇ ئۇسسۇللاردىكى مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي پۇراقنى جانلىق، جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ماھىرلىق بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ياش ئۇسسۇل ئارتىسى ھەبىبە ئابدۇل-



لاغا ئوقۇلغان مەدھىيىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىغا خاس كۈلۈپ تۇرغان ھۆسن-جامالىنىڭ سەھنىدە تولۇن ئايدەك جىلۋىلەنگەنلىكىنى، لاتاپەتلىك زىلۋا، گۈزەل قەددى - قامىتىنىڭ سەھنىدە جەۋلان قىلغانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، ھاياجان ئىلكىدە، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز.

بەيگىگە چۈشكەن تۈمەنىڭ تولپاردىن بىر نەچچىسىلا ئۈزۈپ چىقالايدۇ. ھەببەبە دەۋرىمىزدە ئەنە شۇنداق تۈمەنىڭ ئۇسسۇلچىلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىققان ماھىر ئۇسسۇلچىلارنىڭ بىرى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئافغانىستان، ماراكەش، پاكىستان، گانا، توگۇ، ئىراق، يۇقىرى ۋولت، جەنۇبىي يەمەن، شىمالىي يەمەن، كۇۋەيت، سۇرىيە، تۈركىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق بىرمۇنچە دۆلەتلەردە ئويۇن قويغاندا تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى ھەببەبە شۇ دۆلەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى نەپىس، گۈزەل ۋە لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن ئويناپ تاماشىبىنلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

1982 - يىلى ھەببەبە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن تۈركىيىگە چىقىپ ئويۇن قويغاندا «ئەللەي بالام» دېگەن ئۇسسۇل بىلەن، پېشقەدەم ئۇسسۇلچى خەلچەم سىدىق ئىجاد قىلغان «بېغىم» دېگەن ئۇسسۇللارنى ئويناپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان مەزگىلدىكى سىلىق، نەپىس ھەرىكەتلىرى، بەدەن جىلۋىسىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن، قايناق ھېسسىيات ۋە ئۇسسۇلدىكى ئىنتايىن جانلىق تۇرمۇش چىنلىقى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇ سەھنىدىن چۈشكەندە پۈتۈن مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئورۇندىغان «ئەللەي بالام» ئۇسسۇلىنى كۆرگەن تۈركىيىلىك تاماشىبىنلار ھەيران بولغان ھالدا، — تۇرمۇشقا چىقمىغان بىر ياش ئۇسسۇلچى

قىزنىڭ ئۇسسۇل ئارقىلىق ئانىسىنىڭ بالا بېقىشى ۋە تەربىيىلەشىنى ماھىرلىق بىلەن ئىنتايىن ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك، جانلىق ۋە ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرىشى بىزدە تېخى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ماھارەت ئىكەن. بىز بۇ قىزنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھۇزۇرلاندۇق، — دېيىشكەن.

* *

1986 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، ھەبىبەنىڭ دادىسىنىڭ كونا زېدىقى كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا تەشكىل ھەبىبەنى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا بەلگىلىدى. ھەبىبە دادىسىنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، دادىسىنىڭ دىدارىنى مەڭگۈ كۆرەلمەي، ئارماندا قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇ قېتىم چەتكە چىقماسلىق قارارىغا كېلىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى شۇ قېتىمقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلىغا ئېيتىدۇ، ئۆمەك باشلىقى ھەبىبەگە كۆيۈنگەن ھالدا: — سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشىنىمىز، سۆيۈملۈك دادىڭىزنى بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ كېتىش ھەقىقەتەن سىزگە ئېغىر كېلىدۇ، بىراق بىز بۇ قېتىم چەت ئەلگە ۋەتىنىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارىمىز؛ بۈگۈن سىزگە ۋەتەنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئېھتىياجى چۈشۈۋاتىدۇ، شۇڭا سىزمۇ بۇ قېتىم ئۆزىڭىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىڭىزنى قوشۇشىڭىز كېرەك ئىدى، دەيدۇ. بۇ سۆزدىن تەسىرلەنگەن ھەبىبە ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئويلاپ، تەشكىلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، دادىسىغا قىيىمىغان ھالدا چەتكە يۈرۈپ كېتىدۇ.

سەنئەت ئۆمىكى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئويۇن قويغاندا ھەممە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئادەتتىكىدىنمۇ تاشقىرى تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ «گۈل ئىشقىدا»، «دولان سەنىمى» قاتارلىق ئۇسسۇل ۋە باشقا لەپەرلەرنى زوق - شوخ بىلەن ئورۇنداپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي پۇرىقىنى، نەپىسلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ماھارىتى تاماشىبىنلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا تاماشىبىنلار ھەممە بىلەن ئارقا - ئارقىدىن قول ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا: — بىز بۇرۇن داۋاملىق پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرنى تېپىپ، سەھنىدىن توپا - چاڭ چىقىرىۋېتىدىغان ۋە ساغرىسىنى تولغاپ ئويناپ، ئاجايىپ قىلىقلارنى قىلىدىغان ئۇسسۇللارنىلا كۆرۈپ كەلگەنىدۇق. گەرچە بىز ئۇ ئۇسسۇللارنى پەستە ئولتۇرۇپ كۆرسەكمۇ، لېكىن ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ئۇسسۇللارنى بىز ئۆزىمىز ئوينىغاندەك ھارغىنلىق ھېس قىلاتتۇق؛ بۇ قېتىم بىز سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى كۆرۈپ بەكمۇ ھۇزۇرلاندۇق؛ سىز ئۇسسۇل ئوينىسىڭىز تاكى چېچىڭىزدىن تارتىپ، تاپىنىڭىزغىچە پۈتۈن بەدىنىڭىز ئىنتايىن سىلىق ۋە نەپىس ھەرىكەتلىنىدىكەن؛ ئۇيغۇرلارنىڭ سىز ئورۇندىغان بۇ ئۇسسۇللىرى بىزگە ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلىدى؛ بىز بۇندىن كېيىن بۇنداق نەپىس ئۇسسۇللارنى كۆپرەك كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز، — دېيىشتى.

شۇ نۆۋەت ھەممە ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ تەنتەنە ئىچىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ مېھرىبان، سۆيۈملۈك دادىسى بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقانىدى. دۇنيادا پەرزەنت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھەممىدەك ياش — ناتىۋان بىر قىز ئۈچۈن ئاتا - ئانىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىشتىنمۇ ئېغىر كۈلپەت بولامدۇ؟! ھەممە ئۆز دادىسىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگىنىگە، ئىككى ئېغىز ۋەسىيىتىنى ئاڭلاپ، ۋىدالىشالمىغانلىقىغا

قاتتىق ئېچىندى.

بۇ ئۆلۈمدىن كېيىن ھەممىدىن بەكرەك ھەبىبەنىڭ ئاپىسى قاتتىق ئازابلاندى، ئۇ بىر ئۆمۈر سىرداش بولۇپ كەلگەن جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دەرد - ھەسرەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇزاق ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، 1987 - يىلى 12 - ئايدا بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ئاتا - ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ھەبىبە روھىي جەھەتتىن بىر مەزگىل كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈكى تەگكەن گۈلدەك بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇش غايىسىنى تىكلىگەن بۇ قىز، ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئېغىر زەربىلەر ئالدىدىمۇ خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى، تەشكىل ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنى بىردەممۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ مەردانىلىق بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى قايرىپ قويۇپ، ئىدارىگە ئەتىگەن بېرىپ، كەچ قايتىپ، كۈندىلىك ئۇسسۇل مەشىقىنى ۋە ئويۇن قويۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئانىسى ئۆلۈپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا تەشكىل ئۇنى باشقا سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە ئاۋامىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا بەلگىلىدى. ھەبىبە گەرچە مۇسىبەت ئىچىدە تۇرغان بولسىمۇ تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئاۋامغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى ھەم ئۇ يەردە كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردا ئاساسلىق روللارغا چىققاندىن تاشقىرى، ئۆزى كۈرەش بىلەن بىرلىشىپ ئىجاد قىلغان «گۈل ئىشقىدا» دېگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى ئوينىدى.

*　　　*

ھەبىبەنىڭ ئۇسسۇلدىكى نەتىجە ۋە شان - شەرەپلىرى ئاسان قولغا كەلمىگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئۇسسۇلدىكى تۇغما قابىلىيىتىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە پېشقەدەم ئۇسسۇل ئۇستازلىرىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ئاز ئەمەس.

ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئۇچقۇر تۇلپار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغان تاي ئۇستا سىنچىنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىققىنىدەك، 1970 - يىلى ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان، ئۇسسۇلچىلارغا خاس زىلۋا بويلۇق، مۇزىكا سېزىمچانلىقى كۈچلۈك، چىراي - شەكلى كېلىشكەن بۇ قىز، سىنچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت شۆيۋەنىنىڭ پېشقەدەم ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى، داڭلىق ئۇسسۇلچى زەينەپ سابىت كەلگۈسىدە ھەبىبەنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل چولپانلىرىدىن بىرى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى سەنئەت مەكتەپنىڭ ئۇسسۇل كەسپىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى. بىراق ھەبىبەنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنى ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇتۇشقا قوشۇلمايتتى. يولداش زەينەپ سابىت ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قايىل قىلغاندىن كېيىن، ھەبىبەنى ئۇسسۇل كەسپىگە قوبۇل قىلدى. ھەبىبە گەرچە كىچىك بولسىمۇ، پۈتۈن زېھنى - قۇۋۋىتىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىمىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل كەسپىنى زور ئىجتىھات، قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈردى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇسسۇل كەسپىدىن دەرس ئۆتكەندە ئۇ ھەر قايسى مىللەت ئۇسسۇللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي پۇرىقىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ، ئاساسىي ھەرىكەت ۋە ماھارەت شەكلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. شۇنداق بولغاچقا، ھەرخىل ئۇسسۇللارنى تېزدىن ئىگىلەپ ھەمدە ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

1972 - يىلى ھەبىبە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. ۋە ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە، ما-

ھارىتنى يۈكسەلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھەببە بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پېشقەدەم سەنئەتچىلەرنىڭ مەشق قىلىشىنى، ئۇسسۇل ئوينىشىنى ئىنچىكە كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ مەشق قىلدى. بولۇپمۇ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى مەرھۇم ھاجى راخمان ۋە باشقا پېشقەدەملەر ئۇسسۇل ئۆگەتكەندە ئۇلارنىڭ تەلىمىگە ئالاھىدە كۆڭۈل قويدى ۋە بېرىلىپ مەشق قىلدى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئىپادە ۋە ھەرىكەت شەكىللىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن جاپالىق مەشق قىلىش بىلەن بىللە، قايسى داڭلىق ئۇسسۇلچى سەھنىدە بىرەر يېڭى ئۇسسۇلنى ئورۇندىسا، ئۇ سەھنىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى ئورۇنداش ماھارىتىنى تەڭ ئويناپ ئۆگەندى. ھاجى راخمان ئۆزى ئىجاد قىلغان «ئەللەي بالام» دېگەن ئۇسسۇلنى مەرىيەم ناسىرغا ئۆگىتىۋاتقان چاغدا ھەببە ئۇنى كۆزىتىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئويناپ نەتىجە قازاندى، ئاخىر بۇ ئۇسسۇل بىلەن چەت ئەللەردىمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى.

ھەببە 1973 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئەنە شۇنداق ئۇسسۇل مەشقى بىلەنلا بولدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەھنە ھاياتى شۇ يىلىنىڭ بېشىدا مۇقام ئاساسىدا ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى «ياشىسۇن خەلق گوگۇشىسى» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىردىكى باش قەھرىمان ئايشەمنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىش بىلەن باشلاندى. بۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ھەرىكەت شەكلى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئاساسىي رولنى ئالغان ئارتىستتىن يۇقىرى ماھارەت، زور ئۇسسۇل تېخنىكىسىنى تەلەپ قىلاتتى. ھەببەگە بۇ تىياتىردىكى باش قەھرىمان ئايشەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ھەم چوڭ ۋاقتىدىكى رولىنى ئېلىپ چىقىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ جىددىي سىناق ئالدىدا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا قىلچە ئىككىلەنمەي، زور جۈرئەت بىلەن بۇ رولنى ئۆز ئۈستىگە

ئېلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى تالانتىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلىش ئارقىلىق رەھبەرلىكنىڭ ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەببە بۇ تىياتىردا ھەر قېتىم ئايشەمنىڭ رولىنى ئوينىغاندا يېڭى روھ، يېڭى كەيپىيات، يېڭى يۈكسىلىش بىلەن ئوينىدى.

1975 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل كۆرىكى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەندە، ھەببە مېھرىگۈل بىلەن بىللە مەرھۇم ھاجى راخمان ئىشلىگەن «پاختا تېرىش ماھىرلىرى» دېگەن ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى ئويناپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى ھەببەنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «ھەببەنىڭ ئۇسسۇللىرىدا دەۋر روھى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ھەربىر ئۇسسۇلىدا يېڭىلىق، مىللىي پۇراق چاقناپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇسسۇلچى قىزدا ئۈمىد زور» دېيىشكەنىدى.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئافغانىستان، سۈرىيە، ئىراق، پاكىستان، كۇۋەيت قاتارلىق سەككىز دۆلەتكە چىقىپ ئويۇن قويغاندا ھەببە بۇ دۆلەتلەردە «بايرام»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، قازاقچە «شىرداق تىكىش» قاتارلىق ئۇسسۇللاردا ئاساسلىق روللارنى ئويناپ، چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە بۇ يەردىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشۋىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

1980 - يىلى پېشقەدەم سەنئەتچىلەردىن خەلچەم سىدىق، مەريەم ناسىر، رەيھانگۈل قاتارلىقلار بىللە گانا، توگو، يۇقىرى ۋولتا قاتارلىق تۆت دۆلەتكە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، شان - شەرەپ ئىچىدە قايتىپ كەلگەن ھەببە «بەخت ناخشىسى» كىنو فىلىمىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كۆپ ۋە ئىپادىلەش قىيىن، مۇرەككەپ تۇرمۇش روھىي ھالەتلىرىگە ئىگە باش قەھرىمان گۈلنارنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىـ

قىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.
1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى چۇڭچىڭ، چىڭدۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئو-يۇن قويغاندا ھەبىبە «بېغىم»، «شادلىقىم» قاتارلىق يالغۇز كى-شىلىك ئۇسۇللارنى ۋە كوللېكتىپ ئۇسۇللارنى ئوينىغاندا ئېلى-مىزنىڭ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى ھەبىبەنىڭ ئۇسسۇللىرىغا يۇقى-رى باھا بېرىپ: «ھەبىبە ئوينىغان ئۇسۇللاردا يېڭىلىق يارىتىل-غان، دەۋر روھى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» دەپ ماختاشتى ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ گېزىتلىرى ھەبىبەنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى.
ھەبىبە 1986 - يىلى مەملىكەتلىك ياش ئۇسسۇل مۇتەخەس-سىسلىرى تەركىبىدە يۈننەن ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭچىلەردىن ھال سوراش ئويۇنى قويۇشقا قاتنىشىپ، گۇمبۈرلەپ ئېتىلۋاتـ-قان توپ - زەمبىرەك ئاۋازى ۋە ئۇرۇش ئىس تۈتەكلىرى ئىـ-چىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «يۈرەك شادلىقى» ۋە «لەپەر» لەرنى زوق - شوخ بىلەن ئويناپ، ۋەتەن، خەلقنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمان جەڭچىلەرگە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن يەتكۈزۈش ئارقىلىق، جەڭچىلەرنىڭ روھى-غا ئىلھام بېرىپ، كۈچىگە كۈچ قوشتى. شۇ يىلى ھەبىبە يەنە شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە ئۇخەن تەرەپتىكى جەڭ-چىلەردىن ھال سوراشقا بېرىپ، ھەركۈنى ئۈچ، تۆت قېتىمدىن ئار-تۇق ئويۇن قويدى، ھەتتا بىر ئىستىھكامدا ئىككى - ئۈچ جەڭچى بولسىمۇ، نەچچە كىلومېتىر يول يېسىپ، شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، جەڭچىلەرگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.
1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلى-قىنىڭ 30 يىللىقىنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ساھەلەر بايرامغا ئاتاپ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق سوۋغىلىرىنى تەييارلىدى. شۇ قاتاردا سەنئەت ساھەسىمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى

دىن كېيىن شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «تەڭرى تاغ شادلىقى» دېگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى تەييارلىدى. بۇ تىياتىرنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى مۇرەككەپ، كۆپ ئۆزگىرىشلىك بولۇپ، ئۇنى ئورۇنداش بىر قەدەر جاپالىق ئىدى، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ناخشا - ئۇسسۇللۇق تىياتىردا ھەببىبە تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن باش قەھرىمان گۈلباھارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ تەشكىلىنىڭ ھەم ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك تەقدىرنامىگە ئېرىشتى.

ئۇلۇغۋار غايە، قايتماس ئىرادە كىشىنى كەسپىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. ھەببىبەنىڭ قەلبىدە ئۆز خەلقىنىڭ سەنئىتىدىكى شان - شۆھرىتىنى ئۇسسۇل ئارقىلىق دۇنياغا يەنىمۇ ياخشىراق تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە جۇش ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئۆگەندى. ئۇ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپتە كامالەتكە يېتىش يولىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى بايقاپ ۋە ئۇنى تولۇقلاپ ئۆزتالانتىغا، ئۆز ماھارىتىگە تايىنىپ ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇ بۇ يولدا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن كېچىشكىمۇ جۈرئەتلىك بولدى. ھەببىبە كەمتەر، ئاددىي - ساددا بولۇپ، تەشكىلىي ئىنتىزامدىمۇ ئىزچىل ياخشى بولدى، شۇنداق بولغاچقا 1975 - يىلدىن بۇيان داۋاملىق ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

*　　　*

پۈتۈن ئوي - پىكرىنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشقا قاراتقان ھەببىبەدەك بىر كەسىپ ئىگىسىگە نىس-

بەتەن ئېيتقاندا، بىر ئارمانغا قول يەتسە، ئىككىنچى ئارمان تۇغۇلدۇ.

ھەبىبە: «سەنئەت ئارتىستىن كۆپ خىل ماھارەتنى، ئەتراپلىق يېتىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمدى مەن پەقەت باشقىلار ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللارنىلا ئويناپ، خەلقىمگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى بىر ئۇسسۇل ئارتىسىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى دەۋرنىڭ، يېڭى تۇرمۇشنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى، يېڭى كىشىلەرنىڭ يارقىن ئوبرازىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەپىس ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، خەلققە تەقدىم قىلغۇچى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز خەلقىمگە ۋە باشقىلارغا ئىستېتىك زوق بېغىشلىغۇچى بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ئارتىس بولۇشنى ئارزۇ قىلماقتىمەن ۋە بۇ يولدا ئىزدەنمەكتىمەن.» دەيدۇ، بۇندىن كېيىنكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ.

بىز ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. قېنى، غەلىبە يار بولسۇن سىزگە ھەبىبە.

# ئىخلاسمەن ئۇسسۇلچى، ئىجتىھاتلىق تەربىيىچى

**ئا. تۇردى**

تەڭرىتاغنىڭ چەكسىز ئېتەكلىرىدە ئەسىرلەر بويى تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر ئېچىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس خۇش پۇراقلىرىنى چاچقىنىدەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت بېغىدا پارتىيە، خەلقىنىڭ قېتىرقىنىپ پەرۋىش قىلىشى — تەربىيىلىشى بىلەن رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ۋە خۇش پۇراق چېچىپ ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. ئىخلاسمەن ئۇسسۇلچى، ئىجتىھاتلىق تەربىيىچى قەمبەرنىسا ئەھەت ئەنە شۇنداق گۈللەرنىڭ بىرى.

قەمبەرنىسا ئەھەت 1940 - يىلى، قارا شەھەردە بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1953 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قارا شەھەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىسلىققا قوبۇل قىلىندى. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى باشلاندى. ئۆگىنىش ۋە رول ئېلىش ماھارىتى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئىگە بولغاچقا ئۇ 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىندى. 1959 - يىلغىچە بىر ياقتىن ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ھاجى راخمان، زەينەپ سىدىق، ئامىنە يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرسە، يەنە بىر ياقتىن ئۆمەك بىلەن بىللە ئامما ئارىسىغا بېرىپ، خەلق ئىچىدىكى سەنئەت بايلىقلىرى بىلەن

تونۇشتى، ئاممىدىن ئوزۇق، ئىلھام ئالدى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇسسۇلچىلار قاتارىغا ئۆتتى.

قەمبەرنىسا ئالدى بىلەن دۇنيا ياشلار فېستىۋالىدا «قوغۇنچىلىق» ئۇسسۇلىنى ئويناپ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاممىنە يۈسۈپنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىتىشى، ياردەم بېرىشى بىلەن «قوغۇنچىلىق» ئۇسسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرەكلىرىدە يالغۇز ئويناپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. 1957 - يىلى مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە «قەشقەر سەنىمى»، «جۇلا»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇللارغا قاتناشتى. بۇ نومۇرلارنى رەئىس ماۋزېدۇڭ، جۇدې قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى كۆردى.

قەمبەرنىسا كەسپىي ماھارەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ شۆھرەت قازانغان مەزگىللەردە «كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇپ، ئۆگىنىشنى، مەشقنى، يېڭىلىق يارىتىشنى بوشاشتۇرماي، ئۆز ماھارىتىنى كۆپ تەرەپلىمىلىك، بەدىئىيلىكى ۋە ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك ماھارەت قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇسسۇلچىلىقتا كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا قاتنىشىش بىر ئىش، بىر قىسىم بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى يالغۇز ئورۇنداش بىر ئىش. كېيىنكىسى ئۇسسۇلچىدىن يۇقىرى ماھارەت، يۈكسەك غەيرەت - شىجائەتنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، قەمبەرنىسا 60 - يىللارغا قەدەم قويۇش ئالدىدا «پىلىچىلىك ئۇسسۇلى»، «ئوشاقنىڭ مەرغۇل ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، قازاقچە «ئات بېقىش ئۇسسۇلى»، «ئەمگەك ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى يالغۇز ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

قەمبەرنىسا ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز



مىللىتى، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى، زامانىۋى ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئوبدان ئورونداپلا قالماستىن، قېرىنداش ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ نادىر سەنئەت مەنبەلىرى ۋە تەجرىبىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئورۇنداپ كەڭ جامائەتكە ئىستېتىك زوق بېغىشلىدى. ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. مەسىلەن، 1956 - يىلى قەمبەرنىسا جۇڭگو ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ تۈركمەن ئۇسسۇلى «ماشالەك»، ئەزەربەيجان ئۇسسۇلى «يۇرتۇم ئاۋات». قازاق ئۇسسۇلى «ئاق تاماق»، ئۆزبېك ئۇسسۇلى «لەرزان»، قىرغىز ئۇسسۇلى «كەشتە تىكىش»، تاجىك ئۇسسۇلى «ئۇكرائىن تانسىسى» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، سەھنىدە يالغۇز ياكى كوللېكتىپ ئويناپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. جۈملىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ نادىر ئۇسسۇل سەنئەت نومۇرلىرىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەشرىپى»، خەنزۇچە «بېيجىڭ چېيى»، خۇيزۇچە «نىڭشيا ئاياللىرى»، زاڭزۇچە «كىر يۇيۇش»، موڭغۇلچە «ئوردوس ئۇسسۇلى»، قازاقچە «قىز قوۋار»، چاۋشيەنچە «دۇمباق ئۇسسۇلى»، «يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلى»، رۇسچە «ئاققۇ ئۇسسۇلى»، جۈملىدىن ھىندىستانچە، مىسىرچە ئۇسسۇللارنى، ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئورۇنداپ، مىللەتلەر دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. شاڭخەي، گۇاڭجۇ، خەينەنداۋ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكە - شەھەرلەردە ئارمىيە، خەلققە ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپ قېتىم مۇكاپات ۋە تەقدىرنامىلەرگە ئېرىشتى.

قەمبەرنىسا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1959 - يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت سىنىپىغا ۋە سۇجۇغا بېرىپ، ئىچكىرىدە ئېچىلغان ئۇسسۇل ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بىلەن ئۇسسۇل ماھارىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى بېيىتتى.

قەمبەرنىسا 34 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ

ئىلھامى بىلەن، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، تەييار ئۇسسۇللارنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئويناپلا قالماستىن، بىر قاتار بەدئىيلىكى ئۇستۈن، مەزمۇنى مول ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، ئۇ «خوتەن سەنمى» دىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىپ ئۆزى ئوينىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كەڭ ئاممىغا كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزى «كۆرگىلى كەلدىم»، «سىرلىق تاغقا ساياھەت»، «گۈلمەرەم»، «گۈل رومال»، «قارايدۇ قارا كۆز»، «كەشپىياتچى يىگىت» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. ئۇ ئورۇندىغان «ئەتلەس توقۇغۇچى قىز» «گۈل رومال»، «كۆرگىلى كەلدىم» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئۈرۈمچى شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك ۋە مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكلىرىدە مۇكاپاتلاندى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق كۆرسىتىلدى، جۈملىدىن ھەرقايسى ئۆمەكلەر ئارا كەڭ تارالدى.

قەمبەرنىسا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈنىدە ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ كوللېكتىپ ناخشا - ئۇسسۇل پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان 500 نەپەر ئۆسمۈر بالىنى تەشكىللەپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئىجاد قىلىپ ۋە ئۇلارغا ئۆگىتىپ، مەيداندا ئويناتتى... بايرامنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

قەمبەرنىسا جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاممىۋى ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا ئۇسسۇل رېژىسسورى ھەم ئۇسسۇل مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قەمبەرنىسا گەرچە سەنئەت ساھەسىدىكى پېشقەدەملەردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ياش - ئۆسمۈر ئۇسسۇل ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلماقتا. ئۇ ئوتتۇزنەچچە يىل سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا كۆپ قېتىم يېزا - قىشلاقلارغا، چېگرا رايونلارغا بېرىپ، ئاممىنىڭ سەنئەت بايلىقلىرى، بىلەن تونۇشتى، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى،

خەلق ئۇسسۇللىرى، خەلق قوشاقلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. ئۆگەنگەنلىرىنى توپلاپ ـ رەتلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا سۇندى ۋە شۇ ئاساستا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسلىق پۇت ـ قول ھەرىكەتلىرى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى پۇت ـ قول ھەرىكەتلىرى قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى ۋە تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتتى. ئۇ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىرمۇنچە ناھىيىلىرىگە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، قاراماي قاتارلىق جايلىرىدا ئېچىلغان سەنئەت كۇرسلىرىغا بېرىپ كۆپ قېتىم دەرس ئۆتتى. جۈملىدىن، ئۇ «سەنئەتنى سەنئەت بىلەن، مەدەنىيەتنى مەدەنىيەت بىلەن تولۇقلاش» دېگەن چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆز ئىدارىسىگە ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، ئۆسمۈر ـ باللارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە لازىملىق سايمانلارنى سېتىۋېلىپ تولۇقلىدى. مىللىي سەنئەت پائالىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، بېيىتىش يۈزىسىدىن ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە بېرىپ سەنئەت سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتتى. 1984 ـ يىلى چېڭدۇدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك ئۆسمۈر ـ باللارنىڭ بىر كېچىلىك ئۇچرىشىشىغا شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇچرىشىشقا ئاتاپ «تۇرپان ئۈزۈمى تاتلىق»، «چىن دوستلۇق»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» قاتارلىق ناخشىلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، باللارغا ئوينىتىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

بىز يۇقىرىقىلاردىن قەمبەرنىسا ئەھەتنىڭ ئىخلاسمەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى، ئىجتىمائىي ئۇسسۇل تەربىيىچىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈل چېكىپ بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

# تىرىشچان ئۇسسۇل ئارتىسى

ئا. ئۆمەر

شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلىقى توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېخىمۇ بېيىتىش ۋە تەتقىق قىلىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن داڭلىق ئۇسسۇلچىلار، ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرى، ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس.

بىلقىز ئابدۇقادىرمۇ يىگىرمە ئالتە يىل ئۇسسۇل سەھنىسىدە جەۋلان قىلىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم ئۇسسۇل ئارتىسى ۋە ئۇسسۇل يېتەكچىلىرىدىن بىرى.

بىلقىز ئابدۇقادىر 1946 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1953 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە قەشقەردە ۋە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىدا ئوقۇپ، ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان.

بىلقىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىق ھاياتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ باي مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش. ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۇنى ياخشى شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن قىلدى.

ئۇ پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ جاپاغا چىداپ مەشىق قىلدى، ئۇسسۇل ھەرىكىت-



نىڭ شوخ، رىتىملىق بولۇشىغا، ئۇسسۇلدىكى ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇر، مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

ئۇ دەسلەپتە «جۇلا سەنىمى»، «قەشقەر سەنىمى»، «جانان چىندە بېيجىڭ چىبىي»، «تەنتەنە»، «مەشرەپ» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇللارغا چىقىپ، ئۇسسۇلدىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن رەھبەرلەرنىڭ، ئاممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلار ۋە كەسپداشلىرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن «قىزىل گۈل ئۇسسۇلى»، «ئايال مىنبىڭ»، «گىلەمچى قىزلار»، «بايرام خۇشاللىقى»، «شىنجاڭ ياخشى» قاتارلىق ئۇسسۇللاردا ئاساسىي رولدا — ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇسسۇل ماھارىتىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

داۋاملىق تىرىشىش، جاپالىق مەشىق قىلىش، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ئاخىر ئۇنى سەھنىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلدى.

ئۇ يالغۇز ئوينىغان «دولان سەنىمى»، «ناغرا ئۇسسۇلى» «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «ناۋانىڭ جولاسى» «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار بېيجىڭدە ۋە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە ياخشى باھاغا ئېرىشتى ۋە تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

بىلقىز تۆۋەنگە چۈشكەندە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمىدى، ئاممىدىن ئۆگەندى، ئامما بىلەن سىرداش - دوست بولدى. تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن قويۇشنى چېنىقىشنىڭ، ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ قارىدى. دېھقانلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئۇنىڭ ئۇسسۇل كۆكىدە تېخىمۇ پەرۋاز قىلىشىغا ئىلھام بەردى.

بىر ئارتىس ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۆز رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەلۋەتتە. بىلقىز بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ «گۈلەمخان»، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»، «ياشىسۇن خەلق گۇڭشېسى» قاتارلىق دراما، ئوپېرالاردىمۇ رولغا چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش، ۋەتەنگە، مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئۇزۇندىن بۇيان بىلقىزنىڭ قەلبىنى دولقۇنلىتىپ كەلگەنىدى. 1982 - يىلى بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ دوستلۇق يۈزىسىدىن ھال سوراش - ئويۇن قويۇش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ تۈركىيە، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى. ئۇ تۈركىيىدە «چىنە - تەخسە ئۇسسۇلى» بىلەن «دولان ئۇسسۇلى» نى ئوينىغاندا، تۈركىيە تاماشىبىنلىرى: «ھەقىقىي قەشقەر قىزىكەن!» دەپ ماختاشتى. ئۇ شۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش جەريانىدا شۋېتسارىيە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

بىلقىز ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. 1978 - يىلى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى يولداش دودىك بىلەن بىرلىشىپ «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» دېگەن ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ 4 - ، 7 - پەردىلىرىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويىغا تەييارلانغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» نىڭ ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، سەييارە بىلەن بىرلىكتە يۈز ئون كىشىلىك «مۇقەددىمە» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى ۋە ئويۇن ئاخىرلاشقاندا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1987 - يىلى مەملىكەت بويىچە گۇاڭجۇدا ئېچىلغان ئاز-

سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەت كۇرسىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى ۋە بىلىمىنى ئاشۇردى.

بىلىقىز ئۇسسۇل تاياقچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش جەھەتلەردىمۇ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەرىپىدىن ئېچىلغان كۇرستا ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كۇرستا تەربىيىلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ھازىر ئۆمەكنىڭ تايانچلىق ئۇسسۇلچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1984 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ بويىچە غۇلجىدا ئېچىلغان تايانچ ئارتىسلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئۈچ ئاي يېتەكچىلىك قىلىپ، بىر قىسىم ئارتىسلارنى سەھنىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان ماھىرلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

بىلىقىز 1987 - يىلدىن باشلاپ كەسپتىن سىرتقى ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن ۋە ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

بىز بىلىقىز ئابدۇقادىرنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە يېڭىلىقلارنى يارىتىشىغا ۋە ئىز باسارلارنى تەربىيىلەشتە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

# ئۇسسۇل كۆكىدىكى يېڭى چولپان

ھەسەن ئېلى

1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى توكيو شە-
ھىرىدىكى يىساك فۇلازا تىياتىرخانىسىنىڭ زالى تاماشىبىنلار بىلەن
لىق تولدى. بۇ يەردە «تۆتىنچى قېتىملىق يىپەك يولى مۇزىكا
كېچىلىكى» نىڭ يېپىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو، سوۋېت ئۆزبې-
كىستانى، تۈركىيە ۋە ياپونىيە ئارتىسلىرى بىرلىشىپ ئويۇن قوي-
ماقچى ئىدى. بۇ، يىپەك يولى لىنىيىسىدە تارىختىن بۇيان كۆر-
مىڭ قېتىم بولغان كۆرەك، رىقابەتنىڭ 80 - يىللاردا ياپونىيە-
دىكى داۋامى، بىر قېتىملىق دۇنياۋى ناخشا - ئۇسسۇل ماھارى-
تى مۇسابىقىسى بولغاچقا، ھەرقايسى دۆلەت ئۆمەكلىرى جىددىي-
لىشىپ كەتكەن، ھەممەيلەن ئۆز نومۇرلىرىنىڭ قانچىلىك تەسىر
قوزغايدىغانلىقىنى تۈرلۈك قىياسلار بىلەن ئۆلچەمەكتە ئىدى.

مانا، ياپونىيىلىك ئېلانچىلىك قىز: «جۇڭگولۇق ئەڭ ياش
ئارتىس ئەڭ گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ» دەپ
ئېلان قىلغاندا، زالدا ھۆرمەت ئالقىشى ياڭرىدى. زامانىۋى
سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەلەمپەيلىك ئورۇندا ئارتىسلار قا-
تارىدا ئولتۇرغان غۇنچە بويلۇق، دومىلاق يۈزلۈك كەلگەن بىر قىز
ئورنىدىن تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، سەھنە
كەينىگە ئۆتتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، پېشقەدەم
راۋاپچى مىجىت ئىبراھىم سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ بەش نەپەر مۇ-
زىكانتىنى يېتەكلەپ، «ئاتۇش ئۇسسۇلى» مۇزىكىسىنى چالدى.
شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ھېلىقى قىز توز قۇيرۇقى شەكلىدى-



-كى قارامتۇل تاجا ۋە ئالتۇنرەڭ جىبەك تۇتۇلغان قارا دۇخاۋا جىلىتكە، يېڭىگە، ئېتىكىگە ئاق گاز رەختىن پۆرمە قىلىنغان قىزغۇچ رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، چېكىسىگە قىزىلگۈل قىسقان ھالدا سەھنىگە چىقىپ، لۋەن تەرەننۇم بىلەن «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى ئورۇنداشقا باشلىدى.

پۈتۈن زال تىمتاسلىققا چۆكتى. شۇ تاپتا تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بوستانلىقتا سۆيگەن يىگىتى بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ ھاياجان ئىلكىدىكى شادلىقى، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن قەلبى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلىرى چىۋەرلىك بىلەن ئورۇندىلىۋاتقان ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن نامايان بولماقتا ئىدى. ئۇسسۇلچىنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرىدىن، بەدەن جىلۋىسىدىن چىقىپ تۇرغان قايناق ھېسسىيات تاماشىبىنلارنىڭ خىيالىنى ھاياجان چىمەنزارلارغا، تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا ئېلىپ كەتتى... قىز ئۇسسۇلنى ئەپچىل ۋە يېقىملىق ھەرىكەت بىلەن ئاياغلاشتۇرغاندا، جىمىپ كەتكەن زالدا گۈلدۇرمامىدەك ئالقىش ياڭرىدى. تاماشىبىنلار «ياكشىمارۇ، ياكشىمارۇ!» دەپ ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. سەھنىگە ئارقا - ئارقىدىن گۈلدەستە تاشلىدى.

بۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللانىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەل سەھنىسىدە ماھارەت كۆرسىتىشى ئىدى. شۇ قېتىم تۆت دۆلەت ئارتىسلىرى بىرلىشىپ، ئوساكا، كوبې، ئوكىناۋا قاتارلىق ئوتتۇز شەھەردە ئويۇن قويىدى، ھەرقايسى شەھەرلەردە قويىلغان ئويۇندا دىلنار ئورۇندىغان «ئاتۇشى ئۇسسۇلى» ، «نىلوپەر پەرىشتىسى» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. ياپونىيە گېزىتلىرى دىلنارغا سەھىپىلىرىنى ئايىماي ئاجراتتى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرىنى قايتا - قايتا كۆرسەتتى، ھەرخىل ژۇرناللاردا ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چوڭاي-

تىلغان سۈرەتلىرى بېرىلدى. ياپونىيە مەدەنىيەت ۋازارىتىدىكى بىر ئەمەلدار دىلنارنى ياپونىيىدە ئوقۇتۇپ بېرىش تەلىپىنى قويدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئۈمىكىنىڭ باشلىقى دىلنارنى موسكۋادا ھەقسىز ئوقۇتۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى... دىلنار كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، ئۇ يۇرتىدىكى قەدىردان ئۇستازلىرىنىڭ ۋە سۆيۈملۈك ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەپ تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

دۇنيا سەھنىسىگە تۇنجى قېتىم چىققان ئون توققۇز ياشلىق قىزنىڭ مۇنچىۋالا كاتتا ئالقىش - باھاغا ئېرىشىشىدىكى سىر نەدە؟

سىر ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلغانلىقتا، ماھارەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغانلىقتا!

دىلنار ئابدۇللا 1966 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ بوۋاق چاغلىرىدىن تارتىپ ئانىسىنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ دىلغا زوق ۋە مۇڭ بېرىدىغان ئاجايىپ سازلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. ئىرسىيەت، مۇھىت، ئاتا - ئانىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا كىچىكىدىنلا سەنئەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياق، زوق، مۇھەببەتنى قوزغىغانىدى. ئۇ ئايىغى چىققاندىن كېيىن، ئانىسىغا ئەگىشىپ سابىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل دراما جۈيۈەنىنىڭ رېپېتىتسىيە زالىغا چىقىپ، ئۇسسۇل مەشقى قىلىۋاتقان ئارتىسلارنىڭ ھەرىكىتىگە سائەتلەپ تىكىلىپ ئولتۇرىدىغان، كەچتە ئۆگەنگەن، كۆرگەنلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا ئورۇنداپ بېرىدىغان بولدى، كېيىنچە ئانىسىنىڭ تاپوشكىسى (بالېت ئويۇنىدا كىيىدىغان ئاياغ) نى كىيىپ «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» دىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدىغان بولدى. ئاتا - ئانىسى خىزمەتتە ئالدىراش بولغاچقا، دىلنارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق باللار باغچىسىغا بەردى. دىلنار باغچىدا سەنئەت ئۈمىكىنىڭ كىچىك ئارتىسى بولدى.

تۆت ياشقا كىرگەندە «قەھرىمان ئوغۇل-قىزلار» ناملىق فىلىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، فىلىمدىكى قىزچاقنىڭ رولىدا ئاۋاز بەردى. بەش ياشقا كىرگەندە دادىسى ئابدۇللا ھامۇتتىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە باشلىدى. كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئەپچىل ئولتۇرۇپ دۇتارنى تىرىڭشىتىۋاتقان، بەزىدە قولى ھېرىپ قالسا، دۇتارنىڭ بېشىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا ياتقۇزۇپ چېلىۋاتقان قىزىنى كۆرگەندە، ئابدۇللا ھامۇت قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا دۇتار چېلىشنى سائەتلەپ ئۆگىتىپ كېتەتتى، ئانىسى ھۆرىيەتمۇ تۈرلۈك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ، دىلنار سەككىز ياشقا كىرگەندە دۇتارنى رەسمىي چالالايدىغان، ئۇسسۇلنى كېلىشتۈرۈپ ئوينايدىغان بولدى. دىلناردىكى سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق ۋە كۈندىن-كۈنگە روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان بەدىئىي ئىستىدات ئابدۇللا ھامۇت بىلەن ھۆرىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇلار دىلنارنى مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىش يۈز بەردى.

1978-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىدىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچى كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئارىلاپ ئۇسسۇل سىنىپىغا بالا تاللىدى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان دىلنار ئاتا-ئانىسىغا ئۇقتۇرماي ئىمتىھان بېرىپ، تەييارلىق ئىمتىھانىدىن ئەلا باھا بىلەن ئۆتتى، رەسمىي ئىمتىھان ئالىدىغان چاغدا ئەھۋالنى ئانىسىغا مەلۇم قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يەتكۈچە دەرد تارتقان ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن قىزىدىكى قىزغىنلىقنى، ئىمتىھان ئالغۇچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىپى ۋە دەۋىتىگە قاراپ ئاخىر ماقۇل بولدى.

ئون ئىككى ياشلىق قىزىدىن ئايرىلىش ئاتا-ئانا ئۈ-

چۈن قانچىلىك ئېغىر كەلسە، سەبىي قىز ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. ئەمما ئۇسسۇلچى بولۇش ئارزۇسى ئۇنى يولدىن قايتۇرالمىدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى مۇنتىزىم بولۇپ، ئۇسسۇل نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي ماھارەت بىلىملىرىدىن باشقا مەملىكىتىمىزدىكى ئەللىك نەچچە مىللەتنىڭ ئۇسسۇلى ئۆگىتىلەتتى، دىلنار زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى، نۇرغۇن سەھەرنى يۈگۈرۈش، بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ مەشق زالىدىن چىقماي ئۆگەندى، مۇنداق قىزغىنلىق ۋە ئەستايىدىللىق ئۇنى كەسىپتە تېز ئالغا باستۇردى. ئادەتتە ئۇسسۇل دەرسىدە ماھارەتتە بىر قەدەر پىشقان، ھەرىكەتنى ياخشى ئوينايدىغانلار ئالدىنقى رەتكە تۇرغۇزۇلاتتى، ئارقا رەتتىكىلەر ئالدىنقى رەتتە تۇرغانلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ مەشق قىلاتتى. دىلنار تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ ئوتتۇرا رەتكە ياكى ئارقا رەتكە ئۆتۈپ قالمىدى. ئىدىيە - ئەخلاق جەھەتتىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى، مەكتەپكە كېلىپ ئىككىنچى يىلى شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قالماقچى بولدى. ئەمما دىلنار سەھنىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1982 - يىلى ئۇ ئوقۇشنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. دىلنار خىزمەت ئورنىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پىشقەدەم ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىدىن زەينەپ سىدىق ئىشلىگەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى «سىرلىما» سالامەت ئالىمجان ئىشلىگەن ئۆزبېك ئۇسسۇلى «يۈرەك شادلىقى» نى ئۆگەندى. دىلنار ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە پۇرىقىنى ساقلىغان ھالدا ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئۇسسۇللارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ماھارەت تەلىپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلدى. ئاساسىي ھە-

رىكەت شەكلى ۋە ماھارىتىگە ئائىت نەچچە يۈرۈشلۈك مەشق ھە-
رىكەتلىرىنى تەكرار مەشق قىلدى، ھېسسىياتىنىكى گۈزەللىكىنى، ھە-
رىكەتتىكى نەپىسلىكىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى، ئۆگەنگەن ئۇسسۇل-
لىرىنى سەھنىدە، تېلېۋىزوردا ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارغا تونۇلۇشقا
باشلىدى.

1984 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى كلاسسىك
ئۇسسۇللۇق تىياتىر «كۆسەن بەزمىسى» نى تەييارلىدى، بۇ ئۇس-
سۇللۇق تىياتىرنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان
بولۇپ، تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى ئىدى. تەشكىل دىلنارغا ئوغۇل
بالىنىڭ رولىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. دىلنار جىددىي
سىناقتا دۇچ كەلدى، ئەمما ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايى-
دىللىقى بىلەن رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، رەھبەرلىك ۋە
ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ سەھنە ھاياتى جاپالىق بولىدۇ. سەھ-
نىدە قىسقا ۋاقىتتا ئورۇندايدىغان بىر ئۇسسۇلنى تەييارلاش ئۈ-
چۈن ھەپتىلەپ، ئايلاپ مەشق قىلىشقا، تەر ئاققۇزۇشقا، جاپا
چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. دىلنار ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىلا مەشق، ما-
ھارەت ئۆگەندى. 1984 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ مەشق زالىدا مەشق
قىلىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ قولى سۇندى، ئومۇرتقا ئۇستى-
خىنىغا دەز كەتتى، ئەمما ئۇ تولۇق ساقايماي تۇرۇپلا ئاپتونوم
رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تى-
ياتىرى «ئۈچ ياش»نى فىلىمغا ئېلىش ئىشىغا قاتناشتى ۋە باش
رول ئالدى.

كېيىنكى مەزگىلدە دىلنار ئانىسى ھۆرىيەتنىڭ يېتەكلىشى
بىلەن «ئاتۇش ئۇسسۇلى» نى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە كىرىشتى،
«ئاتۇش ئۇسسۇلى» ئۇزاقتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئوينىلىپ
كېلىۋاتقان شۇنداقلا سەھنىدىن چۈشمەي كېلىۋاتقان كلاسسىك
خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسسۇل بىر ۋەزنىلىك تېكىست، كۆپ

شەكىللىك ھەرىكەت، ئۆزگىرىشلىك مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان
شۇنداقلا ئۇسسۇل ھەرىكىتى مۇزىكىغا زىچ جىپسىلاشقان، ئۇس-
سۇلنىڭ مىللىيلىكى بىلەن نەپىسلىكى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ھۆر-
يەت بۇ ئۇسسۇلنى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئوينىغاچقا ئاتقانلىقى
ئۈچۈن، ئۇسسۇلنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئۆزلەشتۈرۈپ، مول تەج-
رىبە توپلىغانىدى. بۇ ھال دىلنارنىڭ بۇ ئۇسسۇلنى پىششىق ئۆ-
گىنىۋېلىشقا پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئانىسىنىڭ
ئۆگىتىشى بويىچە «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نىڭ بارلىق ھەرىكەت شەك-
لى، ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ۋە ھەربىر ئاساسىي ھەرىكەت تەپسى-
لاتىنى بىرمۇ بىر ئۆزلەشتۈردى. گۈزەل، نەپىس ھەرىكەتلىرىنى
جانلىق، مول ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇپ، ئۇسسۇلنىڭ جەلپ قى-
لىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى.
«بىر ئارتىسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قايسى ئۇسسۇلنى ئوي-
نىسا، ئۆزىنى شۇ ئۇسسۇلدىكى ئاساسىي پېرسوناژ دەپ بىلىپ،
ئۇسسۇلغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىجادىي ئويناش بەكمۇ مۇھىم،
سەھنىدىلا ئەستايىدىل بولۇپ قالماي، مەشق زالىدىمۇ ئەستايى-
دىل بولۇش، ھەرىكەتنى ھېسسىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.
بۇ مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم» دەيدۇ دىلنار. ئۇ مۇشۇنداق قارى-
غاچقا، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى كۆپرەك ماھارەت ئىگىلەشكە، ئۆز
كەسپىدە تېخىمۇ كامالەتكە يېتىشكە بېغىشلاپ، باشقىلارنى ھەي-
ران قالدۇرىدىغان بەزى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئالايلى:
1985 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى مۇزى-
كا كېچىلىكى» جەريانىدا ھەرقايسى مېھمان ئۆمەكتىكىلەر ياپون
ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. ياپونىيە مۇزىكا جەمئىيىتى-
دىكى مەشھۇر بىر پروفېسسور جۇڭگو ۋە سوۋېت ئۆزبېكىستانى ئار-
تىسلىرىغا ياپونچە «ئالۇچا» ئۇسسۇلىنى ئۆگەتتى. باشقىلار يېرىم
كۈندە ئۆگىنىپ بولالمىغان ئۇسسۇلنى دىلنار بىر سائەت ئىچى-
دىلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ خوفۇ كىيىپ، يەلپۈگۈچ تۇتقان تەقىي -

تۇرقى، ياپون ئۇسسۇلچىلىرىدەك ئىچ مايماق پۇت ئېلىشلىرى، ھەرىكەتنى نەپىس، نازاكەتلىك ئورۇندىشى بۇ ياپونىيىلىك پروفېسسورنى ھەيران قالدۇردى.

سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ ئۇسسۇلچىسى مەلىكە ئەخمىدوۋا شۇ قېتىمقى مۇزىكا كېچىلىكىگە «نەمەنگان تەنەۋەرى» ناملىق ئۇسسۇل تەييارلاپ كېلىپ ئوينىغانىدى. دىلنار بۇ ئۇسسۇلنى سەھنە سىرتىدا تۇرۇپ ئۆگەندى ۋە مەلىكە ئەخمىدوۋا سەھنىدىن چۈشكەندە دىلنار بۇ ئۇسسۇلنى ئويناپ بېرىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

مەن دىلنارنى زىيارەت قىلغانىدا ئۇنىڭ بۇنداق چاققانلىقىغا قىزىققىنىم ۋە بۇ ئۇسسۇلنى قانچە كۈندە ئۆگىنىپ بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەلىكە ئەخمىدوۋا ئۇسسۇلنى سەھنىدە ئۈچ قېتىم ئورۇنداش جەريانىدىلا ئۆگىنىۋالدىم. بىرىنچى قېتىم ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكەت تەرتىپىنى ئېنىقلىۋالدىم، ئىككىنچى قېتىم ھەرىكەت ئۆگەندىم، ئۈچىنچى قېتىم ھەرىكەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندىم، — دېدى.

دىلنار ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇستازلىرىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ يېتەكلىشى، ياردەم بېرىشى بىلەن بىر كېچىلىك ئويۇن تەييارلاپ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ۋە كەسپداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ماھارىتىنى دوكلات قىلدى. ئۇ دوكلات ئويۇنىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى «تارىم گۈلى»، «نىلوپەر پەرىشتىسى»، «يىپەك يولىدىكى ساھىبخان»، ئۆزبېك ئۇسسۇلى «ئارزۇيۇم»، «راھەت»، چاۋشيەنچە «دۇمباق ئۇسسۇلى»، دەيزۇچە «بېلىق ئۇسسۇلى»، تاجىكچە «تاجىك بالىسى» ئۇسسۇلى، ياپونچە «ساكورا» ئۇسسۇلى ۋە ھىندىستان ئۇسسۇلىنى ئوينىدى. ئۆزى ساز چېلىپ ئۇيغۇر، خەنزۇ ياپون، پاكىستان ناخشىلىرىنى ئېيتتى. رەھبىرىي يولداشلار ۋە كەسپداشلىرى ئۇنىڭ بۇنداق ھەر تەرەپلىمە ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق

ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قەمبەرخان ھەيرانلىقىنى يو-
شۇرالماي: «مەن ھازىرغىچە بىرلا ۋاقىتتا سەككىز مىللەت ئۇس-
سۇلىنى ئوينىغان، ئۆزى ساز چېلىپ ناخشا ئېيتقان ئۇسسۇلچى-
نى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇ ھازىر شىنجاڭدىن چىقتى، چوقۇم پۈ-
تۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېدى. ھەقىقەتەن دىلنار مەم-
لىكەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1986 - يىلى دىلنار بېي-
جىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئۇسسۇل كۆرىكىگە قاتنىشىش-
قا تاللاندى. كۆرەكتە ئۇ ئورۇندىغان ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «ئار-
زۇيۇم» قىزغىن ئالقىشلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئۈچىنچى دەرىجى-
لىك ماھارەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ قېتىمقى كۆرەكتە شىن-
جاڭنىڭ نومۇرلىرىدىن پەقەت شۇ بىر نومۇر مۇكاپاتلىنىپ، دىل-
نار ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ شەرى-
پىنى ساقلاپ قالدى.

دىلنار مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىشتىن ھالقىپ خەلقئاراغى-
مۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ 1986 - يىل 12 - ئايدا
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەكىل-
لەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە چىقىپ ئو-
يۇن قويۇشقا قاتناشتى. 1987 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو ئازسان-
لىق مىللەتلەر سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە كاناداغا چىقىپ، ئۇي-
غۇر ئۇسسۇللىرىنى يەنە بىر قېتىم خەلقئارا سەھنىدە نامايان
قىلىپ، ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى سەنئەت با-
ھارىدا جانلىنىپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇۋاتقان ئۇسسۇل سەن-
ئىتىمىزنى نامايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، مە-
دەنىيەت تارقىتىش، دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئىشىغا تې-
گىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى. 1985 - يىلى ياپونىيىدە دىلنار بى-
لەن بىر سەھنىدە ئويۇن قويغان سوۋېت ئۆزبېكىستانى ئارتىس-
لىرى دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن دىلنارنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى

ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى نۇرغۇن كىشىلەرگە ماختاپ بەرگەن. ئۆزبېكىستاندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ناخشىچى خالىسخان ئۆزبېك ئارتىسلىرى ئاغزىدىن ئۇيغۇر ئارتىسىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىپتىخار بىلەن: «دىلنار ئابدۇللا چەتئەللەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ قويدى» دېگەن ۋە شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەندە دىلنار ئابدۇللانى ئالاھىدە يوقلاپ كۆز يېشى قىلغان. كۆز يېشى قىلغانلار يالغۇز خالىسخان ئەمەس، ياپونىيىلىكلەر دىلنار ئابدۇللانى ياپونىيىدىكى ئەڭ داڭلىق كىنو چولپانى ياكشىماروغا ئوخشىتىپ، ئۇنى «جۇڭگولۇق ياكشىمارو» دەپ گۈلدەستە تۇتقاندا، ئاشۇنداق كۆز يېشى قىلغان. كانادادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تورونتو مۇنارى ئۈستىدىكى ئايلانما زالدا ئۆزلىرىگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئۆگەتكەن دىلنار بىلەن خوشلاشقاندا، ئاشۇنداق كۆز يېشى قىلغان...

كۆز يېشى قەلبىنىڭ ئۈنسىز ساداسى. ئۇ سەنئەت كۆكىدە بالقىغان يېڭى چولپانىمىزغا ئوقۇلغان ئەڭ ياخشى مەدھىيە، دىلنار مەدھىيە سادالىرى ئىچىدە ئېسەنكىرەپ قالمىدى. قانائەتلەنمىدى، ئۇ تېخىمۇ يېڭى پەللىگە ئۆرلەش ئۈچۈن شىجائەت بىلەن تىرىشماقتا.

# تۆھپىكار ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسى

ئابلىمىت ئەمەت

ھىمىت مېھرۇللا 1940 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە بىر كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۇسسۇل ئويناشنى، ناخشا ئېيتىشنى، مۇزىكا چېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەمدە دائىم دېگۈدەك دۇتار، راۋابلارنى چېلىپ ئۆگە- نەتتى. خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل سورۇنلارغا قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى مېھرۇللا ئاخۇن سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بولۇپ دۇتار - تەمبۇر، راۋاب چالىدىغان بولغاچقا خەلق ئىچىدە ئىنا- ۋىتى بار ئىدى. ئۇ ئوغلى ھىمىتكە داۋاملىق ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتەتتى.

ھىمىت مېھرۇللانىڭ بالىلىق چاغلىرى ئەنە شۇنداق سەنئەت ئىچىدىلا ئۆتكەچكە ئۇنىڭدا سەنئەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قىزىقىش پەيدا بولغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە قەدەم قويۇشى بىلەنلا مەكتەپنىڭ ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىپ ھەرخىل سورۇنلاردا ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى، لەپەرلەرنى ئويناپ، بالىلارغا خاس كومېدىيىلەردە رول ئېلىپ جامائەتچىلىكنىڭ بالا ئارتىس دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەن. كېيىنچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن تاللىنىپ «ئۆگەي ئانا» ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى دراممىلاردا بالىلار رولىنى ياخشى ئىجرا قىلىپ ئاممى-



نىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

ھەمىت مېھرۇللا ئۇسسۇل جەھەتتىكى تالانتى، ئۇسسۇلغا خاس بەدەن تۈزۈلۈشى بىلەن تاللىنىپ شىنجاڭ شۆيۋەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى ئۇسسۇل سىنىپىغا كىرىپ كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەندى. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ كىردى. ئۆمەكتىكى پېشقەدەم ئۇسسۇلچى مەرھۇم ھاجى راخماننىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى - يېتەكلىشى بىلەن كەسپىي ماھارىتى تېز يېتىلىپ غوللۇق ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ 1959 - يىلى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەييارلىغان «تۇرپان ناخشىسى» دېگەن چوڭ تىپتىكى ئوپېرادا رول ئېلىپ ياخشى نەتىجە قازاندى. 1960 - يىلى ئۆمەك جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىرقانچە ئۆلكىلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويغاندا «قەشقەر سەنىمى»، «جۇلا ئانسامبىلى»، «خەلچىخان» قاتارلىق ھەجمى بىر قەدەر چوڭ نومۇرلاردا ماھارەت كۆرسىتىپ، قېرىنداش ئۆلكە خەلقلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ھەمدە كەسپىي خادىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. «ئالتۇن باشاقلار»، «ئانارخان»، «گۈلەمخان» قاتارلىق ئوپېرالاردا ئاساسلىق روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقتى. ھەمىت مېھرۇللا تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي بىلىم - سەۋىيىسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا تالانتلىق بىر ئۇسسۇلچى، تالانتلىق ئارتىس بولۇپ كۆزگە كۆرۈندى. ئۇ ئۇسسۇل ئويناشتىلا ماھارەت كۆرسىتىپ قالماستىن، ھەرخىل درامىلاردىمۇ رول ئېلىپ نەتىجە قازاندى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا سوۋغا قىلىپ تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «ياشىسۇن خەلق گۇڭشېسى» دا سەلبىي ئوبراز زومىگەرنىڭ ئوغلىنىڭ رولىغا چىقىپ ماختاشقا سازاۋەر بولدى.

ھەمىت مېھرۇللا ئىزچىل ھالدا تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسـ

ماتىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ كەلدى. 1982 - يىلى تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئۇسسۇل تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىگەندە قىلچە ئىككىلەنمىدى. سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىپ يۈرگەن بىر ئارتىس ئۈچۈن نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەقىقەتەن قىيىن ئۆتكەل ئىدى. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا مۇنداق بىر چوڭ ئىش ۋە چوڭ ۋەزىپىنىڭ ئالدىدا نەزەرىيە جەھەتتىن كۈچۈم يەتمەسمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدى. رەھبەرلىكنىڭ ئىلھام بېرىشى، يولداشلارنىڭ سەمىمىي ياردىمى بىلەن بۇنداق بىر ئۇلۇغ، شەرەپلىك خىزمەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىم لازىم دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ قەتئىي ئىرادە تىكلىدى. ئۇ، ئالدى بىلەن مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى، تېگىشلىك ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇسسۇل نەزەرىيىسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىپ نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئۇسسۇل مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇسسۇل تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى خەنزۇ، مىللىي يولداشلار بىلەن ئوبدان ماسلىشىپ ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى بىر قەدەر پىلانلىق ئورۇنداپ دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدى.

ئۇسسۇل نەزەرىيە تەتقىقات ئىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا ئۇزۇن يىل تۇتۇلمىغان ۋە يول ئېچىلمىغان بىر ئاجىز ھالقا ئىدى. ھازىر بۇ ئاجىز ھالقىدا كەڭ بىر يول ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون ئۈچ مىللەت خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ تۈرى، ئۇنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە رايون خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردە دەسلەپكى ماتېرىيال توپلىنىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك پىلان تۈزۈلۈپ تەكشۈرۈش خىزمە-

تى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

شىنجاڭدىكى ئون ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئۇسسۇل مۇجەسسەمى يېزىقچىلىق گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنىپ بىر تۇتاش ئىش باشلاندى. يولداش ھېمىت داۋاملىق ھالدا ھەرقايسى تارماقلارغا بېرىپ كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەركەزنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلدى. كۆپ قېتىم خەلق ئىچىگە بېرىپ ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەت خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي كېلىپ چىقىشى، تەرەققىيات جەريانى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى جەھەتلەردە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تارىخىي يازما خاتىرە مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلاردىكى ئۇسسۇللۇق ئوبرازلار بىلەن باغلاپ سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىقات قىلىش بىلەن بىر قۇر قول يازما ماتېرىيال توپلاپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئون ئىككى ۋىلايەت، قىرىقتىن ئارتۇق ناھىيە - شەھەر، يۈزدىن ئارتۇق يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ نۇرغۇن خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە رايون خاراكتېرىگە قاراپ ھەرخىل مەدەنىي ئۇسسۇللارنىڭ مەنبەيى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنى «سەنەم»، «شادىيانە»، «نازىركوم»، «ساما»، «دولان»، «تەقلىدى نىقابلىق ئۇسسۇللار»، «دىنىي تۈس ئالغان ئۇسسۇللار»، «سايمان ئۇسسۇللىرى»دىن ئىبارەت سەككىز تۈرگە ئايرىپ چىقتى. بۇ ھەقتە تەخمىنەن ئەللىك مىڭ خەتلىك ماتېرىيال تۇرغۇزۇپ، 1987 - يىل 12 - ئايدا ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشى ئۈچۈن سۇندى.

ھېمىت مېھرۇللانىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە 1984 -

يىلىدىن ھازىرغىچە ئىككى يۈز خىلدىن ئارتۇق خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ شەكلى ۋە ھەرىكەتلىرى سىنئالغۇغا ئېلىنىپ ئارخىپ قىلىپ توپلاندى. ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ھەرخىل خەلق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى توپلاندى. يولداش ھېمىت مېھرۇللا بۇ ماتېرىياللارنى يەنىمۇ تولۇقلاپ نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ ماتېرىيال تۇرغۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇسسۇل تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە 1990 - يىلىغىچە جىددىي ئىشلەپ، مەركەزنىڭ ئۇسسۇل مۇجەسسەمە خىزمىتىدىكى ئومۇم تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

# كۆپكە ماھىر ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچى

ئەخمەت ھاشىم

1986 - يىلى. گۈزەل بىر ئاخشام. ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كوچىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خەلق سارىيىنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ كەتكەن ھەيۋەتلىك زالىدا چەت ئەللىك مېھمانلار ۋە مەملىكەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»نىڭ ماھىر چەۋەندازلىرى ئورۇنداۋاتقان بىر - بىرىدىن ئېسىل ناخشا - ئۇسسۇللارنى كۆرۈپ ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانغا چۆمگەنىدى. ئۇلار مەمنۇن بولغان ھالدا باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتاتتى، گۈلدۈراس ئالقىشلارنى ياغدۇراتتى ... ئېلانچىلىك نومۇر ئېلان قىلدى. سەھنىدە غۇنچە بوي، زىلۋاغىنا بىر ئۇسسۇلچى پەيدا بولدى - دە، جاراڭلىق مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى لەرزان ئويناشقا باشلىدى. پاھ، ئۇنىڭ زىلۋا بويتۇرقى، ئۇچىسىدىكى نەپىس كەشتىلەنگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى كۆركەم كىيىم - كېچەكلىرى، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن بوستان چاچلىرى سەھنىگە نېمىدېگەن ياراشقان — ھە؟! تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇرۇۋەتتى. چۈنكى ئۇسسۇلچى ھازىر ئۆزىنىڭ شوخ، تېتىك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلىغا خاس نەپىس، سىلىق ھەرىكىتى بىلەن تاماشىبىنلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى ...

دەرۋەقە، ئۇسسۇلدا يالغۇز ھەرىكەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا ھەرىكەتكە ماسلاشقان مول تەسەۋۋۇر،

ھېسسىيات، جانلىق ئوبراز بولۇشى شەرت. «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى ئويناۋاتقان چېۋەر ئۇسسۇلچى بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئوبدان بىلسە كېرەك، شۇڭا ئۇسسۇلنى ئاجايىپ سىلىق، ئاجايىپ شوخ، بەكمۇ جىلۋىلىك ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى، ھەربىر ئىنچىكە ھەرىكىتى مۇزىكا رىتىمىغا زىچ ماسلاشقان بولۇپ، كۆڭلى سۈتتىنمۇ ئاق، خۇش خۇي، شوخ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ نازۇك ئىنچىكە ھېسسىياتىنى، جانلىق ئوبرازىنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۇسسۇلنى ئويناپ بولۇپ تاماشىبىنلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغان چاغدا ئالقىش ساداسى يەنە پۈتۈن زالنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى ...

بۇ ئۇسسۇلچى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق، تىرىشچان ئۇسسۇلچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى لەتىپە سىدىق ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە مەن يەنە ئۇسسۇلچى لەتىپەنىڭ «يەنئەن مېھمانخانىسى»، «خەلق تىياتىرى» قاتارلىق باشقا سەھنىلەردە يالغۇز «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نىلا ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىمۇ، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، رۇس قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ، چەت ئەل ئۇسسۇللىرىنىمۇ ۋە باليېت ئۇسسۇلىنىمۇ ناھايىتى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مەيلى قايسى مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىنى ئويناسۇن، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، خۇسۇسىيەت - خاراكتېرىنى ناھايىتى ئوبدان ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل كۆپ تەرەپلىمە ماھارىتى، تالانتى مېنى قىزىقتۇردى. مەندە لەتىپەنىڭ سەھنە ھاياتى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. لېكىن مۇۋاپىق پۇرسەت بولمىغانىدى. ئاخىر يېقىندا يولداش لەتىپە سىدىق بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. باشتا ئۇ ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىشنى ئانچە خالىمىدى.

— بىزدە نى - نى ئاتاقلىق، تەجرىبىلىك ئۇسسۇلچىلار



بار. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مەنبە تىلىغا ئالغۇدەك ھېچنېمە يوق. مېنى خىجىل قىلماڭ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئارتۇقچە كەمتەرلىك قىلىپ كەتمەڭ، سىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىغا قەدەم قويغىنىڭىزغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتىڭىزدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇز يىل بوپتۇ. بۇنى ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىت دېگىلى بولمايدۇ، — دېدىم مەن. مەن قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن لەتىپە ئىلاجسىز سەھنە ھاياتىدىن بەزى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. پارىڭىمىز چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتكە ئىگە، ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ يولدا قانچىلىك جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقىنى، قانچىلىك قان - تەر تۆككەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم...

* *

لەتىپە 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجا ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سېپىدە خىزمەتتە بولۇپ، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇلار خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. لەتىپەنىڭ بالىلىق دەۋرى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتتى. لەتىپە كىچىكىدىنلا ئەقىللىك، زېرەك، شوخ قىز بولۇپ، ناخشا ئۇسسۇلغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. كىنو، تىياتىرلاردا كۆرگەنلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ ئۆيدىكىلەرگە، ساۋاقداشلىرىغا دوراپ بېرەتتى. كىچىككىنە لەتىپەنىڭ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنىلا ئەمەس، باشقا مىللەت ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ شۇنداق ئوبدان كېلىشتۈرۈپ ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەممەيلەن ئۇنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. مەكتەپتىمۇ داۋاملىق سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، خېلى مۇرەككەپ ئۇسسۇللارنى ھېچقانداق تارتىنماي ئويناپ چىقاتتى. قىزى لەتىپەنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم ياراملىق

ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن دادىسى قىزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردى. لەتىپە 1958 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتە-پىنىڭ ئۇسسۇل كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى - دە، ئوقۇتقۇچىلىرى ساۋاقداشلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىمتىھان ئورنىغا باردى. ئىمتىھان بېرىشكە بارغان-لارنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئون، ئون ئىككى ياشلىق قىزلار ئىدى. ئىمتىھان ۋە تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن لە-تىپە سەنئەت مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. بۇ خۇش خەۋەردىن بېشى ئاسمانغا يەتكەن لەتىپە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ ئىمتىھان مەيدانىدا بىر نەچچە خىل ھەرىكەت-نى ئورۇنداۋاتقان ۋە ئۇسسۇللارنى ئويناۋاتقاندا ئاتاقلىق ئۇس-سۇلچى قەمبەرخانىم، زەينەپ سابىت قاتارلىق پېشقەدەم ئۇستاز-لارنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ۋە ئۇلار بۇ گۈدەك قىزدا بىر خىل يوشۇرۇن تالانتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. لەتىپە خۇشاللىقىدىن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ زىل ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئاپا، دادا! ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم. سەنئەت مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇپ، ئارتىس بولىدىغان بولدۇم!

بىراق لەتىپەنىڭ مىجەزى چۇس ئاپىسى خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ سېنى ھەرگىزمۇ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئارتىس قىلمايمەن. خام خىيال قىلماي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ! — دېدى.

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ گەپ گۈدەك لەتىپەنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بىلىندى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا دادىسىغا قارىدى.

— خاتىرجەم بول قىزىم، — دېدى دادىسى قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاپاڭغا ئاستا - ئاستا چۈشەندۈرىمىز، ئۇمۇ رازى بولىدۇ. ئارتىس بولۇش يامان ئىش ئەمەس. كەلگەندىلا ئادەم ئارتىس بولىمەن دەپمۇ بولالمايدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىلا بولساڭ، بۇ ناھايىتى قالتىس ئىش بوپتۇ قىزىم. بۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق.

دادىسىنىڭ گېپىدىن كېيىن لەتىپەنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئىش دادىسىنىڭ دېگىنىدەك بولدى.

لەتىپەنىڭ ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتى دەل چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش باشلانغان ۋە تەبىئىي، سۈنئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق يىللىرىغا توغرا كەلگەچكە شەرت - شارائىت ناھايىتى ناچار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشتا بەك قىينالغانىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ ناچارلىقىدىن، مەشىقنىڭ قىيىنلىقىدىن چىداشلىق بېرەلمەي ئوقۇش تاشلاپ كېتىپمۇ قالدى، لەتىپە بولسا سەنئەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي ئۆگىنىش، مەشق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. مەكتەپتە بالېت ئۆگىنىۋاتقان چېغىدىلا «تۆت كىچىك ئاققۇ»نى ۋە رۇمىنىيە، ئىسپانىيە، چېخسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئەينەن ئورۇنداپ چىقىپ ئۇستازلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قىسقىسى لەتىپە تۆت يىللىق ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. لەتىپە ئۆمەككە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ پېشقەدەم ئۇستازلاردىن، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى ۋە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قانداق رولنى تەقسىم قىلسا شۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلدى. لەتىپە

60 - يىللاردىلا «تامغىنى تارتىۋېلىش» ناملىق درامىدا پىئونېر قىز گۈلنىسانىڭ رولىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان ئىككى كىشىلىك «توقۇمىچى قىزلار» ناملىق ئۇسسۇلدا بەزىدە خەنزۇ قىزنىڭ بەزىدە ئۇيغۇر قىزنىڭ رولىنى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەييارلانغان كۆپ پەردىلىك ناخشا - ئۇسسۇل «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» نىڭ ھەممە پەردىلىرىدە پىئونېرلارنىڭ، ئۈزۈمچى قىزلارنىڭ، پاختىكار قىزلارنىڭ نۇقتىلىق ئۇسسۇللىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ساھەسىدە تالانتلىق ياش مايسا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

1967 - يىلى رەھبەرلىك «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئۆمەكتىن بىر گۇرۇپپا ئادەمنى بېيجىڭغا ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە لەتىپەمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۈچ ئاي جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى تەشكىلىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى ئۆگىنىپ كېلىپ، باشقا يولداشلارغا ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە داڭلىق «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئوينايدىغان قىسىملىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ داڭ چىقاردى. لەتىپە كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە سەييارە ئويۇن قويۇشلاردا تۆھپە يارىتىپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى.

لېكىن بالايى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن گويا ئەمدىلا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان چىرايلىق گۈلگە ئۇشتۇمتۇت ئۇششۇك تەگكەندەك بىر مۇنچە كەسىپداشلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭمۇ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلدى، لەتىپەنىڭ دادىسى سولچىل خاتا لۇشيەننىڭ قۇربانى بولدى. لەتىپە «ئەكسىل ئىنقىلابچىنىڭ پۇشتى» دېيىلىپ چەتكە قېقىلدى. كەمسىتىل-

دى. رولغا چىقىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، لېكىن لەتىپە پارتىيىگە ئامىنىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ مەيۈسلەنمىدى. ئۆز كەسپىدىن ۋاز كەچمىدى. بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تىرىشىپ، ئەمەلىي مەشىق قىلىش، ئۆگىنىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئايرىم ئادەملەر: «ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى تاشلاپ قويۇپ نوقۇل كەسىپ قوغلىشىۋاتىدۇ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا كىرىپ كەتتى، ۋەھاكازالار...؟ دەپ تەنقىد قىلدى. لېكىن غەيرەت - جاسارىتى قايناپ تېشىۋاتقان گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنىڭ بىھۇدە زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولغان لەتىپە: «مەشقنى توختىتىپ قويۇش — ئۆز - ئۆزۈمنى نابۇت قىلغان بىلەن، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن باراۋەر» دەپ قارىدى. شۇڭا باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە قارىماي مەشقنى كۈندۈزى قىلالمىسا كېچىسى، ئاشكارا قىلالمىسا يوشۇرۇن ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋەردى...

ئاخىر ئارزۇ قىلغان كۈنلەر يېتىپ كەلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇلۇپ ۋەتەندە ئىللىق باھار جىلۋە قىلدى. باشقا ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشقا كەسىپداشلىرى قاتاردا لەتىپەنىڭمۇ غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇسسۇل ئويناش، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش ئىشىغا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. بالايى - ئاپەتلىك يىللاردا بىكار ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكلىشى، سەپداشلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا كېچە - كۈندۈز تىرىشتى. جاپالىق ئىزدىنىپ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تارىخى، ئالاھىدىلىكى، باشقا مىللەت ئۇسسۇللىرىدىن پەرقى، بولۇپمۇ ئۇسسۇلنىڭ بەزى نەۋزەلىكلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى بەزى

ھەرىكەتلەرنى يېڭىلاشقا تېخىمۇ بېيىتىشقا بولامدۇ يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر مۇنچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

لەتىپە ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەييارلانغان چوڭ تىپتىكى «بايرام ئۇسسۇلى» نى ئىجاد قىلىپ «ئىپادىسى گەۋدىلىك، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن مۇكاپاتلاندى. «تەڭرىتاغ شادلىقى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ئالتىنچى پەردىسىدىكى يالقۇننىڭ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەم كوللېكتىپ ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئىشلەپ ئۆمەك تەرىپىدىن «ئوقۇتقۇچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن» دېگەن شان شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭخۇا ئاۋازى» سەنئەت كۆرىكىدە چەبىيات مۇقامىنىڭ جۇلا قىسمىغا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، مەرغۇلىغا ئۈچ كىشىلىك تەخسە ئۇسسۇلى ئىشلەپ چىقتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇسسۇلغا قاتناشتى. ھېكايە فىلىم «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى» دىكى ئوغۇل - قىزنىڭ ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قەدەر گۈزەل ۋە مۇرەككەپ بولغان «ئەللەي بالام»، «تەزە ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ۋە ئوينىغان يۇقىرىقى ئۇسسۇللىرىدا ھەرىكەت بىلەن ئىچكى ھېسسىيات ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەچكە بۇ ئۇسسۇللار ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

لەتىپە 1982 - يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە تۈركىيە، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. پاكىستان، فرانسىيە، شۋېتسارىيىلەردە زىيارەتتە بولدى. ئىستامبولدىكى ئون سەككىز دۆلەت قاتناشقان سەنئەت بايرىمىدا تاللىنىپ، ئاقشەھەردە ئېچىلغان «خوجا نەسـ

رىددىن» سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. ئۇ چەت ئەلدە بولغان مەزگىللەردە ئارام ئېلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، مىنۇت سېكۇنت ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي چەت ئەل ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز ئالغا باستى. نېمە ئۈچۈن ھەر خىل قىيىنچىلىق توسالغۇلارنى يېڭىپ، كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتنى ئىگىلىيەلىدى؟

بۇ يەردە ئالاھىدە بىر سىر يوق. پەقەت يولداش لەتىپە ھەر قانداق تالانتنىڭ جاپالىق مەشقتىن، تىرىشىش، تىرمىشىشتىن كېلىدىغانلىقىنى، ماھارەتنى كىتابتىن، پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئۆگىنىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئاممىدىن ئۆگىنىش لازىملىقىنى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش لازىملىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ، داۋاملىق يېزا - قىشلاقلارغا، زاۋۇت - كانلارغا، ئارمىيە ئىچىگە، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا بېرىپ تۇردى. ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزەتتى. مەسىلەن: «توقۇمىچى قىزلار» ئۇسسۇلىنى ئوبدان ئورۇنداش ئۈچۈن شىخەنزە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ بىر مەزگىل سېختا ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. «يايلاقتىكى مىنبىلىك» ئۇسسۇلىنى ئوبدان ئورۇنداش ئۈچۈن بىر مەزگىل ئارمىيە ئىچىگە كىرىپ جەڭچىلەر بىلەن ھەربىي مەشىقتە بىللە بولدى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك، تىنى ئاجىز بولغاچقا ئېغىر مىلتىقنى بىر قولدا كۆتۈرەلمەي بەك قىينالدى ۋە خېلى كۈلكىگىمۇ قالدى. لېكىن ئۇ ئاخشىمى ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مىلتىقنى بىر قولدا كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشنى مەشق قىلدى. ئاخىر غەلىبە قىلدى. دېمەك ئۇ ئاممىدىن، تۇرمۇشتىن ئايرىلمىغاچقا ئوينىغان ۋە ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللىرىنىڭ مەزمۇنى ياخشى، گۈزەل، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ ئامما قىزغىن قارشى ئالدى. ئۆزىمۇ كەسپىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئاستا - ئاستا پىشىپ يېتىلدى. لەتىپە ھازىر ئوتتۇرا ياشلارغا

بىرىپ قالغان بولسىمۇ مەشق، چېنىقىشنى كۆپ تەرەپلىمە ماھا-
رەت يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتقاچقا بەدەن قۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق
چېكىنىش، ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ھېلىمۇ مەيلى پىئونېرلارنىڭ
رولىغا بولسۇن، مەيلى ياشلارنىڭ ياكى قېرىلارنىڭ رولىغا بول-
سۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقالايدۇ. قايسى مىللەتنىڭ ئۇسسۇلى
بولسىمۇ ئويناۋېرىدۇ.

بۇ يەردە يەنە يولداش لەتىپەنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ
كېتىشكە تېگىشلىك ئالاھىدە بىر تۆھپىسى بار. ئۇ سەھنىدە ئۆز
ماھارىتىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئارقا سەپتە ياش ئۇس-
سۇلچىلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئۇلارغا دەرس بېرىش
قاتارلىق تەربىيىچىلىك تەشكىلاتچىلىق خىزمەتلىرىنىمۇ تىرىشىپ
ئىشلەپ ئاساسىي قاتلامدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قىزغىن
مەدھىيىلىشىگە ئىگە بولدى. ئۇ خېلى ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچى
بولسىمۇ سەھنىدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىش خىيالىدا بولمىدى. باشقى-
لار بىلەن رول، سەھنە تالاشمىدى. بەلكى باشقىلار خالىمىغان
جاپالىق خىزمەت — ئاساسىي قاتلامدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ
تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى كەسپىي جەھەتتىن
تەربىيىلەپ چىقىش ئىشلىرىغا جان - دىلى بىلەن كىرىشىپ زور
نەتىجە ياراتتى ۋە ئۆمەك تەشكىلىگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.
1966 - يىلى ئۇ بايىنغولىن ئوبلاستىغا بېرىپ خوتونسۇمبۇل، خو-
شۇت ناھىيىلىرىدە ئالتە ئاي تۇرۇپ سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى
قۇرۇش، مۇستەھكەملەش، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى قۇرۇش، ئارتىس-
لارغا كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىنى تىرىشىپ
ئىشلىدى. شىنجاڭدا ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىگەن يېزا - قىشلاقلار،
مەكتەپلەر ناھايىتى ئاز قالدى. بۇ جەھەتتە بىز ئۆتكەن يىلى
قىشتىكى بىرلا ئىشنى سۆزلەپ ئۆتسەك يېتەرلىك بولار.

غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئانچە
ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈ-

دەك يېزىدىن كەلگەن. شۇڭا ئۇسسۇلچىلىرى ئاساسىي ماھارەت-
تىن خەۋەرسىز بولۇپ سەل مۇرەككەپرەك ئۇسسۇللارنى سەھنىگە
ئېلىپ چىقالمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتىسلارنى بىر مەزگىل
سىستېمىلىق تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلارنى يۇقىرى
ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن پۇل كېرەك. ئۆمەكنىڭ
ئىقتىسادى ئاجىز، مۇنداق ئەھۋالدا ئارتىسلارنى قانداقمۇ يۇقى-
رىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىگىلى بولسۇن؟ ئاخىر ئۇلار ناھىيىگە
يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، يىگىرمە
ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنى بىراقلا تەربىيىلەپ چىقماقچى ھەم
نۇرغۇن ئىقتىسادنى تېجەپ قالماقچى بولدى - دە، ئاپتونوم
رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بى-
لەن ئالاقىلەشتى. يۇقىرى ئورگانلار بۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇن-
لۇق دەپ قارىدى ۋە ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچىدىن لەتىپەنى غۇل-
جا ناھىيىسىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى. بۇ
چاغدا لەتىپەنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە قىش، سوغۇق. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىل-
مەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئاخىر ئۇ يەنە: «ناھى-
يىدىكى ياش ئارتىسلارنىڭ بىزگە ئېھتىياجى چۈشۈۋاتسا، بىز-
نى كېلىدۇ دەپ قاراپ تۇرۇۋاتسا، تەشكىل مېنى بەلگىلىسە مەن
بارمىسام توغرا بولامدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، قەتئىي ھال-
دا باراي» دېدى.

لەتىپە غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يېتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن-
مىز تۆمۈردەك ئىنتىزام بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. شۇڭا بى-
رىنچى كۈندىن باشلاپلا ئارتىسلارغا تەلەپنى قاتتىق قويدى.
ئارتىسلار لەتىپەنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت
بەشتە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سائەت يۈگۈردى. ئاندىن مەشق
زالىغا كىرىپ، بەدەن گۈزەللىكىنى ساقلايدىغان مەشقلەرنى ئىش-

لىدى. تاماقتىن كېيىن دەرس ئۆتتى. ئۇ مەشق زالىغا باشقى-
لاردىن بۇرۇن كىرىپ مەشكە ئوت قالىدى. قاتتىق مەشق تەس-
رىدىن ئاغرىپ قالغانلارنى دوختۇرغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. بەزى
قىزلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. ئارتىسلارغا ھەم تەلەپ-
نى قاتتىق قويدى ھەم كۆيۈندى. ئۇنىڭ مۇنداق قىزغىن روھى-
دىن تەسىرلەنگەن ئارتىسلار غەيرەتكە كېلىپ قىيىنچىلىققا باش
ئەگمەي ئۆگىنىشكە ھەسسىلەپ قىزغىن كىرىشتى. ھايت - ھۇيت
دېگۈچە بىر ئايمۇ بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن
ئۇشتۇمتۇت لەتىپەنىڭ يولدىشىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى يەنە بىر
تەرەپتىن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۇنىۋان باھالاشنىڭ باش-
لانغانلىقى، دەرھال كەلمىسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە خەت كېلىپ
قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەمدىلا كەسپىنى سىستېمىلىق ئىگىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى
بىر تەرەپتىن ئۇستازى لەتىپەنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋات-
قان بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئېرى ئاغرىپ قاپتۇ بارماي بو-
لامدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىۋان باھالاش بولۇۋېتىپتۇ. بىزگە ئۇس-
سۇل ئۆگىتىمەن دەپ بۇ يەردە يۈرسە ئۇنىۋان ئالالماي قالما-
دۇ دېيىشىپ لەتىپەگە قايتىپ كېتىشكە مەسلىھەت بەردى.

— ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى ئۇ ئو-
قۇغۇچىلىرىغا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، — مەن گەر-
چە مۇشۇ ناھىيىدە تۇغۇلغان بولسامۇ كىچىك ئايرىلىپ كەتكەچ-
كە بۇرۇن يۇرتداشلىرىمنىڭ سادىسىنى چۈشەنمەيتتىم. بۇ قېتىم
سىلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇش ئىچىدە خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا شۇنچە تىرىشىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ
قاتتىق تەسىرلەندىم. يولدىشىم ئاغرىپ قالغان بولسا ئۆيدە قا-
رايدىغان ئادەم بار. تەشكىل، يولداشلار بار. دەرسنى يېرىم يول-
دا تاشلاپ قويسام قانداق بولىدۇ؟ يولداشلارغا، مېنى بۇ يەرگە
ئەۋەتكەن تەشكىلگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ يولداشلىرىم ئۈچۈن

ئازراق جاپا تارتسام نېمە بوپتۇ؟
ئۇ مانا مۇشۇنداق قەيسەرلىك بىلەن دەرس ئۆتۈشنى دا-
ۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇنداق قىلىپ لەتىپە بۇ يەردە توپتوغرا ئۈچ
ئاي تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ ئارتىسلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئاساسەن، ئۇسسۇل نەزەرىيىسى مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلنىڭ مۇنا-
سىۋىتى، ئۇسسۇل ماھارىتى، بالېت ھەققىدە سىستېمىلىق دەرس
سۆزلىدى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئۆگەتتى. دېمەك بۇ ئۈچ
ئاي ئىچىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ھازىرقى
مىللىي ئۇسسۇل دەرسلىكىدىكى قىزلارنىڭ ئون ئۈچ گۇرۇپپا ئۇس-
سۇلىنى ئوغۇللارنىڭ سەككىز گۇرۇپپا ئۇسسۇلىنى تولۇق ئۆگىنىپ
بولدى. ئاخىرىدا ئىمتىھان ئالغاندى ھەممىسى لاياقەتلىك گۇ-
ۋاھنامىسى ئالدى. لەتىپە يالغۇز ئۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلا بولۇپ
قالماي ھەم ئىجادىيەتچى، ھەم مەسلىھەتچى رولىنىمۇ ئوينىدى.
ئۇ ئۇ يەردىكىلەرگە بىر كوللېكتىپ ئۇسسۇل، ئىككى يالغۇز كى-
شىلىك ئۇسسۇل ئىجاد قىلىپ بەردى. ئۆمەكنى قانداق باشقۇ-
رۇش ھەققىدە نۇرغۇن ياخشى پىكىر تەكلىپلەرنى بەردى.
لەتىپەنىڭ يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقى، زور نەتىجىلىرىدىن
ناھىيە رەھبەرلىرى، ئاما ئىنتايىن رازى بولدى. «ئىلى گېزى-
تى» 88 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنكى سانىدا پۈتۈن بىر
بەت ئاجرىتىپ لەتىپەنىڭ ئۈلگىلىك ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە
ئوبزور ئېلان قىلدى. ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ لەتى-
پەنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش پائالىيەتلىرىنى تېلېۋىزوردا مەخ-
سۇس كۆرسەتتى. بۇ، يولداش لەتىپەگە يۇرتىنىكى قېرىنداشلىرى
تەرىپىدىن بېرىلگەن سەمىمىي، ئەڭ زور مۇكاپات ئىدى.
لەتىپەنىڭ بۇ خىل ئىشلىرىنى سۆزلەپ كەلسەك ناھايىتى
كۆپ. ئۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا لەتىپەنى نامسىز قەھرىمان دېيىش-
كە بولىدۇ.

— پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ مېنى كىچىككىنە قىز ۋاق-

تىمدىن تارتىپ تەربىيلەپ بۆگۈنكى كۈندە مۇشۇنچىلىك ئادەم
قىلىپ چىققانلىقىنى، ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىنى ئويلىسام قولغا
كەلتۈرگەن بۇ ئىشلىرىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. لېكىن مەن تېخى
ياش ساغلام. تىرىشىپ كەسپىي ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈپ مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىمەن. ئۆمرۈم-
نىڭ ئاخىرىغىچە خەلقىمگە ئىشلەيمەن. خەلق ئۈچۈن ياشايمەن.
خەلق ئۈچۈن ئۇسسۇل ئوينايمەن. خەلق ئۈچۈن ئىجاد قىلىمەن.
مەيلى سەھنىگە چىقاي، مەيلى ئارقا سەپلەردە ئىشلەي ئوخشاشلا
خەلق ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ قاراپ زور نە-
تىجە يارىتىمەن، — دېدى. توغرا بىز لەتىپەنىڭ بۇندىن كېيىن
تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. خەلقىمىز لەتىپە-
گە ئوخشاش مۇشۇنداق ھەممىگە قادىر، ئىقتىدارلىق ئۇسسۇلچى-
لىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
سۈرەتلەرنى خاسىيەت رامزان تارتقان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

# بىزنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمىز

## (1)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8.5
قىستۇرما ۋارىقى: 30
1988 يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1989- يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 2,200
ISBN 7 — 228 — 00659—3/J·46
باھاسى: 6.60 يۈەن

责任编辑：阿·吾买尔
摄影：哈斯亚提·热玛扎尼
封面设计：热孜婉·吐尔迪

我们的舞蹈家（1）（维吾尔文）
本社编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本 8.5印张30插页
1988年11年第1版　1989年7月第1次印刷
印数：1——2,200

ISBN7-228-00659-3/J·46　定价：6·60元







ئەي مېنىڭ سۆيگەن جانانىم ئۇسسۇل،

قەلب ئۆيىگە مېھمانىم ئۇسسۇل.

تەشنا يۈرەككە ئارمانىم ئۇسسۇل،

كۆيگەن كۆڭۈلگە دەرمانىم ئۇسسۇل.

نىم شېھىت